مارك ھېرتسگارد (ئامېرىكا)




# بۈركۈت سايىسى

ئامېرىكا نېمە ئۈچۈن ئادەمنى ھەم جەلپ قىلىدۇ، ھەم نەپرەتلەندۈرىدۇ

Why America Fascinats And Infuriates The World

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

كىتاب 1



# مارك ھېرتسگارد

# Mark Hertsgaard

مارك ھېرتسگارد « مەتبۇئات ۋە رېگان ھۆكۈمىتى» ، «يەر شارى ئېپوسى» قاتارلىق تۆت كىتابنىڭ ئاپتورى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئاخبارات ئوبزورلىرى، «نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتى» ، «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» ، «نيۇ يورك مېھمىنى» ، «دەۋر» ، «ئاخبارات ھەپتىلىك ژۇرنىلى» ، «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» ، «دەۋر ھەپتىلىك ژۇرنىلى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇ يەنە جون خوپكىنس ئۇنىۋېرسىتېتى، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا نۇتۇق سۆزلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئامېرىكا جامائەت رادىئو تورىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئاپتورى. ھازىر سان ـ فرانسىسكودا تۇرىدۇ.



مارك ھېرتسگارد (ئامېرىكا)

# بۈركۈت سايىسى

ئامېرىكا نېمە ئۈچۈن ئادەمنى ھەم جەلپ قىلىدۇ ، ھەم نەپرەتلەندۈرىدۇ

Why America Fascinats And Infuriates The World

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلئەھەد ئابدۇرېشىت بەرقى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

鹰的阴影/(美)赫兹加德著;阿布来提·阿布都热西提译.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2004.8
ISBN 7—228—08458—6

Ⅰ.鹰… Ⅱ.①赫… ②阿… Ⅲ.政论—美国—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.D771.209

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 079901 号

责任编辑:热合曼·马木提
责任校对:再米拉·皮达伊
封面设计:艾克拜尔·萨利

鹰的阴影(维吾尔文)
(美)马克·赫兹加德 著
阿不来提·阿布都热西提 译

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号,邮编 830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐会仁祥印务有限公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 10.25 印张 插页 4
2004 年 8 月第 1 版 2004 年 8 月第 1 次印刷
印数:1—3000

---

ISBN 7—228—08458—6 定价:15.00 元

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت بولغان ئامېرىكىنىڭ خەلقى سىرتتىكى ئىشلارنى ناھايىتى ئاز ئويلايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە دۇنيانى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. 11 ـ سىنتەبىر تېررورلۇق ۋەقەسىدىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرى بىلەن ئەقىلدارلىرى ئامېرىكىنىڭ يەر شارى ئىستراتېگىيىسىنى قايتا ئويلىنىشقا باشلىدى. مارك ھېرتسگارد ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. ئۇ دۇنيانى ئايلىنىپ ، 15 دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئامېرىكىغا بولغان قاراشلىرىنى يىغىپ چىققان. ئۇ ئادەملەرنىڭ بىرىمۇ ئامېرىكىغا بولغان مۇرەككەپ ھېسسىياتلىرىنى، يەنى ئادەمنى ھەم جەلپ قىلىدىغان، ھەم غەزەپلەندۈرىدىغان تەرەپلىرىنى ئىپادىلىمەي قالمىغان.

ئامېرىكا دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېچىۋېتىلگەن دۆلەت، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىك ئېتىقادىنى باشقىلارغا كۆرسىتىشكە ئامراق. ئەمەلىيەتتە، ئۇلاردىكى ئەركىنلىك ئۆزلىرى ماختىغاندەك ئەمەس. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئۇنىڭ ئاممىباب مەدەنىيىتى پۈتۈن دۇنيانى قاپلاپ كەتتى، ئەمما ئۇنىڭ زوراۋانلىقى ۋە مۇتتەھەملىكى ئادەمنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدۇ. مارك ھېرتسگارد بۇ كىتابىدا ئامېرىكا خەلقى بىلەن چەت ئەللىكلەرنىڭ ئوخشاش «يەر شارى» نەزەرلىرى ئارقىلىق ئامېرىكىنى چۈشىنىپ بېقىشلىرى ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى كىشىنى قايىل قىلىدىغان ھەم چۆچۈتىدىغان پاكىتلار ئارقىلىق ئېچىپ تاشلىغان.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ئامېرىكىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى زوراۋانلىق قارىشى /1
جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئامېرىكا چۈشى /2
بىز بىزنى ياندىن كۆزىتىدىغان ئەينەككە موھتاج /5
ئۈچمەنلىككە سەل قارىغانلىق بەدىلى /9
ئاۋۋال ئوق چىقىرىپ، ئاندىن سوئال سوراش /16
يەر شارىلاشتۇرۇش = ئامېرىكىلاشتۇرۇش /23

ئىككىنچى باب بايلار باشقا بىر ئۇرۇق /32
«مېنىڭ سىلەردەك باي بولغۇم بار!» /33
ئامېرىكىلىقلار دۇنيانى چۈشىنەمدۇ؟ /36
بىر هويلىدىكى نامراتلار ۋە بايلار /44

چۈشىدە سەيلە قىلغانىدەك مال سېتىۋې-
لىش /51
راھەتپەرەسلىك ئاپىتى /58

**ئۈچىنچى باب**
**بەرھەق ئەركىنلىك /61**
قاھىرەدىكى سابىق مال ساتقۇچىنىڭ دېموك-
راتىيە قارىشى /62
كېنگۇرۇ سوتى /66
بارلىق ئەرلەر تۇغما باراۋەر /73
تارىخ ئۆلمەيدۇ ھەتتا مەڭگۈ ئاخىر-
لاشمايدۇ /81

**تۆتىنچى باب**
**ئونتۇغاق ئىمپېرىيە /93**
ئامېرىكىنىڭ تىلى بىلەن دىلىنىڭ بىر ئەمەس
لىكىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك /94
دوزاختىن كەلگەن ئەرز /106
ئامېرىكا، ھەققانىي ئىش قىل /119

**بەشىنچى باب**
**ئاخبارات ئەركىنلىكى /127**

ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن ئاخبارات
ئەركىنلىكى /128
ھۆكۈمەتكە تىمىز پۈككەن ئاخبارات ئەركىنلى-
كى /137
مەنىسىز كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان
ئاخبارات ئەركىنلىكى /144
يالغان سۆز ئىلھام بېرىۋاتقان ئاخبارات
ئەركىنلىكى /153

ئالتىنچى باب مۇقەددەس تەگرى ۋە مۇقەددەس ئەمەس
تەگرى /163
ھېچكىمنىڭ ئامېرىكىغا ماسلىشىپ بېرىش
مەجبۇرىيىتى يوق /164
تېخىمۇ ياخشى تاختا مۇشۇك ياسايلى /173
يېگىنىنىڭ قولىقىدىن تۆگە ئۆتكۈزۈش /183

يەتتىنچى باب كۆرگىلى بولمايدىغان سىنىپ ۋە ئالتۇن
ئالما /193
«يېشىل دالىدىكى پەرىشتە ئىزى» گىزنى

لايىھەلەڭ /194
يىراقتا تۇرۇپ ئالتۇن ئالمىنى
كۆزىتىش /199
تېخى ئاياغلاشمىغان رېگان ئېگى /206
كۆرگىلى بولمايدىغان سىنىپ/219

سەككىزىنچى باب ئامېرىكا دېموكراتىيىسىنىڭ تراگېدى-
يىسى /226
ئامېرىكىدىكى سايلامنى كۇبىاغا نازارەت
قىلدۇرۇش كېرەكمۇ؟/227
2000 ـ يىلىدىكى سايلام: زۆرۈر بولغان
ئەسلەش /235
يۇمشاق ئىئانە ۋە قاتتىق پۇل /242
ئامېرىكىدا نېمىشقا سولچىللار يوق؟/250
ئامېرىكا لىنكولىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن
يىراقلاپ كەتتى /256

توققۇزىنچى باب ئامېرىكىنى كلونلاش مۇمكىنمۇ /260
ئامېرىكا دۇنيانى بۇلغاۋاتامدۇ؟ /261

تېخىمۇ ئامېرىكىلىشىۋاتقان ياپونىيە /267
تەسىرگە ئۇچراش ھەقىقىدىكى ئازابلىق ئوي /272
راستىنلا بارغانسېرى ئامېرىكىلىشىپ كېتىۋاتامدۇق؟ /276
تۆۋەن قاتلاملىق رىقابەتنىڭ پارتلاش كۈچىدىن ھوشيار بولايلى /284

**ئونىنچى باب** **ئامېرىكا گۈزەلى** /291
مانا بۇ كەيىنكە ئولتۇرۇش كۈچى /292
21 ـ ئەسىرنى كۈتۈۋالايلى /300
يولنى تېخىمۇ يىراققا سالايلى /310

# بىرىنچى باب ئامېرىكىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى زوراۋانلىق قارىشى



# جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئامېرىكا چۈشى

دۇنيادىكى ماركىم ئادامىسقا ئوخشاش نۇرغۇن ئادەملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئامېرىكا بۇ دۇنيادىكى رېئال غايىۋى زېمىندۇر. لېكىن، ماركىم رېئاللىقتىكى بۇ مەۋجۇت ئامېرىكىنى مەڭگۈ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە قادىر ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئامېرىكىغا بېرىپ كەلگۈدەك پۇلنى مەڭگۈ غەملەپ بولالمايدۇ. لېكىن، بۇ ئۇنىڭ ئامېرىكىغا بولغان چوڭقۇر قىزىقىشىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

مەن ماركىم بىلەن 2001 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جەنۇبىي ئافرىقىدا ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ساياھاتكە ماڭغاندا تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغانىدىم. ئەينى چاغدا ئۇ باش ئاپتوبۇس شىركىتىنىڭ ماشىنا كالونىسىدىكى بىر شوپۇر بولۇپ، ئۇنىڭ ماشىنا كالونى جەنۇبىي ئافرىقىغا كەلگەن ساياھەتچىلەر ئۈچۈن شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى مەنزىرىلىك جايلارنىڭ ساياھەت قاتناش مۇلازىمىتى بىلەن شوغۇللىنىدىكەن. گەرچە بۇ شىركەتنىڭ مۇلازىمىتىنى ئەلا ۋە ئىشەنچلىك دەپ قارىغىلى بولمىسىمۇ خېلى ئەرزان ئىدى. مەن ماشىنىغا چىققان شۇ كۈنى ماشىنا دېڭىز ياقىسىدىكى يولدا شەرقتىكى دېبان تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. قۇياش ئۇپۇق سىزىقىغا باش قويغان بۇ گۈزەل مەنزىرە ئىچىدە كىشىلەر تۆت ـ بەشتىن بولۇپ ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشىۋاتاتتى. ئولڭ تەرىپىمىزدە ھىندى ئوكياننىڭ زۇمرەتتەك سۈيى ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا توختىماي ئۇرۇلۇپ بۇژغۇن چىقىرىپ تۇراتتى.

ماركىم 32 ياشقا كىرگەن ئادەم ئىدى، ئەمما پارقىراپ تۇرغان چىرايى ۋە قىزغىنلىق ئۇرغۇپ تۇرغان تۇرقىدىن بەكمۇ ياش كۆرۈنەتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ شوپۇر بولغانىكەن.

باللىق ۋاقتىدا دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرى بولسام دېگەن ئارزۇدىمۇ بوپتىكەن. ئۇ قىزغىن كەيپىيات بىلەن چۈشەندۈرۈپ: «ئەينى چاغدا مەندە ھەممە شارائىت تولۇق ئىدى، لېكىن ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمى ئارمانىمنى بەربات قىلىپ تاشلىدى» دېدى. ئۇ ھازىر ھەر كۈنى 14 سائەت خىزمەت قىلىدىكەن، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە موكىدەك قاتناپ تۇرىدىكەن. يول بويىدىكى مەنزىرىلەر شۇنچە گۈزەل بولسىمۇ ئۇنىڭ ئائىلىسىنى سېغىنىش ھېسسىياتىنى باسالمايدىكەن. ئۇ پەقەت ھەپتە ئاخىرىدىلا خوتۇن باللىرىنى كۆرەلەيدىكەن.

ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھازىرقى خىزمىتى ئىلگىرىكى خىزمىتىدىن ياخشى ئىكەن. ئۇ ئىلگىرى كىپتاۋۇن شەھىرىدە يولۇچىلار ئاپتوبۇسى ھەيدەپتۇ. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ بەش شوپۇر خىزمەتدىشى ماشىنا ھەيدەۋاتقاندا قارا جەمئىيەت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ بۇ خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىپتۇ. كېيىن قاتىللارنىڭ سوتتىكى ئىقرارىدىن قارىغاندا، ئۇلار تاكسى شوپۇرلار بىرلەشمىسىنىڭ خوجايىنلىرى تەرىپىدىن ياللىنىپ قاتىللىق قىلغانىكەن، ھەربىر ئۆلتۈرگەن ئادىمى ئۈچۈن 50 ئامېرىكا دوللىرى ھەققە ئېرىشىدىكەن. خوجايىنلارنىڭ مەقسىتى ئاپتوبۇسقا چىقىدىغان يولۇچىلارنى قورقۇتۇپ، تاكسىغا چىقىشقا مەجبۇرلاش ئىكەن.

— شۇنداق، مەن بۇ ۋەقەنى يۇرتۇمدىكى گېزىتلەرنىڭ خەۋىرىدىن كۆرگەن، — دېدىم مەن.

— سىز نەلىك؟ — دەپ سورىدى ماركىم.

ئۇ مېنىڭ ئامېرىكىلىق ئىكەنلىكىمنى ئاڭلاپ شادلىقتىن كۆزلىرى تېخىمۇ چوڭ ئېچىلدى ۋە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى:

— ئەسلىدە ئامېرىكىلىق ئىكەنسىزدە. دۆلىتىڭلارنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا بولغان تەسىرى بەكمۇ چوڭ.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدىم مەن، — ناچار تەسىرىمۇ ياكى ياخشى تەسىرىمۇ؟

— ئەلۋەتتە ياخشى تەسىرىدە. بۇ يەردىكى ھەممەيلەن ئامېرىكىغا، ئامېرىكىنىڭ مۇزىكىسى، كىيىم - كېچەكلىرى، ئامېرىكىچە تۇرمۇش شەكلىگە تەلپۈنىدۇ. ئامېرىكا دېگەنلىك چىرايلىق تۇرالغۇ، ئىلغار قاتناش، ئېسىل پىكاپ، يەنە بايلىق دېگەنلىكتۇر. ئامېرىكىلىقلار نۇرغۇن جەنۇبىي ئافرىقىلىقلارنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتى.

ماركىم كېيىنۋالغان جىك. دەننىبرىنىڭ كالتەك توپچىلار شەپكىسى، قارا رەڭلىك پادىچىلار شىمى، يېشىل رەڭلىك كەڭ ياقىلىق چاپىنىدىن بۇ نۇقتىنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تۇرقى نيۇيوركتىكى ياكى سان لويس كوچىسىدىكى ئادەملەردىن پەرقلەنمەيتتى. ماركىمنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ئامېرىكا ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ناخشا - مۇزىكا، كىنو - تېلېۋىزورلاردىن كەلگەنىكەن. ئۇ ئەڭ ياقتۇرىدىغان تېلېۋىزىيە پروگراممىسى كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «باتۇر ۋە ساھىبجامال» ئىكەن. مەن ئۇنىڭدىن يېشى چوڭراق ئادەملەر، مىسالى ئاتا - ئانىڭىز ئامېرىكىغا چوقۇنامدۇ؟ دەپ سورىدىم، ئۇ سەممىيلىك بىلەن «ياق، ئۇلار خرىستىئان مۇرىتى، ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى جەنۇبىي ئافرىقىغا خاس بولغان تۇرمۇش شەكلى» دەپ جاۋاب بەردى.

گۇگۇم چۈشتى. ماركىم ئائىلىسى تۇرۇشلۇق كېپتاۋۇن شەھىرى ھەققىدە پاراڭ سېلىشقا كىرىشتى. ھازىر ئۇنىڭ چىرايى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇبا سۈيى، توك بار ئىكەن، يوللار ئازادە ۋە تۈز ئىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ خېلى كۆپ قوشنىلىرىنىڭ مۇقىم خىزمىتى يوق بولۇپ، نۇرغۇن ئادەم جىنايى ئىشلار دېلوسىنىڭ تولىلىقىدىن ئەندىشە ئىچىدە ياشايدىكەن.

— جىنايەتچىلەر نامراتلارنى بۇلاپ - تالايدۇ، بۇ ئىشلار بىلەن

ساقچىلارنىڭ كارى يوق، — دېدى ئۇ.
بىز سۈكۈتكە چۆمدۇق. ئۇ ئامېرىكىغا ئالاقىدار ھەرقانداق ئىشقا قىزىقاتتى.
— بىلەمسىز كىن، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ھەرقانداق بىر شەھىرىدىكى كوچىدا دوستىڭلارنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ قويۇۋالغان ئىككى باندىتلار گۇرۇھى بار، — دېدى ئۇ.
— بىلمەيدىكەنمەن، — دېدىم مەن.
— يالغان ئېيتمىدىم. بۇ گۇرۇھنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ياش ئامېرىكىلىق، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى رەزىل ئامېرىكىلىق.
— ئۇلارنىڭ قانداق پەرقى بار؟
— «ياش ئامېرىكىلىقلار» ئامېرىكىلىقلارنىڭ كىيىنىشىنى دورايدۇ، «رەزىل ئامېرىكىلىق»لار ئامېرىكىلىقلارنىڭ مەرگەنلىكىگە چوقۇنىدۇ، — دەپ خىرىلداپ كۈلدى ئۇ.

## بىز بىزنى ياندىن كۆزىتىدىغان ئەينەككە موھتاج

ئامېرىكا ناھايىتى باي، شۇنداقلا ئۇرۇشقاق دۆلەت. بۇنى ئامېرىكا ھەققىدىكى ئەڭ ئىخچام باھا دېيەلمىسەكمۇ، دۇنيادىكى نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئامېرىكا ھەققىدىكى ئومۇمىي كۆزقارىشى دېمەي تۇرالمايمىز. مەيلى دوستىمىز ياكى دۈشمىنىمىز بولسۇن، مەيلى باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن، چەت دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئامېرىكىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچىدىن قورقۇپ تۇرىدۇ. ئامېرىكىنىڭ بايلىقى ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىپ تۇرسىمۇ تۈكۈرۈكىنى يۇتۇشتىن باشقا ئامالى يوق. بۇنداق كۆزقاراش بەلكىم بەزى ئامېرىكىلىقلارنى چۆچۈتۈۋېتەر. بىز ئۆزىمىزنى ئىشچان ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان مىللەت دەپ قارايمىز. بۇ مىللەت پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ياخشىراق كۈن كەچۈرۈشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا بىز

نورمىدىن ئارتۇق تۆھپە قوشۇش ئارقىلىق دۇنياغا ياردەم بېرىشكە رازى. بىز ئەركىن ۋە گۈللەنگەن تۇرمۇش شەكلىمىزدىن پەخىرلىنىمىز، مەغرۇرلىنىمىز. باشقا دۆلەت خەلقلىرىنىڭ نېمىشقا بىزدەك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىمىز. تۇنجى زۇڭتۇڭ جورجى ۋاشىنگتون ناھايىتى بۇرۇنلا: «بىز ئامال بار تاشقى دۇنيادىكى تالاش ـ تارتىشلاردىن خالىي تۇرۇشقا تىرىشىمىز، لېكىن زۆرۈر تېپىلغاندا قورال ئىشلىتىپ تۇرۇپ ناھەقچىلىككە قارشى تۇرىمىز. پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتەك نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەيمىز. بىزدىمۇ باشقا مىللەتلەردىكىدەك كەمچىلىكلەر يوق ئەمەس، لېكىن بىز دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ دۆلەتتە ياشاۋاتىمىز، دېگەن قاراشقا قەتئىي ئىشىنىمىز» دېگەندەك قاراشتىمىز.

قىياسىمچە، ماركىم ئادىمىس بۇ باھاغا قوشۇلىدۇ، بۇنداق كۆزقاراشتىكى ئادەملەر خېلى بار. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان 30 نەچچە دۆلەتتە سەيلە ـ ساياھەت ۋە خىزمەتتە بولدۇم، نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇلارنىڭ ئامېرىكا ۋە ئامېرىكىلىقلارغا بەرگەن باھاسى ناھايىتى يۇقىرى. ئەلۋەتتە، ئامېرىكىنى تەنقىد قىلىدىغان ئادەملەرمۇ يوق ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، بىر تەرەپتىن ئامېرىكىنى مەدھىيىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى تەنقىد قىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. مەن بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ ئامېرىكىنى ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن تەنقىد قىلغىنىنى ئاڭلىدىم. لېكىن، بۇ ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئامېرىكىغا بولغان مەپتۇنلۇق يوق ئەمەس.

مەن بۇ كىتابنى ئامېرىكا تېررورلۇق ھۇجۇمغا ئۇچراشتىن بۇرۇن يېزىشقا كىرىشكەنىدىم. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ساياھەت ۋە زىيارىتىمنى ئۈزۈپ قويمىدىم. بۇ كىتاب تونۇشى ھەر خىل، لېكىن ئۆز ئارا باغلىنىدىغان ئوقۇرمەنلەرگە قارىتىلغانىدى.

ۋەتەنداشلىرىمغا سایاھەت خاتىرىسى شەكلىدىكى بۇ دوكلاتنى سۇنۇپ «دۇنیانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئادەملەر بىزگە مۇنداق قارایدۇ» دېگەن ئۇچۇرنى يەتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئامېرىكىدىن باشقا جايلاردىكى ئوقۇرمەنلەرگە «بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ خەلقى قانداق ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەن مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئويىدا ئىدىم.

11 ـ سېنتەبىر تېرروزلۇق ۋەقەسى بىردەمدىلا دۇنيانىڭ ئامېرىكىغا بولغان كۆزقارىشىنى گەۋدىلەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن مەن كىتاب يېزىش ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان نىشان جىددىي زۆرۈرىيەتكە، قىززىق نۇقتىغا ئايلاندى، ئامېرىكىلىقلارنى ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى تەنقىد قىلىدىغان ھەرقانداق بىر گەپكە سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان قىلىپ قويدى.

11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدە 3 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر يىل جاراھەتنى ساقايتىشقا ئورۇنۇش ۋە قايتۇرما ھۇجۇمغا تەييارلىنىش جەرياني بولدى. ئامېرىكىلىقلار چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان كۆزقارىشىنى ئاڭلاشقا تەييارلىنىپ بولدىمۇ، يوق؟ چەت ئەللىكلەرنىڭ پىكرى مەتبۇئات ۋاستىلىرى بازارغا سېلىۋاتقان «نېمىشقا چەت ئەللىكلەر ئامېرىكىغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ؟» دېگەن مۇنازىرىدىن مۇرەككەپ، شۇنداقلا قىزىقارلىق ئىدى. چەت ئەللىكلەرنىڭ ئامېرىكا ھەققىدىكى كۆزقارىشى پۈتۈنلەي توغرا چىقىشى ناتايىن ھەتتا رېئاللىقتىن بەكمۇ يىراق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇلار غەزەپكە تولغان تەلۋىلەردىن ئەمەس، ئۇلار بىزنىڭ بايلىقىمىزغا ھەسەت قىلمايدۇ ھەتتا بىزنىڭ ھوقۇقىمىزدىن نەپرەتلەنمەيدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنى ئۇلارنىڭ بىردەملىك قىزىققانلىقى دەپ ئىزاھلاشقىمۇ بولمايدۇ. نوپۇزلۇق تەقرىزچىلەر بىلەن سىياسىيونلار تەشەببۇس قىلغان كەڭ كۆلەملىك قوراللىق ھۇجۇم ئۆزىنى سەممىي تەكشۈرۈش ئورنىغا ئالمىشىپ قالماسلىقى كېرەك. كۆپىنچە چەت ئەللىكلەر ئامېرىكىنىڭ ياخشى

تەرىپىنىلا كۆرۈپ قالماي يامان تەرىپىنىمۇ كۆرۈۋالغان. ناۋادا خالىساق ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىدىن نۇرغۇن كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇنداقتا ئامېرىكىغا قانداق قاراش كېرەك؟ چەت ئەللىكلەرنىڭ كۆزقارىشى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆزى كۆرەلمەيدىغان تەرەپلىرىنى ئەينەككە ئوخشاش ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ناۋادا ئامېرىكىلىقلار مۇۋاپىق پۇرسەتتە بۇنداق كۆزقاراشلاردىن خەۋەردار بولۇپ قېلىشى كېرەك دەپ قارالسا، هازىر دەل ئاشۇنداق ئەڭ ئېسىل پۇرسەت كەلگەن چاغدۇر. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن 11 ـ سېنتەبىر تېررورلۇق ۋەقەسى بىزنى يېڭىچە كۆز بىلەن ۋەتىنىمىزگە قايتا نەزەر سېلىشقا، باشقا دۆلەت كىشىلىرىنىڭ پىكرىنى تىڭشاپ بېقىشقا مەجبۇرلىدى. بىن لادىن بىلەن تالىبان هاكىمىيىتى خەلقئارادىكى ئاساسىي پىكىر ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئامېرىكىغا بولغان ئەشەددىي ئۆچمەنلىكى دۇنيادا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ. ئامېرىكىلىقلار خاتا هالدا تەجرىبە ـ ساۋاق يەكۈنلەپ قالماسلىقى، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى تۈپەيلىدىن مىللىي قىساسكارلىق كېسىلىنى يۇقتۇرۇۋالماسلىقى كېرەك. پاكىت شۇكى، دۇنيادىكى باشقا دۆلەت خەلقلىرى ئۇزاقتىن بۇيان هەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دۆلىتىمىزگە قارىتا قورسىقىدا غۇم ساقلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ غۇم ساقلىشى قىلچە ئاساسسىز ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، بۇش هۆكۈمىتىنىڭ «كيوتو ئەهدىنامىسى»گە ئەزا بولۇشنى رەت قىلىشى، «باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارشى تۇرۇش شەرتنامىسى» دىن چېكىنىپ چىقىشى، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىغا ئەزا بولۇشنى رەت قىلىشى دۇنيانىڭ ئامېرىكىغا بولغان ئەڭ كەسكىن تەنقىدىگە سەۋەب بولدى. بۇ تەنقىدلەر ئامېرىكا بىلەن قول تۇتۇشۇپ تېررورلۇق هۇجۇمىغا قارشى كۈرەش قىلغان دۆلەتلەرنىڭ داھىيلىرىدىن چىقتى. ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى تونى بىلايىر، گېرمانىيە زۇڭلىسى شىرودىر، فرانسىيە زۇڭتۇڭى ياك. شىراك

دەل مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ۋەكىلىدۇر.

چەت ئەللىكلەرگە نىسبەتەن ئامېرىكىنى ئالدىدا تەنقىد قىلىپ كېيىندە مەدھىيىلەش زىددىيەتلىك ئىش ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، باشقىلارنى شۇنداق مۇنازىرىگە سالغان بۇ خاراكتېر ئامېرىكىغا ناھايىتى كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچى بەرگەن. مەن بۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن دۇنيانى ئايلىنىپ چىقتىم. 2001 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ 11 ـ ئايغىچە ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق، ئافرىقا ۋە ئاسىيادىكى 11 دۆلەتتە قىسقا ۋاقىت توختاپ ئۆتتۈم. ئۇزاق مەزگىللىك ساياھەت جەريانىدا تەلىيىمگە يارىشا كەڭ كۆلەملىك ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەر خەلقىنىڭ ئامېرىكا ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىنى توپلىدىم. كۆپنى كۆرگەن سودىگەر، سىياسىي داھىي، ئۈمىدلىك ياشلاردىن تارتىپ، كۆپ تىللارنى بىلىدىغان تىلشۇناس، ساۋاتسىز دېھقان، ئىشچى، ئائىلە ئايالى، مۇخبىر، كۆچمەنلەرگە قەدەر ئۇچراشتىم. بۇ جەرياندا شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىمكى، ئۇلۇغ ئادەملەردىن تارتىپ ئاددىي ئادەملەرگىچە ئامېرىكىغا ھەۋەس قىلىدىكەن، شۇنداقلا ئامېرىكىدىن ئەندىشىمۇ قىلىدىكەن، ئامېرىكىغا قورقۇش ۋە ھەسەت نەزىرى بىلەن قارايدىكەن، ئامېرىكىغا مەپتۇن بولىدىكەن، شۇنداقلا ئامېرىكىنى كەمسىتىدىكەن. ناۋادا ئامېرىكا 11 ـ سېنتەبىر تراگېدىيىسىدىن غالىب كېلىشنى ئويلايدىكەن، شۇنداقلا 21 ـ ئەسىردە تۇرغان ئورنىنى چۈشىنىشنى خىيال قىلىدىكەن، دۇنيانىڭ ئۆزىگە بولغان مۇرەككەپ تەسىراتىغا، مەيلى بۇ تەسىرات ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، يۈزلىنىشى كېرەك.

## ئۆچمەنلىككە سەل قارىغانلىق بەدىلى

مەن 1991 ـ يىلىدىن باشلاپ دۇنيانى ئايلىنىشنى

باشلىغانىدىم. ئەينى چاغدا مەن «يەر شارىنىڭ ئېپوسى: پۈتۈن يەر شارىنى ئارىلاپ مۆھتىنىڭ كەلگۈسىنى ئىزدەش» ناملىق كىتابىم ئۈچۈن پۈتۈن يەر شارى مۆھتىنىڭ كەلگۈسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىۋاتاتتىم. مەن زىيارەت قىلغان 19 دۆلەت ئىچىدىكى زور كۆپچىلىك كىشىلەر ناھايىتى رازىمەنلىك بىلەن ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىگە ئائىت سوئاللىرىمغا جاۋاب بەردى. لېكىن، ئۇلارنىڭ جاۋابى ھەمىشە مەسئۇلىيەت ۋە ئەقلىيلىك نۇقتىسىدىن چىققاچقا، پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتىن خالىي بولالمىغانىدى. بۇ تېمىغا سېلىشتۇرغاندا ئامېرىكا ھەققىدىكى پاراڭ كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ زور قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى. ھەممە ئادەم ئۆز كۆزقارىشىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويااتتى.

چىرايى ھەيرانلىقتا قېتىپ قالغان ماركىم ئادامى بىلەن ئۇچرىشىشتىن بىرنەچچە ھەپتە ئىلگىرى قاھىرەدىكى مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندىكى چاڭ - توزان باسقان بىر چايخانىدا ئۈچ نەپەر تېررورچىنى (ئۇلار ھازىر تېررورچىلىقتىن قول ئۈزگەن) زىيارەت قىلدىم. چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان، ئۇستىدە پەرىجە، غاڭزا تۇتۇۋالغان بۇ بوۋايلار ئامېرىكىنى كىچىك، ئاجىز دۆلەتلەرنى بوزەك قىلىدىغان نومۇسسىز، زوراۋان، ئىسرائىلىيىنىڭ مۇداپىئە كۆنلۈكى، مىسىر ئەرەبلەرنىڭ روھىنى چېرىتىۋاتقان مىتە دەپ قارايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ھوللىۋود چولپانلىرىدىن كوك. دوگلاس ۋە ئانتونى كويىننى ياخشى كۆرەتتى.

چەت ئەللىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكىغا بولغان تەلپۈنۈشىنى بېسىۋېلىشقا ئاجىزدەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە جايدىن ئامېرىكىنىڭ كۆلەڭگىسىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەر، بولۇپمۇ ياشلار ئاللىقاچان ئامېرىكا كىنولىرى، مۇزىكىسى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ئەسىرىگە، ئامېرىكىنىڭ تۇرمۇش شەكلى،

ئامېرىكىچە شەخسىيەتچىلىك ۋە مەدەنىيەت ئەخلەتلىرىنىڭ ۋاكالەتچىسىگە ئايلىنىپ قالغاندى. خەلقئارا تور، كومپيۇتېر ۋە باشقا يۇقىرى پەن - تېخنىكا كەشپىياتلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ تاشلىغان بولۇپ، ئۇلار ئامېرىكىدا بارلىققا كەلگەن، ياكى ئامېرىكىدا ئەڭ ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشكەندى. كېيىن ئامېرىكىنىڭ يادرو قوراللىرى ئىنسانىيەتنىڭ ھايات - ماماتىغا خىرىس قىلىپ كەلدى. ئامېرىكا ئىقتىسادى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئۆسۈشى ۋە يېڭىلىنىشىغا ئىزچىل تەسىر كۆرسىتىپ تۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا بۈگۈنكى كۈندىكى «دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان دۆلەت»كە ئايلاندى. ئامېرىكىنىڭ ئىمپورتى مەيلى باي دۆلەت، مەيلى نامرات دۆلەت بولسۇن، دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى ۋە چېكىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالدى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكا تاپشۇرۇۋالغان چەت ئەلنىڭ مەتبۇئاتىدىكى راست - يالغان خەۋەرلەر ئامېرىكىلىقلارنىڭ كاللىسىدا «چەت ئەللىكلەر ئامېرىكىدىن ئىبارەت بۇ بۈركۈتنىڭ تۆمۈر قانىتىنىڭ سايىسىدا كۈن كەچۈرىدىكەن» دېگەن قاراشنى پەيدا قىلىپ قويدى. كېپتاۋۇن شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئۈزۈمچىلىك رايونىدا ياشايدىغان بىر ياش ئاق تەنلىك ئاشخانا خوجايىنى ماگا: «ئامېرىكىدا ئەمەس، جەنۇبىي ئافرىقىدا ياشاپ قالغىنىمدىن بەكمۇ خورسىنىمەن. ئامېرىكىدا پەيدا بولغان ھەرقانداق ئەخمىقانە ئىش ناھايىتى تېزلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقايدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭدىن ئامېرىكىدىكى بۇنداق ئىشلارغا ئۆچمەنلىك قىلامسىز، دەپ سورىسام، ئۇ: «بۇ ئۆچمەنلىك مەسىلىسى ئەمەس، بۇ بىر ئەمەلىيەت. مەن ئامېرىكا فېدېراتسىيە زاپاس ساقلاش ئىدارىسىنىڭ رەئىسى ئاللىن گرىنسپاننىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر. ئۇنىڭ گېپى مېنىڭ زاپاس ساقلىغان ماللىرىمنىڭ قىممىتىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە، بىز سىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ زور ئۇستۇنلۇككە ئىگە، چۈنكى بىز سىلەرنى چۈشىنىمىز، لېكىن سىلەر بىز توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلمەيسىلەر» دېدى.

ئۇ تاھايىتى توغرا ئېيتتى. ئامېرىكىلىقلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىلمەيلا قالماستىن، بۇ ئىشلاردىن كېلىپ چىققان نەتىجىگىمۇ ئېتىبارسىز قارايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇرۇن شۇنداق ئىدۇق، شۇ چاغقىچە ئامېرىكىلىقلار تاشقى دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. بۇ ھەرقانداق چەت ئەللىكنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان ھەم قىزىقارلىق بىر ئىش.

ئىسپانىيىنىڭ سېۋىلىيىدىكى لويىس ئىسىملىك مۇزىكانت: «بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئامېرىكىغا سىڭلىمنىڭ تويىغا قاتناشقىلى باردىم. ئۇلار مېنىڭ تەلەپپۇزۇمنى ئاڭلاپ نەدىن كەلگىنىمنى سورىدى. مەن ئىسپانىيىدىن كەلدىم دەپ جاۋاب بەردىم، ئۇلار كۈلۈشتى. بىر ئامېرىكىلىق ناھايىتى دوستانە ھالدا ئىسپانىيە مېكسىكىدىمۇ دەپ سورىدى. ئۇ چاقچاق قىلمىغانىدى» دەپ ئۆز كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بەردى. بەزىدە تەسىرى بار بەزى ئامېرىكىلىقلارنىڭ تاشقى دۇنيا ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى بايقاپ قالىمىز. كىممۇ رېگان زۇڭتۇڭنىڭ تۇنجى قېتىم جەنۇبىي ئافرىقىنى زىيارەت قىلىپ بولۇپ سۆزلىگەن ئۆلمەس باھاسىنى ئۇنتۇپ قالالىسۇن؟ ئۇ مۇخبىرغا قاراپ: «سىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل دۆلەت ئىكەن» دېگەن. رېگاندىن كېيىن زۇڭتۇڭ بولغان جورجى بۇش بىلەن بىل كلىنتون دۇنياۋى مەشھۇر شەخسلەر. لېكىن، جورجى بۇش زۇڭتۇڭ بولۇشتىن ئىلگىرى ئاران ئۈچ قېتىم چەت ئەلگە چىقىپ باققان. بىر داھىيلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ پەزىلىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى ئىدى.

ئامېرىكا بىلەن باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدا نۇرغۇن باراۋەرسىزلىك مەۋجۇت. بۇ باراۋەرسىزلىك ئامېرىكىنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بۇرمىلاپ تاشلىغان. بۇ پەقەت بىرىنچى خىل ھادىسە. يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر بار. چەت ئەللىكلەر ئامېرىكىغا كۆڭۈل بۆلمەي تۇرالمايدۇ، لېكىن ئامېرىكىلىقلاردا باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ئادىتى يوق. شۇڭا، مۇقەررەر ئاقىۋەت شۇكى، ئامېرىكىلىقلار باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قانداق باھا بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز قالىدۇ، ئالاھىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغان كىشىلەرمۇ بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ. 52 پىرسەنت ئامېرىكىلىق داھىيلارنىڭ «ئامېرىكا دۇنيا ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلىپ بەردى» دېگەن كۆزقارىشىغا ئىشىنىدۇ. لېكىن، چەت ئەلدىكى تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئادەملەر ئىچىدىكى ئاران 21 پىرسەنت ئادەم ئامېرىكىنىڭ بۇ كۆزقارىشىنى قوللايدۇ.

ئادەتتە بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى يوق ئەمەس. بىرىنچى سەۋەب، جۇغراپىيىلىك جايلىشىش مەسىلىسى. ئامېرىكىنىڭ زېمىنى بەكمۇ چوڭ، ئىككى ئوكيان ئارىلىقىغا جايلاشقان، شۇڭا باشقا دۆلەتلەر ئامېرىكىلىقلارغا بەكمۇ يىراقتەك تەسىر بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ باشقا قۇرۇقلۇقلار ھەققىدىكى بىلىمى بەكمۇ يۈزە. ئامېرىكا كانادا ۋە مېكسىكا بىلەن چېگرىلىنىدۇ، لېكىن نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلار بۇ ئىككى دۆلەت خەلقىنى ئۆزىنى نىسبەتەن تۆۋەن، ئاتاقتىكى ئامېرىكىلىق دەپ قارايدۇ. ئۇلار كۆچمەن بولۇپ باشقا يەرگە كەتمەي ئۆز جايىدا ياشىسىلا ئامېرىكىلىقلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىۋېرىدۇ. ماددىي تۇرمۇش نۇقتىسىدىكى ھەددىدىن ئارتۇق باياشاتلىقمۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزىنى بىر ساناش خاھىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆز ـ ئۆزىنى تەنھا قالدۇرۇشتىن باشقا ئىش ئەمەس. ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇرمۇشى لىندا لونىشتاتىنىڭ «نېمە لازىم بولسا ساڭا، تولۇقى

بىلەن بىرەر بىزنىڭ ئامېرىكا» دېگەن ناخشىسىدىكى مەزمۇنلاردىن پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان تۇرسا، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە ئۆلارنىڭ قانداق چولىسى يەتسۇن؟

ئۇزاقتىن بۇيان ۋەتەنداشلىرىمنىڭ دۇنياغا بولغان قىزىقىشىنىڭ كەملىكىدىن غەم يېگەن، ئۈمىدسىزلىنىپ كەلگەنىدىم. بايقىشىمچە، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىمۇ ئامېرىكىغا ئوخشاش جەلپكار ئىدى. ئۈمىدسىزلىنىشىمدىكى سەۋەب قوشنىلىرىمىزنى چۈشىنىشىمىزدىكى يېتەرسىزلىك ماھىيەتتە بەكمۇ چوڭ كەمچىلىك ئىدى. ئىككى قېتىم دۇنيانى ئايلىنىپ شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، تار مىللەتچىلىك ۋە ئۆزىنى ئەلا بىلىش ئامېرىكىلىقلارغا خاس ئەھۋال ئەمەس ئىكەن. بىزنىڭ باشقا «دۆلەت ۋە مىللەتلەردىن پەرقىمىز، ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت، شۇنداقلا پۇقرالىرىنىڭ نەزىرى بەكمۇ تار، ھەمىشە ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەپ قارايدىغان دۆلەت ئىكەن. بىزنىڭ سىياسىتىمىز، ھەربىي كۈچىمىز، ئىقتىسادىمىز، مەدەنىيىتىمىز، پەن ـ تېخنىكىمىز دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ، نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەل بولۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. مەن كېلەر ئايدا خىزمەت تاپالامدىم، يوق؟ ئۇرۇش يۈز بېرەمدۇ، يوق؟ بۈگۈن كەچ تېلېۋىزوردا قانداق نومۇرلار كۆرسىتىلىدۇ؟ دېگەندەك ئىشلارغا قەدەر ئامېرىكىنىڭ تەسىرى بار. ئامېرىكىلىقلارنىڭ دۇنياغا بولغان پەرۋاسىز پوزىتسىيىسى مېنى ۋەھىمىگە سالاتتى. مېنىڭ قارىشىمچە، باشقىلارغا نىسبەتەن ئەنە شۇنداق مۆلچەرلىگۈسىز تەسىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، تەسىر كۈچى پەيدا قىلغان ئاقىۋەتلەرگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك ئىدى.

11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇرۇن بۇنداق پوزىتسىيە قەتئىي خاتا بولسا، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن بۇنداق پوزىتسىيە

ئەخمەقلىقتىن باشقا نەرسە بولمىدى. ناۋادا ئامېرىكا ئىلگىرى تاشقى دۇنيادىكى ئىشلارغا تازا ئەھمىيەت بېرىپ كېتەلمىگەن بولسا، بۇ دەل بىز ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆتمۈشتە بۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارىغانلىقىمىزدىن كېلىپ چىققانىدى. لېكىن، بۈگۈن ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت، ھەرقانداق ماكان، زاماندا نېمە ئىش قىلاي دېسە ئىمكانىيىتى يېتىدۇ. چەت ئەللىكلەر بۇ خىل ھالەتنى ياقتۇرمايدۇ، لېكىن ئۇلار ياقتۇرمىغان بىلەن بىزنى نېمىمۇ قىلالايتتى، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشتىن باشقا ئامالى يوق .

ئەلۋەتتە، بۇنداق كۈچلۈكلۈكنىڭ رېئاللىق بىلەن پۈتۈنلەي ماس كېلىشى ناتايىن. ۋيېتنام ئۇرۇشى ئېسىڭلاردىمۇ؟ 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتلەر تەشكىلاتى (OPEC) ئىمبارگو يۈرگۈزگەندىن كېيىنكى نېفىت توشۇش لىنىيىسى ئېسىڭلاردىمۇ؟ ئادەمنى شۈركەندۈرىدىغان ئىراندىكى تۇتقۇنلار مەسىلىسىچۇ؟ ئەڭ قاباھەتلىك ئىش شۇكى، نۇرغۇن ئامېرىكىلىق بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتتى. بارلىق دىققىتىنى ئەتىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولۇشىغا مەركەزلەشتۈرگەن بىر مىللەت، يەنى بىز ئامېرىكىلىقلار ئۆز تارىخىمىزنى بەك چۈشىنىپ كەتمەيمىز، شۇڭا باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىزدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بارلىق كۆڭۈلسىز خاتىرىلەر 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى رونالد رېگان ھوقۇق تۇتقان، ئامېرىكىنىڭ ھوقۇقىنى جارى قىلدۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغان يىللار تەرىپىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاندى. 1989 - يىلى بېرلىن تېمىنىڭ ئۆرۈپ تاشلىنىشى نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۆڭلىدە ئامېرىكا خۇدا يۆلىگەن دۆلەت ئىكەن دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلدى. بۇ دەل رېگان ۋە باشقا سوغۇق ئۇرۇشنىڭ تەشەببۇسچىلىرى كۆپ يىللاردىن بېرى مەدھىيىلەپ كەلگەن كۆزقاراش ئىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى تېخىمۇ

ئالاھىدە بولدى. ئامېرىكا ئىقتىسادى تېز سۈرئەت بىلەن ئېشىپ، ئىنتېرنىت توردا مەشغۇلات ئېلىپ بارالايدىغان، پاي چېكى ئويناشنى بىلىدىغان ھەرقانداق ئادەم خېلى زور بايلىققا ئىگە بولدى. دوگلاس جونىس ۋە ناسداك بازىرىدىكى توختىماي ئۆرلەش ھەر كۈنى نۇرغۇن يېڭى مىليونېرلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ تۇردى. شۇنداق تۇرسا كىممۇ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا يۈز بەرگەن ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ يۈرسۇن؟ ئامېرىكا ئەڭ قىزىقارلىق، ئادەمنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان پائالىيەت سورۇنى، ئەلۋەتتە.

لېكىن، ئامېرىكىلىقلار شېرىن چۈشتىن ئويغانغاندا ناھايىتى ئازابلىق ۋە تېراگېدىيىلىك بىر رېئاللىقنى بايقىدى. 19 ـ ئەسىردىكى سانائەتلىشىش دولقۇنىدا كارل ماركس: «بارلىق مۇقىم نەرسىلەر ئېرىپ ھاۋاغا قوشۇلۇپ كەتتى» دەپ جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەسۋىرلىگەنىدى. 11 ـ سېنتەبىر تېررورلۇق ھۇجۇمىدىن كېيىن نۇرغۇن ئامېرىكىلىق ماركستەك تۇيغۇدا بولدى. بىز ھازىرلا دۇنيادىكى ئەڭ ئەلا تۇرمۇش شەكلىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇراتتۇق، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە تېررورچىلار بىزنىڭ ئۇلۇغ مەدەنىيىتىمىزنىڭ سىموۋول خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشى بولغان دۇنيا سودا بىناسىنى پاچاقلاپ تاشلىدى. ئۆلگەن ئادەم سانى سوغۇق ئۇرۇشتىن بۇيان ئامېرىكىنىڭ بىر كۈنلۈك جەڭدە ئۆلگەن ئادەملىرىنىڭ سانىدا يېڭى رېكورت ياراتتى. ئامېرىكىلىقلار تۇيۇقسىز ئازاب بىلەن شۇنى بايقىدىكى، «چەت ئەللىكلەرنىڭ كۆزقارىشىغا پەرۋا قىلماي تۇرۇشقا بولمايدىكەن.»

## ئاۋۋال ئوق چىقىرىپ، ئاندىن سوئال سوراش

ئامېرىكا بۇ قانلىق ساۋاققا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشى كېرەك؟ بۇ دەل دەۋرىمىز، پۈتكۈل دۇنيا دۇچ كەلگەن مەسىلە.

بەلكىم، دەسلەپكى ئىنكاس قورال ئىشلىتىش شەكلىدە كۆرۈلۈشى مۇمكىن. دۆلىتىمىز دۇشمەنىنىڭ شىددەتلىك ۋە ياۋايىلارچە ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق پۇقرا ئۆلۈپ نەچچە يۈز مىليون دوللار زىيان بولدى. بۇنداق ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇش ھوقۇقى بار. شۈبھىسىزكى، بۇش ھۆكۈمىتىمۇ شىددەتلىك زەربە بېرىش پىلانى تۈزۈپ قويىدى. بۇ ئەھۋالنى ھوللىۋود پادىچىلىرىنىڭ ھېكمەتلىك گېپى «ئاۋۋال ئوق چىقىرىپ ئاندىن سوئال سوراش» قا ئوخشىتىش مۇمكىن. دېگەندەك، ئافغانىستان ئۇرۇشى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلدى. (ئەلۋەتتە، ئافغانىستان پۇقرالىرىنىڭ ئۆلۈم – يېتىمى ھەققىدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە مەتبۇئاتى ئارتۇق گەپ قىلمىدى). بۇ ئۇرۇشقا ياۋروپانىڭ ئىنكاسى سوغۇق بولدى، ئەرەب دۇنياسى ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى بىلدۈردى. ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرى، بولۇپمۇ ئاددىي خەلق بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ۋە ئېلىپ بېرىلماقچى بولغان ئافغانىستان ئۇرۇشىغا تراگېدىيىلىك نەزەر بىلەن قارايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تالىبان ناھايىتى تېزلا گۇمران بولدى، ئافغانىستان ئازاد قىلىندى. خۇددى بۇش 2001 – يىلى 12 – ئايدا پو ئاتقاندەك، ئۈچ ئاي ئىلگىرى پۈتۈن بىر دۆلەتنى كونترول قىلىپ تۇرغان بىن لادىن ھازىر ئاران بىرنەچچە تاغ ئۆڭكۈرىگە كۆچۈپ يۈرىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

لېكىن، پادىچىلارنىڭ «كېيىن سوئال سوراش» دېگەن گېپىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ 11 – سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىنىڭ بىرى: نۇرغۇن ئاددىي ئامېرىكىلىق ئۆزلىرىنىڭ تاشقى دۇنيادىن خەۋەرسىز قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇلار ھازىر ھەرىكەتلىنىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار كۇتۇپخانا ۋە كىتابخانىلاردىكى ئىسلام دىنى، ئوتتۇرا شەرق ۋە خەلقئارا مەسىلىلەرگە ئائىت كىتابلارنى ئارىيەت ئېلىپ ۋە سېتىۋېلىپ تۈگەتتى. كۆپ يىللاردىن بېرى ئاخبارات

ۋاستىلىرى بىردەك جىنايەت ۋە مەشھۇر ئادەملەر ھەققىدىكى ھېكايە بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ ئەڭ چاكىنا ۋە ئاددىي زوقلىنىش تەلپىگە ماسلىشىپ كەلگەنىدى. بۈگۈن مەتبۇئات چۆچۈپ ئويغىنىپ، نۆۋەتتىكى ئەڭ ئەمەلىي ئىشلارنى خەۋەر قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇپ يەتتى، ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا تاشقى دۇنيا ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئاۋۇپ كەتتى. لېكىن، يېڭى يىلنىڭ يېتىپ كېلىشى ۋە تېررورلۇق ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىش تۈپەيلىدىن، ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۆيدۈرگە باكتېرىيىسى ۋە ئايرودرومدىن پەيدا بولغان ۋەھىمىسى يوقىلىپ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ كونا خۇيى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.

ئەلۋەتتە، كىشىلەرنىڭ نورمال ھالەتكە قايتىشى ياخشى ئىش. لېكىن، بۇ ھالەت ئالدىمىزغا بىر سوئالنى تاشلىدى، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن پەيدا بولغان خەلقئارا جەمئىيەتنى چۈشىنىش قىزغىنلىقى ھەشقىپىچەكتەك ئېچىلىپلا توزۇپ كېتەمدۇ نېمە؟ ئامېرىكا 21 ـ ئەسىردىن ئىبارەت بۇ قورقۇنچلۇق يېڭى ئەسىرنى چۈشىنىشنى خالامدۇ، يوق؟ قورال ئىشلىتىپ قويۇپلا ھەممە ئىشنى بولدى قىلامدۇ يا؟

بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن بۇ كىتابتا باشتىن ـ ئاخىر تىلغا ئېلىنىدىغان ئامېرىكا ۋە ئامېرىكىلىق دېگەن ئاتالغۇنى چۈشىنىۋېلىش كېرەك. ئامېرىكىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ۋىتمان «مەن پۈتۈن خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالىمەن» دەپ يازغان. بۇ خىل كۆزقاراش توغرا. شەخسىيەتچىلىكنى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى دەپ قاراش تۈپەيلىدىن رېئاللىقتىكى ئامېرىكىنى بىر مۇكەممەل گەۋدە دەپ قاراپ قالماسلىق كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكا بىلەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق مەۋجۇت. بۇ، ئامېرىكىنىڭ 285 مىليون ئاھالىسى بىلەن بۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرى ۋە مەتبۇئات ئورگانلىرىنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك، دېگەنلىك. چۈنكى، كېيىنكىسى سىياسەت

بەلگىلەيدىغان ئورۇن، شۇنداقلا بۇ دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھۆكۈمەت خاراكتېرىدىكى ئوبراز. بەزىدە ئامېرىكا بىلەن ئامېرىكىلىق ئوخشاش ئىشنى كۆرسەتسىمۇ، مېخانىك ھالدا بۇ ئىككىسىنى تەڭلەشتۇرۇپ قويۇش تامامەن خاتا. باشقا دۆلەتلەردىكىدەك ئامېرىكىدا دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئورگان بار، بۇ ئورگان ئاز ساندىكى مۇنەۋۋەر شەخسلەرنىڭ كونتروللۇقىدا. ئەلۋەتتە، بۇ شەخسلەر بىلەن ئاددىي ئاممىنىڭ كۆزقارىشى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇشى ناتايىن. ئەمەلىيەتتە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 25 يىلىدا ئىقتىسادىي باراۋەرسىزلىكنىڭ كۈچىيىشى بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ئامما ئارىسىدىكى ئارىلىق ئىنزچىل كېڭىيىپ باردى. دۆلەت ئاپپاراتى كونسېرى بايلار ۋە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قالىدىغان ھالەت شەكىللەندى. ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ سۆزلەپ يۈرىدىغان ئاخبارات تەشكىلاتلىرى ئۆز مەنپەئىتىدىن باشقا ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان چوڭ شىركەتلەر تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلغان نۇرغۇن قىممەت قاراشلىرى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ مەتبۇئاتقا بولغان كونترول قىلىش ھوقۇقىنىڭ تەسىرىدە ئۆزگىرىپ كەتتى. مەشھۇر شەخسلەر مەتبۇئاتنى كونترول قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرى ئىگىلىگەن دۇنيا ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ئاممىغا يەتكۈزۈپ خەلق رايىنى قولغا كەلتۈردى، دۆلەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى. 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىنكى ئالتە ئايدا بۇش 75 پىرسەنت ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. ئاددىيراق قىلىپ ئېيتساق، مەتبۇئات ھۆكۈمراننىڭ كۆزقارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق بىۋاسىتە ھالدا ئاممىنىڭ كۆزقارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتتى.

چەت ئەللىكلەرنى دائىم تەئەججۈپكە سالىدىغان ئىش شۇكى، ئامېرىكىلىقلار ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن چەت ئەلگە مال ساتىدۇ،

لېكىن چەت ئەللىكلەرنىڭ ئامېرىكىلىقلارغا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ مەتبۇئاتى ۋە مائارىپ سىستېمىسىدىكى مۇلازىمەتنىڭ تولىمۇ ناچارلىقى ناھايىتى ئاز ساندىكى چەت ئەللىكلەرگىلا مەلۇم. دېموكراتىيە ۋە ھۆرلۈكنىڭ بۇ تۈپرىقىدىكى ئۇچۇر ۋە مۇنازىرە يولىنىڭ نەقەدەر تارلىقى بۇ كىتاب كېيىن مۇھاكىمىگە قويىدىغان يەنە بىر باش تېما. تۆۋەندە بىز ئامېرىكا، ياۋروپا مەتبۇئاتىنىڭ 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىنكى خەۋەرلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايمىز.

11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتىدە ياۋروپادا زىيارەتتە بولدۇم. ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە ۋە ئىسپانىيىنىڭ ئاساسىي گېزىتلىرىدىكى خەۋەرلەردىن بايقىشىمچە، ئۇلار ئامېرىكىنىڭ يولۇققان پاجىئەسىگە ھېسداشلىق قىلىش بىلەن بىرگە ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ قىساس ئېلىشىنى قوللىغان. لېكىن، يەنە نۇرغۇن خەۋەرلەر ھەربىي قايتۇرما ھۇجۇمغا قارىتا ئېھتىيات قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولغان بولۇپ، ھەربىي ھەرىكەت بىلەن ئامېرىكىنىڭ تاشقى ئىشلار سىياسىتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىش ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلاتتى، ئامېرىكىنىڭ ئىسرائىلىيىگە يان باسقانلىقىنى ئەيىبلەپ، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تېپىپ چىقىشنى، پەقەت بىر لادىنغا ئوخشاش رەزىللىكنىڭ سىمۋوللىرىغا ئېسىلىپ قالماسلىقنى تەكىتلەيتتى، مۇھىمى، قاتىلنى سوتقا ئېلىپ چىقىش ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىقنىڭ يىلتىزىنى تېپىپ چىقىش دەپ قارايتتى. 14 ـ سېنتەبىر كۈنى لوندوندىكى «مۇستەقىللىق گېزىتى» بىر پارچە ئوبزوردا ئۆز كۆزقارىشىنى بايان قىلىپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئىراققا جازا يۈرگۈزۈۋاتقان دۆلەتلەرنى قايتا ئويلىنىپ بېقىشقا، ئىسرائىلىيىگە بولغان قوللاشنى ئويلىنىش ئاساسىدا كۆچەيتىشكە دەۋەت قىلدى. گېرمانىيىدە ھەتتا

مۇتەئەسسىپ «سۇرەتلەر گېزىتى» مۇ ئۇرۇش قىلىش ۋە تىنچلىق تەشەببۇسىدىكى ماقالىلەرنى باستى. بۇ گېزىت بىر پارچە ماقالىدە گېرمانىيىلىك بىر سودىگەرنىڭ بۇش زۇڭتۇڭغا يازغان خېتىنى مىسال كەلتۈرۈپ: «جازالىماقچى بولساڭ جىنايەتچىنى جازالا، ئافغانىستاندىكى بىگۇناھ ئاياللار ۋە بالىلاردا گۇناھ يوق» دېدى.

بۇ ئەھۋال بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئامېرىكا مەتبۇئاتى بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مۇقامى ئىزچىل بىردەكلىكنى ساقلىدى، ھەممىسى زوراۋانلىق بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلدى. فوكس تېلېۋىزىيە تورىنىڭ مۇخبىرى كېيىمىگە ئامېرىكا بايرىقى چۈشۈرۈلگەن ئىزناك تاقىۋالدى، ئاخبارات پروگراممىسىنىڭ رىياسەتچىسى بولىز، ئافغانىستان پۇقرالىرىنىڭ ئۆلۈم ئەھۋاللىرى خەۋەر قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارىدى. ئامېرىكا سىملىق ئاخبارات رادىئو شىركىتى (CNN) نىڭ خوجايىنى ۋالتېر ئىسساك ئامېرىكىلىق خىزمەتچىلىرىگە كۆرسەتمە بېرىپ، ناۋادا ئافغانىستان پۇقرالىرىنىڭ ئۆلۈم ئەھۋاللىرىنى تىلغا ئېلىش توغرا كەلسە چوقۇم 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدە ئۆلگەن ئامېرىكىلىقلارنى ئەسلەپ ئۆتۈش كېرەك، دېدى (CNN چەت ئەلدىكى ئاڭلىتىشىغا بۇنداق چەكلىمە قويمىدى) . ئامېرىكا مەتبۇئاتى ئامېرىكىلىقلارنىڭ باشقا دۆلەت كىشىلىرىنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىنى تەكشۈرۈشكە باشلىغاندا بۇ باي ۋە ئۇنىۋېرسال تېما قىسقارتىلىپ ئاددىي خەۋەرگە ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى. ئاخبارات ساھەسىدە ھۆكۈمران بولغان كۆزقاراش: كىمكى «مۇستەقىللىق گېزىتى» ۋە «سۇرەتلەر گېزىتى» بىلەن ئوخشاش پوزىتسىيىدە بولىدىكەن، ئۇ ۋەتەن خائىنى، جۆيلىگەنلىك، دەپ ئەيىبلەندى. يازغۇچى سۇزان سانتاگ «نيۇيوركنىڭ مېھمىنى» گېزىتىدە بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ ئۆتمۈشتىكى سىياسىتى نۇرغۇن دۆلەتلەرنى غايەت زور زىيانغا ئۇچراتقانىدى، ھازىر ئۆزى ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نېمىسى بار؟ دېدى.

ئامېرىكىنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ ياۋروپادىن كۈچلۈك بولىدىغانلىقى شۈبھىسىز، چۈنكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، چوڭ زىيان تارتقۇچى يەنىلا بىز ئامېرىكا. لېكىن، ئامېرىكا بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ھۇجۇمدىن ساقلىنىمەن دەيدىكەن، يالغۇز قورال كۈچى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى بىخەتەرلىكنى كۈچەيتىش ئارقىلىقلا مەسىلىنى ھەل قىلىمەن دېيىشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك. مۇھاكىمە قىلىنىدىغان تېما ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت تار دائىرىدە چەكلىنىپ قالسا، بىز دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى كەسكىنلىك بىلەن ھەل قىلىشقا قىلچە پايدىسى يوق. بىز ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قاچماي مەسىلىنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىنى ئىنىقلاپ چىقىشىمىز كېرەك. مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قۇلاققا خۇش ياقمايدىغان چۈشەندۈرۈشلەرنىمۇ ئاڭلاشقا تەييارلىق بولۇش كېرەك. ئاددىيسى، بىز مەلۇم ھەرىكەت بىلەن شۇ ھەرىكەتنى يۈرگۈزۈش ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بارلىقى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. باشقا كىشىلەر ۋە مەن ناھايىتى مەنتىقىلىق ھالدا «ئامېرىكا 11 ـ سېنتەبىر پاجىئەسىگە ئەسلىدە يولۇقماسلىقى كېرەك ئىدى» دېيەلەيمىز. ئەلۋەتتە، تېررورچىلارنىڭ مەڭگۈ ھېچقانداق باھانىسى بولماسلىقى كېرەك، جىنايەتچى چوقۇم سوتلىنىشى زۆرۈر. لېكىن، تولۇقلاپ قويۇش زۆرۈر تەرەپ، ناۋادا ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتىدىكى خاتالىقلارنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەپ تېپىپ، كۆپ يىللاردىن بېرى ئامېرىكا تېرىۋالغان ئۆچمەنلىكلەرنىڭ مەنبەسى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولمىساق 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

دۇنيادا نۇرغۇن قىزىق نۇقتىلار بار، ئامېرىكىنىڭ شۇ جايلارغا قاراتقان سىياسىتى مەيلى توغرا بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن، ھامان غۇلغۇلا قوزغايدۇ. مۇشۇنداق پەيدا بولغان ئۆچمەنلىك 11 ـ

سىنتەبىر ۋەقەسىدە تولۇق گەۋدىلەندى. ناۋادا ئامېرىكا ئىسرائىلىيىنىڭ پەلەستىن زېمىنىنى بېسىۋېلىشىغا ياردەم بەرمىسە، سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئەسكەر تۇرغۇزمىسا بىن لادىن بۇ ئۇرۇشنى قوزغارمىدى؟ ئېھتىمال، قوزغىماس ئىدى. لېكىن، مەن ۋاشىنگتونغا، تاشقى سىياسەت ئىجرا قىلىشتا تېررورچىلارغا رەت قىلىش هوقۇقى بېرىڭلار، دەپ تەكلىپ بەرمەكچى ئەمەس. دېمەكچى بولغىنىم، ئامېرىكىلىقلار، چەت ئەلدىكى هەرىكىتىمىزنىڭ قايسىسى توغرا بوپتۇ؟ قايسىسى خاتا بوپتۇ؟ هەرىكىتىمىز بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنىڭ قىممىتىگە ماس كېلەمدۇ؟ بىز ئۆزىمىز تەشەببۇس قىلغان نەزەرىيىگە ئەمەل قىلدۇقمۇ، يوق؟ ئۇنىڭ رېئاللىقتىكى مۇھىم رولىنى تونۇدۇقمۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلىلەر هەققىدە ئەستايىدىل مۇلاهىزە قىلىپ بېقىشى كېرەك.

## يەر شارىلاشتۇرۇش = ئامېرىكىلاشتۇرۇش

ناۋادا ئامېرىكىلىقلار يەر شارىدا ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئالتە مىليارد خەلق بىلەن ساغلام مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالىمەن دەيدىكەن، ئۇلار كىم؟ ئۇلار قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ؟ ئۇلارنىڭ كۆزقارىشى قانداق؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنداق كۆز قاراشتا بولىدۇ؟ دېگەن سوئاللارنىڭ جاۋابىنى بىلىۋېلىشى كېرەك. بۇ سەدىقە بېرىش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش مەسىلىسى. ئامېرىكا بەلكىم ئىككى ئوكياننىڭ قوغدىشى بىلەن دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك هەربىي چوڭ دۆلەتكە ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بىز يەنە هازىر هېچكىم هۇجۇم قىلالماس دەرىجىدە كۈچىيىپ كەتمىگەنلىكىمىزنى بىلىۋالدۇق. كۆنسېرى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بۇ تەكشىسىز دۇنيادا ئامېرىكىنىڭ ئورنىنىڭ

ئەڭ ئۈستىدە ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بۈگۈن ئىنسانىيەت نوپۇسىنىڭ 45 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان ئادەم ھەر كۈنى ئاران ئىككى دوللار بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تىنچلىق ۋە گۈللىنىشنى بىللە ئەمەلگە ئاشۇرماق ئوڭاي ئەمەس. 2000 ـ يىلى ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ بىر مۇخبىرى: «بىر قىسىم كىشىلەر توپى ئارقىدا قېلىۋاتقىنىنى ھېس قىلىۋاتىدۇ، چۈنكى باراۋەرسىزلىك پەيدا قىلغان پەرق كۈنسېرى زورايماقتا. . . بۇنداق ھادىسە سىياسىي، ئىرق، ئاڭ ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇلارغا ئەگىشىپ زوراۋانلىق كۆپىيىدۇ» دەپ بېشارەت بەرگەن. ھازىر ئەھۋال شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق بېشارەت 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

ئەلۋەتتە، چەت ئەللىكلەرمۇ ئامېرىكىنى ئوبدانراق چۈشىنىشكە موھتاج، چۈنكى پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى ئوخشاش. 200 نەچچە يىل بۇرۇن توماس جېففېرسون: «ھەربىر ئادەمنىڭ ئىككى دۆلىتى بار، بىرى ئۆزىنىڭ دۆلىتى، يەنە بىرى فرانسىيە» دېگەن گەپنى قىلغان. ھازىر پۈتۈن دۇنيادىكى ھەربىر ئادەمنىڭ ئىككىنچى دۆلىتى ئامېرىكا بولۇپ قالدى. بۈگۈنكى دۇنيا بارغانسېرى ئامېرىكىغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ، ساياھەتكە بارغان ھەرقانداق ئادەمگە بۇ نۇقتا سىر ئەمەس. مەتبۇئات دەۋاتقان يەر شارىلىشىش ماھىيەتتە ئامېرىكىلىشىش، خالاس. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى بۇ يۈزلىنىشنى قىلچە ئۆزگەرتەلمىدى. گەرچە بۈگۈن ئىقتىساد ۋە تېخنىكا ساھەسىدە ئامېرىكا بىلەن دۇنيانىڭ ئالاقىسى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك، ئىشەنمەسلىك ئازايغىنى يوق.

چەت ئەللىكلەر ئىچى سىقىلغان ھالدا، ئامېرىكا نېمىشقا شۇنداق قۇدرەتلىك ھەم شۇنداق ساددا ؟ ئامېرىكا چەت ئەللىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنمەيدۇ، لېكىن چەت ئەلدىكى

مىللەتلەر ۋە تىللار ناھايىتى كەسكىن ھالدا ئامېرىكا ھەربىر ئادەمنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ دەپ قارايدۇ. ئامېرىكىنىڭ يۇقىرىلىرى نېمانداق تۈز ۋە مەرد؟ لېكىن، ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى سىياسىتى نېمانداق تۇتۇرۇقسىز؟ ئۇ سىياسەت يۇرگۈزۇۋاتقان ئوبيېكت ئاچچىقلانسا ھەتتا تېررورلۇق ھۇجۇمى قوزغىسا ئامېرىكا نېمانچە چۆچۈپ كېتىدۇ؟ دەپ ئويلايدۇ.

ئامېرىكىنىڭ ئۇمىدۋارلىقى، قىزغىنلىق ۋە ھاياتىي كۈچى بىلەن تولغان روھىنى، سۈنماس ئىرادىسىنى، سكوت فىتىسگېرالدنىڭ «قالتىس گاتسبى» دېگەن رومانىدا تەسۋىرلەنگەن «يېشىل چىراغ»نى قانداق سەۋەبلەر بىلەن چۈشەندۈرىمىز؟ ئامېرىكا ئىنساننى ئايغا چىقاردى، پۈتۈن كۇتۇپخانىنى كومپيۇتېرنىڭ بىر ياپراقچىسىغا قاچىلىيالىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار مەكتەپتە ھەمىشە تەدرىجىي تەرەققىيات ھەققىدە ...ختىماي مۇنازىرە ئېلىپ بارىدۇ، ھەتتا ئۇلار ئاشنا ئوينىغان بىر زۇڭتۇڭنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋەتكىلى تاس قالدى. ئامېرىكىلىقلار شۇنداق باي، لېكىن ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ تۇرىدىغان ھالقىسى كەم ياكى ئاجىز. نېمە ئۈچۈن ئۇلار ھەممە يەردە ۋاقىتنى تېجەيدىغان ئېسىل سايمانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى دائىم روھىي جەھەتتىن جىددىيلىك ھېس قىلىدۇ؟ ئالدىراشلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ؟ ئامېرىكىدا جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان شانلىق مەدەنىيەت (مەسىلەن، جاز مۇزىكىسى، تولغىما مۇزىكىنىڭ ئېسىل ئاھاڭلىرى) يارىتىلدى. جەمئىيەتنىڭ زوقىنى قوزغىغۇدەك ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە مۇھىت قوغداش ئېڭى بار. مانا مۇشۇنداق بىر دۆلەتتە نېمىشقا شۇنداق ساناقسىز تۇتۇرۇقسىز ئاۋازلار، قىممەتسىز زوراۋانلىقلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ؟ نېمىشقا ئۇلاردا راھەتپەرەسلىك شۇنچىلىك ئېغىر؟

يۇرسەتنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلىدىن داڭ چىقارغان بىر دۆلەتتە نېمە ئۈچۈن ئامېرىكا چۈشى بەربات بولغان تۆۋەن قاتلام كىشىلىرى

كۆنسېرى ئاۋۇپ كېتىدۇ؟ دۇنيادا ئەڭ پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك دېموكراتىيە نېمە ئۈچۈن شۇنداق چۈشكۈن ۋە چىرىك ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، 2000 ـ يىلىدىكى زوڭتۇڭ سايلىمىنى بولغىدى؟ يا بۇ ئالامەتلەر ئامېرىكىنىڭ خارابلىشىشىنىڭ بېشارىتىمۇ؟ تەسۋىرلىگۈسىز 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى ئۇنىڭ يىمىرىلىشىنى تېزلىتەمدۇ، قانداق؟ ياكى ئامېرىكا روناللد رېگان پەخىرلىنىپ ئېيتقاندەك، قايتا تاغ باغرىدا نۇرلىنىپ تۇرغان مەرۋايىتقا ئايلىنامدۇ؟

بۇ سوئاللارغا جاۋاب بەرمەك ناھايىتى تەس. بىر قىسىم ئامېرىكىلىقلار بۇ مەسىلىگە يۈزلىنىشنى زادى خالىمايدۇ. ئۇلار ئامېرىكا جەڭنى باشلىدى، خالىغانچە پىكىر بايان قىلىدىغان، قوماندانلىقتا بويسۇنمايدىغان ھەرقانداق ئادەم ئايروپىلان بىلەن باغدادقا ئەۋەتىلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى بولۇپ بىر مەزگىلدىن كېيىن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى تەرەققىي قىلىپ نامۇۋاپىق مەغرۇرلۇققا ئايلاندى. بۇ مەغرۇرلۇق «ئامېرىكىلىقلار توغما باشقىلاردىن باتۇر، مەرد، كەڭ قورساق، ئەپۇچان، چۈنكى، بىز ئامېرىكىلىق» دېگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا مۇنداق خەتلەر يېزىلغان: «دەل مۇشۇ خىل روھ نيۇيورك ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىنى ئىلھاملاندۇردى. ئۇلار دۇنيا سودا مەركىزىگە بۆسۈپ كىردى، ئوت دېڭىزىغا ئۆزىنى ئاتتى، يارىدارلارنى بىر ـ بىرلەپ بىخەتەر جايغا يۆتكىدى.» بۇ گەپ ئادەمگە باشقا دۆلەتلەردىكى ئوت ئۆچۈرۈش ئەترەتلىرىنىڭ ئەزالىرى بۇنداق باتۇر ئەمەستەك، بۇنداق قۇربان بېرىش روھىغا ئىگە ئەمەستەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

پېقىرنىڭ قارىشىچە، دۆلىتىمىز قۇدرەتلىك، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ، بۇ ئەھۋال تەرەققىياتقا پايدىلىق. مېنى ئامېرىكىنىڭ خائىنى دەپ ئەيىبلەيدىغانلارغا قارىتا مەن بۇ كىتابىمدا ئېنىق جاۋاب بېرىمەن،

مەقسىتىم تۆھمەتنى يوق قىلىش، چۈنكى بۇنداق تۆھمەت بەلكىم بۇ كىتابنىڭ چەكلىنىشىگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. مەن ئامېرىكىنى سۆيىمەن، ئامېرىكىغا ئۆچمەنلىكىم يوق. بىر يازغۇچى ۋە ئاخبارات مۇخبىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن دۇنيادىكى تۇنجى ئاساسىي قانۇن بارلىققا كەلگەن بۇ دۆلەتتە ياشىيالىغانلىقىم ئۈچۈن شەرەپ ھېس قىلىمەن، ئامېرىكىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئۇنىڭ غايىسىنى بەرپا قىلغۇچىلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن. 225 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە بىز يەنىلا قەلبىلەرگە ئىلھام بېرىدىغان غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز، جېففېرسوننىڭ قەسىمى بويىچە ھايات، ئەركىنلىك، بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز.

لېكىن، مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم، ئامېرىكا ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غايىسىدىن چەتنەپ كەتتى. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى خەلقىمىزنى ۋەھىمە ئىچىدە ياشايدىغان قىلىپ قويدى، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تېررورىزمغا قارشى كۈرەش قىلمىساق بولمايدىغان بولۇپ قالدى. بىز رېئاللىققا يەنە بىر قېتىم يۈزلەنسەك ياخشى بولاتتى. بىن لادىننىڭ بومباردىمانچىلىرى چوڭقۇر ئۆچمەنلىك بىلەن ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن دۆلىتىمىز كرىزىس ئىچىدە قالغانىدى، سىياسىي جەھەتتە نامىغا ماس كەلمىگەن بىر دېموكراتىيە ئىچىدە ياشايدىغان ھالغا كېلىپ قالغانىدۇق. ھۆكۈمىتىمىز باشقا دۆلەت خەلقلىرىگە قانداق ئاكتىپلىق بىلەن سايلامغا قاتنىشىشنى ئۆگىتەتتىيۇ، لېكىن ئۆزىمىزنىڭ نۇرغۇن پۇقرالىرى سايلامغا بېلەت تاشلىماس بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق ئاساسىي پۇقرالىق ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشنىڭ قىسمەن سەۋەبلىرىنى پۇقرالارنىڭ رازىمەنلىك پسىخىكىسى ۋە باياشات تۇرمۇش تەبىئىي ھالدا داۋاملىشىدۇ دېگەن قارىشىدىن ئىزدەش كېرەك. لېكىن، چوقۇم يەنە بىر خىل سەۋەبمۇ بار: كىشىلەردە يىراقلىشىش، سەل قاراش تۇيغۇسى پەيدا بولغان. نۇرغۇن ئامېرىكىلىق شۇنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەنكى،

ئامېرىكىنىڭ تۈزۈلمىسى بايلار ۋە ھوقۇقدارلار تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدىغان سىياسىي تۈزۈلمە. دەرۋەقە، بىزنىڭ ئىقتىسادىمىز بىزنىڭ دېموكراتىيىگە بولغان ئارمىنىمىزنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئالېكسىس توكۋېر 1831 ـ يىلى يازغان «ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيىسى» دېگەن كلاسسىك كىتابىدا «چوڭ ئىنقىلابلار تېخىمۇ ئازلايدىغان» بىر دۆلەتكە ئايلىنىدىغانلىقىمىزنى تەبرىكلىگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، باراۋەرلىكىمىز بىر خىل چوڭقۇر يىلتىز تارتقان يۈزلىنىش ئىكەن. بۈگۈنكى ئامېرىكىدا باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى بارغانسېرى چوڭىيىدى. بايلار ناھايىتى راھەت تۇرمۇش كەچۈرسە، كەمبەغەل ۋە ئوتتۇرا قاتلام كىشىلىرىنىڭ توختىماي جاپالىق ئىشلەشتىن باشقا يولى قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تاشقى سىياسەتتە ئۆزىمىزنى باشتىن ـ ئاخىر ئەركىنلىكنىڭ ۋەكىللىك ئۈلگىسى قىلدۇق. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ قىلغان ئىشىمىز ئارزۇيىمىزغا مۇخالىپ كېلىپ قالغان بولۇشى، ھەتتا بىر ساختىپەزنىڭ رولىنى ئېلىپ قالغان بولۇشىمىز مۇمكىن. چۈنكى، بىز ئادالەتكە قارشى مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنى قوللىدۇق، بىزنىڭ مەنپەئىتىمىز بىلەن ئويلاشمايدىغان ھەقىقىي مەنىدىكى دېموكراتىك ھاكىمىيەتلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

ئامېرىكا پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىرگە ئەپسۇسلىنىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلىپ سالدى. بىز ئامېرىكىلىقلار نېمە ئۈچۈن بۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشتىن قېينىلىمىز؟ ناۋادا بىز دادىللىق بىلەن ناھايىتى توغرا ۋە بەكمۇ نورمال رېئاللىققا يۈزلىنىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا قوشنىلىرىمىز بىلەن تېخىمۇ ئىناق ئۆتۈشىمىز مۇمكىن، ئەكسىچە بولسا دۈشمىنىمىز ئاۋۇيدۇ. خاتالىقىمىزنى كۆرگەندە گاس ـ گاچا، قارىغۇ بولۇۋالساق، خاتالىقىمىزنى دادىللىق بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن ئادەمنى دۆلەتنىڭ خائىنى دېسەك بەكمۇ

خاتالىشمىز. ئاۋازىمىزنىڭ چوڭلۇقىغا قاراپ ھەقىقەت مۇشۇ دەپ قارىساق ئامېرىكىغا قارشى ھەرىكەتلەر ئاجىزلىشىشىنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. ئاۋادا 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن ساۋاق ئېلىش توغرا كەلسە، بىرىنچى ساۋاق دۇنيادا ھۇجۇم قىلغىلى بولمايدىغان ھېچقانداق دۆلەت يوق. يەنە بىر ساۋاق، ئامېرىكا ئەمدى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان پوزىتسىيىسىگە سەل قارىماسلىقى، قارشى پىكىرلەرنى ئاڭلىغاندا تېخىمۇ شۇنداق.

بۇ يەردە مەن بۇ كىتابنىڭ بايان سىستېمىسىنى تونۇشتۇرىمەن. بۇ كىتاب جەمئىي 10 باب، ھەربىر بابتا چەت ئەللىكلەرنىڭ ئامېرىكىغا بولغان كۆزقارىشى تۇتقا قىلىنىپ بىر قاتار مۇھاكىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئۇلار ئېيتقان تۆۋەندىكى گەپلەر ھەممىشە ئامېرىكىلىقلار زادى ئېسىگە كەلتۈرمىگەن ياكى دېمەيدىغان گەپلەر.

1. ئامېرىكىنىڭ نەزەر دائىرىسى تار، مەن ـ مەنچىلىكى كۈچلۈك.
2. ئامېرىكا ناھايىتى باي، ئادەمنى شادلاندۇرىدۇ.
3. ئامېرىكا ئەركىنلىك زېمىنى.
4. ئامېرىكا بىر جاھانگىر، ساختىلىق بىلەن تولغان ھاكاۋۇر دۆلەت.
5. ئامېرىكىلىقلارنىڭ دۇنياغا بولغان تونۇشى ناھايىتى ساددا.
6. ئامېرىكىلىقلار شەخسىيەتچى.
7. ئامېرىكىلىقلارنىڭ دېموكراتىيىسى ئۆزىنىڭكىنىلا توغرا دەيدىغان دېموكراتىيە.
8. ئامېرىكا پۇرسەت بىلەن تولغان زېمىن.
9. ئامېرىكا كەلگۈسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.
10. ئامېرىكا ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن دۆلەت سىرتىغا چىقىدۇ.

مەن ئۆزۈمنى ئامېرىكىنىڭ ھەممە مەسىلىسىگە جاۋاب بېرەلەيمەن دەپ قارىمايمەن. دۆلىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، ئىشلىرى مۇرەككەپ، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، بۇلارنى ئاددىيلا خۇلاسىلەپ چىقىش تەس. يۇھان ستاينبېك ئامېرىكىنى «مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك، جاھىل، تارتىنچاق، قەبىھ، غەلۋىخور، تەسۋىرلىگۈسىز يېقىملىق، چەكسىز گۈزەل» دەپ تەسۋىرلىگەن. ئامېرىكا ياش، شۇنداقلا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت. مەزمۇنى چەكلىك بىر كىتاب بىلەن ئامېرىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مەقسىتىم 21 ـ ئەسىرنىڭ باشلانمىسىدا ئامېرىكىنىڭ قىلمىشى ۋە ئېتىقادى، شۇنداقلا ئادەمنى گاڭگىرىتىدىغان مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىش. گەرچە بۇ كىتاب كەڭرى ساياھەت خاتىرىسى، تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە تەتقىقاتنى ئاساس قىلغاندەك قىلسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇ بىر پاكىت، شۇنداقلا ئېچىۋېتىلگەن مۇلاھىزە جەريانى. مەن بۇ كىتاب ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىنى غىدىقلىسام، ئۇلارنى مۇنازىرىگە جەلپ قىلسام دېگەن ئارزۇدىمەن. ناۋادا كىتابخان كۆزقارىشىم ئۈستىدە مۇنازىرە قىلمىسا، بۇنىڭ سەۋەبى كىتابىمنىڭ ياخشى يېزىلمىغانلىقىدا.

ئۆزۈمگە بەكمۇ ئېنىق، كىتابتىكى بىر قىسىم كۆزقاراشلارنى بىر قىسىم ئامېرىكىلىقلار قوبۇل قىلالمايدۇ. خۇددى توكۋىر ئوتتۇرىغا قويغاندەك: «بىز ئۇزاق مەزگىلدىن بۇيان تەنها، ئۆزىمىزدىن ئۆزىمىز زوقلىنىپ ياشاپ كەلدۇق... پەقەت ناتونۇش كىشىلەر ياكى بەزى ھەقىقىي ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئادەملەرلا ئامېرىكا خەلقىنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالايدۇ.» 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن پۈتۈن دۇنيا ئامېرىكىغا ھېسداشلىق قىلدى، ئامېرىكا خەلقىگە سۆيگۈ ئاتا قىلدى. لېكىن، بەزىلەرنىڭ قىزغىنلىقى ئۇنچە كۈچلۈك بولۇپ كەتمىدى. كۆپىنچە چەت

ئەللىكلەر ئامېرىكا خەلقى بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلدى، ئامېرىكا خەلقىنى ياخشى كۆردى، لېكىن ھاكىمىيەتكە بولغان ھېسسىياتى ئانچە چوڭقۇر بولمىدى.

كۆپىنچە چەت ئەللىكلەر ئامېرىكىنى ياخشىراق چۈشىنىش ئۆز مەنپەئەتىمىز ئۈچۈندۇر، دەپ تەن ئالىدۇ، چۈنكى ئۇلار مۇشۇ بۇركۈتنىڭ سايىسى ئاستىدا ياشايدۇ. قاھىرە ئالەم سىياسىي ئىستراتېگىيە تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەيدىغان بىر ئاخبارات مۇخبىرى ماڭا: «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىگە بىر پارچە ماقالە ئەۋەتىپ، ئامېرىكىلىقلارغا، سايلام پائالىيەتلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا ئېچىۋېتىڭلار، چۈنكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تۈزگەن ھەربىر ئىقتىساد، سىياسەت، ھەربىي ھەرىكەت، مەدەنىيەت جەھەتتىكى قارارلار دۇنيادىكى بارلىق خەلقلەرگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ سۈرئىتى ئاستىلىسا، نېفىتنىڭ باھاسىنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. ئامېرىكىنىڭ پاي چېكى بازىرىدا تۆۋەنلەش كۆرۈلسە، فود فوندى جەمئىيىتىنىڭ قاھىرەگە بېرىدىغان ئىئانىسى ئازلاپ كېتىدۇ، دېمەكچىدىم» دېدى.

ئىقتىساد، ھەربىي، سىياسىي، پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە ئامېرىكا دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت. گەرچە ئامېرىكىنىڭ ھوقۇقى مۇتلەق بولمىسىمۇ ئۇ سىياسەت بەلگىلىگۈچى ئورۇندا. ئۇنىڭ ھەرىكىتى مەيلى ياخشى، مەيلى يامان بولسۇن، 21 ـ ئەسىردە دۇنيانىڭ ھەرقانداق جايىدا ياشاۋاتقان ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. پراگادا چېخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ سابىق مۇھىت مىنىستىرى مورتان ماڭا مۇنداق دېدى: «سىز ياۋروپالىق، ئامېرىكىنى ياخشى كۆرەمسىز، كۆرمەمسىز ئىختىيارىڭىز، لېكىن كۆڭلىڭىزدە سان بولۇشى كېرەك، ئامېرىكا كەلگۈسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ...»

# ئىككىنچى باب

## بايلار باشقا بىر ئۇرۇق



## «مېنىڭ سىلەردەك باي بولغۇم بار!»

ما ئەپەندىنىڭ خىزمەتكە چىققان دەسلەپكى ئون يىلى قاپ ـ قاراڭغۇ خاڭ ئىچىدە كۆمۈر قېزىش بىلەن ئۆتكەن. بىر كۈنى ئۇ كۆمۈر توشۇيدىغان ۋاگون رېلىستىن چىقىپ كېتىپ بىر خىزمەتدىشىنى مېجىپ تاشلىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئاندىن بۇ خىزمەتتىن قول ئۈزگەن. ما ئەپەندى بۇنداق ئىشنى جىق كۆرگەن بولسىمۇ بۇ قېتىم زادى بەرداشلىق بېرەلمىگەن، يەر يۈزىگە چىقىپلا خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگەن ۋە مەڭگۈ خاڭغا چۈشۈپ كۆمۈر قازمايمەن دەپ قەسەم قىلغان.

12 يىلدىن كېيىن، 1996 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان چېغىمدا ئۇ يەنىلا جۇڭگو شەنشىنىڭ بىر يېزىسىدا ئولتۇراتتىكەن. ئۇ ئولتۇرغان رايون بىپايان كۆمۈرلۈكنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ هازىر بىر ئاشخانىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ ئايالى بىلەن ئادەتتىكى بىر ئاشپۇزۇلنى ماڭدۇرۇۋېتىپتۇ، يەنە بىرى بىلەن شېرىكلىشىپ كۆك رەڭلىك بىر يۈك ئاپتوموبىلى ئېلىپ كىراغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئاشخانىنىڭ ئالدى داتوڭغا بارىدىغان تاشيولغا قارايدىكەن. داتوڭ 10 ئىنگلىز مىلى يىراقتىكى ئىس ـ تۈتەك قاپلىغان، هاۋاسى ئىسسىق شەهەر بولۇپ، شەهەر ئاسمىنىنى كۆككە تاقاشقان نۇرغۇن تۇرخۇنلار كېچە ـ كۈندۈز ئىس ـ تۈتەك بىلەن «زىننەت»لەپ تۇرىدىكەن. داتوڭغا بارىدىغان ئاپتوبۇس ما ئەپەندىنىڭ ئاشخانىسىدىن بىرنەچچە مېتىر نېرىدىلا توختايدىكەن. ئاشخانا سىرتىدا ئىككى ئېشەك قېتىلغان بىر هارۋا توختىتىپ قويۇلغان، هارۋىدىكى قاپقارا كۆمۈر پارقىراپ تۇرۇپتۇ. مەن تەرجىمانىم بىلەن مۇشۇ يەردە توختاپ تاماق يەپ، ئاندىن ئەتراپىنى ئايلىنىپ بېقىشنى قارار قىلدىم.

بۇ يەردە چىرايى ئاقىرىپ تۇرغان بىرەر ئادەمنى ئۇچراتماق تەس ئىكەن. ما خوجايىن ئامېرىكىدىن كەلگەنلىكىمنى ئۇقۇپ، ئايالىنى باشلاپ چىقىپ مەن بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئۆزى شۇنداق تېتىكلىشىپ كەتتىكى، كۆلۈمسىرىگەن هالدا خۇددى سىتىــشقا قويۇلغان چەت ئەل ئېتىغا قارىغاندەك باش ـ ئايىغىمغا سەپ سېلىپ قاراپ چىقتى.

— قارا، ئامېرىكىلىق دېگەن مۇشۇنداق بولىدىكەن، — دېدى ئۇ ئايالىغا. ئاندىن مەن بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدى، — سىزدىن نۇرغۇن مەسىلىنى سورىغۇم بار. هازىر جۇڭگودا بازار ئىگىلىكى ئەمدىلا يولغا قويۇلدى، ئامېرىكىنىڭ بازار ئىگىلىكىنىــى يولغا قويغىنىغا بەكمۇ ئۇزاق بولدى. ماڭا بازار ئىگىلىكىــــنىــــڭ مەخپىيىتىنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز، — دېدى ئۇ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ كەسكىنلىك بىلەن، — مېنىڭمۇ سىلەردەك باي بولغۇم بار.

ما خوجايىن ناهايىتى چېۋەر سودىگەردەك قىلاتتى. ئۇ مېنىڭ مۇهىت تەتقىقاتچىسى ئىكەنلىكىمنى، ئەتراپتىكى بىرنەچچە كۆمۈر كېنىنى كۆرۈپ بېقىش ئويۇمنىڭ بارلىقىنى بىلىپ يول باشلاشنى خالايدىغانلىقىنى، چۈشلۈك تاماقتىنمۇ پۇل ئالمايدىغانلىقىنىــــى بىلدۈردى. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ تەرەتخانىــــســــغا كىرىۋېلىش ئويۇم بارلىقىنى بىلدۈردۈم. ئۇ مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئاشخانىنىڭ كەينىدە تەرەتخانا بارلىقىنــى كۆرسىتىپ قويدى. دەرۋەقە، ئاشخانىنىڭ كەينىدە پاكار سېمونت تاملار بىلەن توساپ قويۇلغان ئۈستى ئوچۇق بىر تەرەتخانا بار ئىكەن، تەرەتخانىدا ئادەمنىڭ ئۇياتلىق يېرىنــى يوشۇرغــــدەك هېچنېمە يوق ئىكەن. مەن تەرەت قىلىپ بولۇپ سۇ ۋە سوپۇنىنىڭ يوقلۇقىنى بايقىدىم. بۇنداق تەرەتخانىلار جۇڭگونىڭ هەممە يېرىدە بار ئىكەن.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتنى ما ئەپەندى بىـــلەن

ئۆتكۈزدۇم. ما ئەپەندى خۇش چاقچاق، سۆزمەن ئادەم ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئاشكارىلاپ ئۆزىنى بەك تەلەيلىك دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، مەن قۇدۇق ئاستىدا كۆمۈر قېزىشتەك خەتەرلىك خىزمەتتىن قۇتۇلغان بولسامۇ، قوشنىلىرىم يەنىلا شۇ يەردە ئىشلەۋاتىدۇ، دېدى. مەن يولدا ئۆيىگە قايتىۋاتقان نۇرغۇن دېھقانلارنى كۆردۈم. ئۇلار ھارغىن قەدەملىرىنى يۆتكەپ، دۈمبىسىدىكى سېۋەتكە يولدا ئۇچرىغان كۆمۈر داشقاللىرىنى تېرىپ ماڭاتتى. ما ئەپەندى تەلىيى كېلىپ بۇنداق ئېچىنىشلىق تۇرمۇشتىن قۇتۇلغانىدى. 1959 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە جۇڭگولۇقلار 20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ ئېغىر ئاچارچىلىقنى بېشىدىن كەچۈردى، نەچچە ئون مىليون ئادەم ئاچ قېلىپ ئۆلدى، جۇڭگو يېزىلىرىدا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز پاجىئەلەر يۈز بەردى. «مەن ھامامنىڭ يوشۇرۇپ قويغان يېمەكلىكلەرنى ئوغرىلىقچە بىزگە ئەكېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ھېلىمۇ ئەسلەپ تۇرىمەن» دېدى ما ئەپەندى ئېغىر تىنىپ.

مېنىڭ جۇڭگو ھەققىدە قويغان ھەرقانداق سوئالىمغا ما ئەپەندى تولۇق جاۋاب بەردى، ئۆزىمۇ مەندىن ئامېرىكىغا ئائىت نۇرغۇن سوئاللارنى سورىدى. ئۇ سورىغان سوئاللارنىڭ كۆپى ماددىي بايلىقلارنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىگە ئائىت بولۇپ، ئامېرىكىدا ھەربىر ئادەمنىڭ بىردىن ماشىنىسى بارمۇ؟ ھەربىر ئۆيدە قانچە ئادەم ئولتۇرىدۇ؟ سىلەر ئامېرىكىلىقلارنىڭ قانچىلىك يېرىڭلار بار؟ دېگەندەك مەسىلىلەر ئىدى. مەن ھەربىر سوئالغا جاۋاب بەرگەندە ئۇ ھەيران قېلىپ ئۇھ تارتىپ قوياتتى، چىرايىنى مەپتۇنلۇق قاپلايتتى. دەرۋەقە، جۇڭگونىڭ ئامېرىكىدىن ئۆگىنىدىغان نۇرغۇن جايلىرى بار ئىكەن، دېدى ما ئەپەندى.

كەچ كىرىپ داتوڭغا قايتقان ۋاقتىمىزدا ما ئەپەندى تېخىمۇ دادىللىشىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئۆزى ئەڭ قىزىقىدىغان مەسىلىگە، جىنسىيەت مەسىلىسىگە كۆچكەنىدى. ئۇنىڭ بەكمۇ

بىلىپ باققۇسى كەلگىنى ئامېرىكىدىكى زور كۆپچىلىك ئائىلىلەر توي قىلىشتىن بۇرۇن باشقا ئەرلەر بىلەن بىرگە بولامدۇ، دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەردەك قىلاتتى.

دەرۋەقە، شۇنداق ئىشلار بار، دەپ جاۋاب بەردىم مەن. ئۇ جاۋابىمنى ئاڭلاپ ھەم مەنسىتمىگەن ھەم قىزىققاندەك ئۇھ تارتىپ قويدى، چىرايىدا رازىمەنلىك ئىپادىسى كۆرۈلدى. ئۇ ئائىلىنىڭ ئۆزى بىلەن ھازىرغا قەدەر بىللە تۇرۇۋاتقان بىردىنبىر ئائىل جىنس ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەردى. ئۇ ئەمدى قورۇنغان ھالدا بىر تالاي جىنسىيەتكە ئائىت سوئاللارنى سوراشقا باشلىدى.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇنداق جىنسىي قىلمىشلىرىنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ سىزمۇ شۇنداق ئىشنى باشتىن كەچۈرگەنمۇ؟ بىر ئەر توي قىلىشتىن ئىلگىرى قانچە ئائىل بىلەن بىرگە بولۇشى مۇمكىن؟ توي قىلغان ئەرلەر باشقا ئائىللار بىلەن بىر ئۆيدە تۇرسا بولامدۇ؟ مەن بۇ سوئاللارغا ناھايىتى ئېنىق جاۋاب بەردىم ھەم ئامېرىكىدا كىشىلەر جىنسىي ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولالايدۇ، جۇڭگودىكىدەك چەكلىمە يوق، مانا بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى غايەت زور پەرق، دېگەن گەپنى قوشۇپ قويدۇم. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ما ئەپەندى تېخىمۇ ھاياجانلاندى. ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ باي دۆلەت بولۇپلا قالماي يەنە ئەڭ ياخشى ئويۇنغىلى بولىدىغانمۇ دۆلەت ئىكەن، دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن. ئۇ بىزنى مېھمانخانىغا ئەكىلىپ قويۇپ ئايرىلىدىغان چاغدا ھاياجان بىلەن: «پۇل تاپقان بىر كۈنى ئامېرىكىغا بېرىپ سىزنى يوقلايمەن، ئەمما ئائىلەمنى ھەرگىز ئېلىپ بارمايمەن.» دېدى.

## ئامېرىكىلىقلار دۇنيانى چۈشىنەمدۇ؟

ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆزىنىڭ قانچىلىك باي ئىكەنلىكىگە

نىسبەتەن كاللىسىدا ئېنىق بىر ئۇقۇم يوق. لېكىن، چەت ئەللىكلەرنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى تونۇشى بەكمۇ ئېنىق. چەت ئەللىكلەر ئامېرىكا ھەققىدە سۆزلەشكەندە تۇنجى بولۇپ ئۇنىڭ بايلىقى ھەققىدە سۆزلىمەي قالمايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىدا ئېغىر دەرىجىدە نامراتلىق مەسىلىسى مەۋجۇت. بۇ مەسىلە بالىلاردا ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. مەن كىتابىمنىڭ كېيىنكى قىسمىدا بۇ مەسىلە ھەققىدە توختىلىمەن. ئامېرىكىلىقلار زامانىۋىلاشقان مۇنچا، توققۇزى تەل ئاشخانا شارائىتىغا ئاللىقاچان ئادەتلىنىپ كەتتى. ئۇلاردا ئەگرى ـ بۈگرى، كاتاڭ يوللاردا مېڭىپ خىزمەتكە بارىدىغان، پاكىز ئەمەس دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىدىغان، ئوت قالاپ تاماق ئېتىدىغان ئەھۋال يوق دېيەرلىك. لېكىن، ئافرىقا بىلەن ئاسىيادا نۇرغۇن ئائىلە ئاياللىرى ھەر كۈنى شۇنداق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئامېرىكىدىكى ھەربىر ئائىلىدە ئىككى ـ ئۈچتىن ماشىنا بار، ھەرقانداق چاغدا ئىشلەتسىڭىز تەييار. بىز ئاپتوبۇس، پويىز دېگەندەك ئاممىۋى قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرۇشنى خالىمايمىز، چۈنكى ئۇلارنىڭ سۈرئىتى بەكمۇ ئاستا، قۇلايسىز. ناھايىتى باي ياپونىيە بىلەن ياۋروپادا كىشىلەر ھېلىمۇ ئاممىۋى قاتناش ئەسلىھەلىرىدىن ئومۇميۈزلۈك پايدىلىنىدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇن نامرات كىشىلەر ھېلىمۇ پىيادە يول يۈرۈۋاتىدۇ. ئامېرىكىلىقلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنداق ئەھۋال ئانچە ئەقىلغا سىغمايدۇ. نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلار ئانچە يىراق بولمىغان جايغا ماشىنا ھەيدەپ بېرىپ بولكا ۋە سۈت سېتىۋالىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ سۈت بىلەن بولكا ناھايىتى يېڭى بولغان بولىدۇ. بىزنىڭ غايەت زور تاللا بازارلىرىمىزدا يېمەك ـ ئىچمەك دۆۋىلىنىپ يېتىپتۇ. بىر تاللا بازىرىنىڭ كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ مال جاھازلىرىدا تەسەۋۋۇر قىلماق قىيىن بولغان ھەر تۈرلۈك يېمەك ـ ئىچمەكلەر توشۇپ تۇرۇپتۇ. سىز بىر يىلنىڭ قايسى پەسلىدە بولسۇن، قەيەردە ئولتۇرۇشلۇق بولۇڭ، نېمىنى

خالىسىڭىز شۇ تەييار. ھەر تۈرلۈك ئاشخانىلاردا بۇ نەرسىلەر ناھايىتى تولۇق. ئاشخانىلاردا سەرپ بولىدىغان يېمەكلىكنىڭ مىقدارى پۈتۈن ئامېرىكىدا سەرپ بولىدىغان يېمەكلىكنىڭ 46 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، ئامېرىكىلىقلار دۇنيادىكى خېلى زور بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ نامراتلىقتا ياشاۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. يەر شارىدىكى نۇرغۇن ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، مال سېتىۋېلىش پىخسىقلىقنى، ئىقتىسادچانلىقنى يېتىشتۈرىدىغان جەريان. چۈنكى، ئۆزۈڭنىڭ سېتىۋېلىش ئارزۇيىڭنى تىزگىنلەپ تۇرمىساڭ بولمايدۇ ـ دە. لېكىن، زور كۆپچىلىك ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، مال سېتىۋېلىش ئۇلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسلىرىدىن بىرى ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار مال سېتىۋېلىشنى ئارزۇسىنى قانائەتلەندۈرىدىغان بىر جەريانغا ئايلاندۇرۇۋالغان . . . دۇنيادا ھازىر بەشتىن بىر قىسىم ئادەم ھەر كۈنلۈك تۇرمۇشىنى بىر ئامېرىكا دوللىرى بىلەن قامدايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى مۇشۇنداق نامرات بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ھەر خىل كېسەللىكلەر ۋە ئاچلىق ئۇلارنىڭ دائىملىق ھەمراھى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاشلىق ۋە يېزا ئىگىلىك تەشكىلاتىنىڭ ستاتىستىكىسىدىن قارىغاندا، ھەر كۈنى تەخمىنەن 35 مىڭ 600 بالا ئاچلىق سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدىكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاچلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەر خىل كېسەللىك ئۇلارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىكەن.

ئامېرىكا دۇنيادىكى نامراتلىق مەسىلىسىنى چۈشەنمەيدۇ ئەمەس. بىز ئامېرىكىلىقلار دائىم چەت ئەلگە يېمەكلىك ياردەم بەرگەنلىكىمىزدىن پەخىرلىنىپ يۈرىمىز، لېكىن ئۆزىمىزنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ پۈتۈن دۇنيانىڭ ئورتاق ئۆلچىمىدىن ناھايىتى يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. بىزنىڭ «بۇنداق ئىشلارنى خەۋەر قىلمىدى، ئۇلارنىڭ تاشقى دۇنياغا نىسبەتەن قىلچە

قىزىقىشى يوق، نامراتلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرمەسكە سالدى» دەپ مەتبۇئاتىمىزدىن ئاغرىنىۋېرىشىمىزنىڭ ئورنى يوق. ئۆزىمىزدىمۇ مەسىلە بار، ئۆزىمىزمۇ چەت ئەلگە چىقىپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ باقمىدۇق. سانى ئۇنچە كۆپ بولمىغان چەت ئەلگە ساياھەتكە چىقىدىغان ئامېرىكىلىق ساياھەت دائىرىسىنى ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدىغان دۆلەتلەر دائىرىسىدە چەكلەپ، ساياھەتنىڭ قولايلىقلىقىدىن زوق ئېلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىز بىلىپ - بىلمەي ئەلا كۇتۇشلەردىن بەھرىمەن بولۇۋاتىمىز.

لېكىن، دۇنيانىڭ نەزىرىدە ئامېرىكىنىڭ سىرى پەقەت ئۇنىڭ بايلىقىدىلا ئەمەس. ما ئەپەندىگە ئوخشاش نۇرغۇن ئادەم ئامېرىكىنى تەۋەككۇلچىلىك، ئويۇن - تاماشا، راھەت بىلەن بىرلەشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.

مەن بالدىمۇدا كىچىكرەك بىر قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرىدىم. ماشىنىنىڭ ئالدىدىكى بىخەتەرلىك پولات تاختا ئېگىلىپ كەتتى. ماشىنام ماشىنىسى بىلەن سوقۇلۇپ كەتكەن ئىككى ياش بەكمۇ دوستانە بالىلار ئىكەن، مەندىن تەكرار - تەكرار كەچۈرۈم سورىدى. ئاخىردا ئۇلار نەدىن كەلگەنلىكىمنى سورىدى. جاۋابىمنى ئاڭلاپ ئىككىيلەن تەڭلا:

— ئامېرىكا بۇ يەردىن كۆپ گۈزەل، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن بۇ قاراشقا قوشۇلدۇم، ئامېرىكا ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى، لېكىن مەن:

— بالدىمۇدىكى مېنىلئار چېركاۋى ياۋروپادىكى ئەڭ گۈزەل چېركاۋ ئىكەن، — دەپ قويدۇم.

— ئامېرىكا بەكمۇ چوڭ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇلار سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ. ئۇلارنىڭ كۆزى چاقناپ تۇراتتى. مەن باش لىڭشىتتىم.

— نۇرغۇن ئېگىز بىنا، ئاجايىپ - غارايىپ مېھمانخانا،

ھەشەمەتلىك تانسىخانىلار بار، يەنە نۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلار بار، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇلار يەنە.

مەن راست ئىكەنلىكىنى تەستىقلىدىم. بىز ئۇن مىنۇتتەك پاراڭلاشتۇق. ئۇلار ھەربىر جاۋابىمغا كۈلۈمسىرەپ باش لىڭشىتتى ۋە بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويدى. ئارقىدىن ئۆز خىيالىدىكى بىر قىسىم مودا جايلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

چەت ئەللىكلەرنىڭ ئامېرىكىغا بولغان ھەۋىسى ۋە قىزىقىشلىرىنىڭ سەۋەبىنى ئاددىيلا ئامېرىكىنىڭ بايلىقىدىن ئىزدىسەك بولمايدۇ. دۇنيادا ئامېرىكىدەك نۇرغۇن باي دۆلەتلەر بار. لېكىن، ئۇلاردىن پەرقلىنىدىغان جايىمىز، مودا بولۇۋاتقان قاراش بويىچە ئېيتقاندا «ئامېرىكا بەكمۇ جەلپكار، ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئىشلار بىلەن تولغان.»

ئامېرىكىدىكى تىنىم - تاپماي كۈرەش قىلىدىغان، باشلامچى بولۇشنى خالايدىغان مىللىي روھ، قورقۇمسىز، خىجىل بولمايدىغان مىللىي ساپا ئۇنى تەرەققىياتنىڭ چەكسىز تۈرتكىلىك كۈچى بىلەن تەمىنلىگەن. نيۇيوركنى چۈشىنىدىغان ھەربىر كىشى بۇ نۇقتىنى ئېنىق ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان بىپايان زېمىن، تەڭداشسىز گۈزەل تېررىتورىيە، غەربتىكى چوڭ جىلغا، يوسمىت دۆلەت باغچىسى، ئالياسكىدىكى بىپايان دالىلار ئادەمنى ھەم شادلاندۇرىدۇ، ھەم ھاياجانلاندۇرىدۇ. بۇلار ھېچقاچان ھاياتىي كۈچ ۋە ئىشەنچتىن ئايرىلىپ باقمىغان. ئۇ ناھايىتى كەڭ، رىقابەت بىلەن تولغان، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت. ئۇ يەردە پۇل مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقنىڭ بەلگىسى. ئامېرىكىنىڭ كەڭ ئاسمىنى، چەكسىز زېمىنى فرانسىيە يازغۇچىسى سىمۇن بولىۋانى ئاجايىپ مەھلىيا قىلغان. 1947 - يىلى بولىۋا ئامېرىكىنى زىيارەت قىلغاندا مۇنداق دەپ يازغان: «سەن بۇ زېمىندا ئاجايىپ گۈزەل ئىلھامغا ئىگە بولىسەن، بۇ يەردە ھەرقانداق ئىشنى قىلىش ئىمكانىيىتى بارلىقىنى

بايقايسەن.»

بۇنداق ئۇمىدۋارلىق بۇ دۆلەت قۇرۇلغاندىلا مەۋجۇت ئىدى. بۇ نۇقتىدىن كىشىلەر ئامېرىكىنىڭ قانداق قىلىپ بۇگۈنكىدەك باي ھالەتكە كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلىۋالالايدۇ. تارىخچى جورجى سانتايانا بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «ئامېرىكىلىقلار تەۋەككۇلچى خەلق. ئامېرىكا يېڭى قۇرۇلۇقىنىڭ بايقىلىشى ماھىيەتتە ياۋروپا ئاھالىسىنىڭ بىر مەزگىللىك تاللاش جەريانى بولغانىدى. مۇتەئەسسىپ، ھورۇن كىشىلەر ئۆز جايىدا قېلىپ قالدى. ئىزدىنىش روھىغا باي، رېئاللىقتىن قانائەت قىلمايدىغان ئادەملەر سىناپ بېقىش ئويى بىلەن بۇ يېڭى قۇرۇلۇققا يېتىپ كەلدى.» 1782 ـ يىلى فرانسىيىلىك كۆچمەن خېكتور كىپون «بىر ئامېرىكىلىق دېھقاننىڭ خەتلىرى» دېگەن نامدا بىر پارچە كىتاب ئېلان قىلدى. ئۇ كىتابىدا: «بىر ياۋروپالىق بۇ زېمىنغا ئەمدىلا قەدەم قويغاندا ئۇنىڭ زېمىنىسىدە ھېچقانداق يوق ئىدى، شەيئىلەرگە بولغان قارىشىمۇ چەكلىك ئىدى. لېكىن، ئۇ تويۇقسىز ئۆزىنىڭ ئارىلىق ئۆلچىمىنى ئۆزگەرتتى. ئىلگىرى 200 ئىنگلىز مىلى بەك يىراق مۇساپە بولسا، ھازىر بۇنچىلىك مۇساپە ئاددىي گەپكە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ ئامېرىكا يېڭى قۇرۇلۇقىنىڭ ھاۋاسىدىن تۇنجى قېتىم نەپەس ئېلىپ پىلان تۇزۇشكە، ئىشلەشكە كىرىشتى. بۇنداق ئەھۋالنى ئۇلارنىڭ ئەسلىي يۇرتىدا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى» دەپ يازدى.

1906 ـ يىلى رۇسىيە يازغۇچىسى ماكسىم گوركىي: «ئامېرىكىدا غايەت زور ئېنېرگىيە بار، شۇڭا بۇ دۆلەتتىكى ھەرقانداق ئىش — مەيلى ياخشى ئىش ياكى يامان ئىش بولسۇن — باشقا جايغا قارىغاندا ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىدۇ» دەپ يازدى. ئەھۋال دېمىسىمۇ شۇنداق. ئامېرىكا دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغان 125 يىلدا دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى. 1918 ـ يىلى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندا ئامېرىكىنىڭ

ئىقتىسادىي كۈچى ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە رۇسىيە ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. دۇنيا ئۇرۇشى ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. چۈنكى، ئۇرۇش ئاياغلاشقاندا دۇنيا بويىچە ئىقتىسادى ئاجىزلاشماي تەرەققىي قىلىپ تۇرغان بىر دۆلەتتىن ئامېرىكىلا قالغانىدى. بۇ ھالەت ئامېرىكىنىڭ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالەتتە بايلىققا ئىگە بولۇشىغا مۇستەھكەم ئاساس سالدى.

ئامېرىكىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان ئالتۇن دەۋرى 1945 ـ يىلى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن باشلاندى. 1973 ـ يىلى نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتلەر يۈرگۈزگەن نېفىت ئەمبارگوسى 28 يىل داۋاملاشتى. تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن نېفىت ئەمبارگوسى يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان ئالتۇن دەۋرى ئاخىرلاشتى. بۇ تاسادىپىي ماس كېلىپ قېلىش ئەمەس، بەلكى مۇقەررەرلىك ئىدى. ئىلگىرى نېفىت ئەرزان بولغاچقا ماشىنا سانائىتى گۈللىنىپ، ئادەملەرنىڭ ماشىنىغا بولغان مۇھەببىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يۇقىرى پەللىگە چىققان، بۇ ھالەت ئەينى دەۋر ئىقتىسادىنىڭ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولغانىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكىدا پىكاپنىڭ قاتناش سىستېمىسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنى مۇستەھكەملەندى. بۇنىڭ سەۋەبىنى كارخانىلارنىڭ بىرلىشىپ كېتىشىدىن (شۇ چاغلاردا ئاممىباب ئاپتوموبىل شىركىتى بىلەن ئۆلچەملىك نېفىت شىركىتى بىرلەشتى. پىرىستون چاق شىركىتى بىلەن كاۋچوك شىركىتى مەخپىي ھالدا مەملىكەتلىك ئاپتوبۇس شىركىتى بىلەن تراموۋاي شىركىتىنى سېتىۋېلىپ ئۇلارنى مەجبۇرىي ۋەيران قىلىۋەتتى، پىكاپنىڭ رىقابەتچىسىنى كۆزدىن يوقاتتى)، ھۆكۈمەتنىڭ پىلانىدىن (1956 ـ يىلى ۋاشىنگتون ھۆكۈمىتى زۇڭتۇڭ ئېيزىنخاۋېرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان تارىختىكى ئەڭ چوڭ

ئاممۇۋى قۇرۇلۇش پىلانىنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە جايىغا تۇتاشقان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول سىستېمىسى بارلىققا كەلدى) ، پىكاپىنىڭ چاققان بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقىدىن كۆرۈش كېرەك. پىكاپىنىڭ كۆپىيىشى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. ئىقتىساد ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى، شەھەر ئەتراپى رايونلىرىنىڭ شەكىللىنىشى جەمئىيەت، مۇھىت ۋە مەدەنىيەتكە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. زور مىقداردىكى يېڭى تاشيول، يېڭى تۇرالغۇ، يېڭى مەكتەپ ۋە باشقا ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە مىليونلىغان ئامېرىكىلىق شەھەردىن شەھەر ئەتراپىغا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشتى. ئىقتىساد ئىزچىل غىدىقلىنىپ تۇردى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان مۇناسىۋەتلىك كارخانىلار غايەت زور پايدا ياراتتى، شەخسلەرنىڭ ھەمىيىنى پۇل بىلەن تولدى.

ھازىرقى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئادەتكە ئايلانغان يۇقىرى ئىستېمالچىلىق تۇرمۇش شەكلى ئەنە شۇ ئىقتىساد تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان ئالتۇن دەۋرنىڭ نەتىجىسى. ئۇنىڭ مەنبەسىنى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىستېمال بۇيۇملىرى كەڭ كۆلەمدە ئىشلەپچىقىرىلغان، ئېلان پەيدا بولغان ئاشۇ يىللارغا قەدەر سۈرۈش كېرەك. ئەينى چاغدا ھەربىر ئائىلىدە ئىككىدىن ماشىنا بولاتتى. بىرنى ئاتا خىزمەتكە بارغاندا ئىشلەتسە، يەنە بىرنى ئانا ئائىلە ئىشلىرىنى قىلغاندا ئىشلىتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شۇ يىللاردا تۇيۇقسىز، بازارنى ئەمگەك كۈچىنى تېجەيدىغان قاچا يۇغۇچ، چاڭ ـ توزان سۈمۈرگۈچ، كىر ئالغۇ، قۇرۇتقۇ دېگەندەك ئائىلە سايمانلىرى قاپلاپ كەتتى. بىر كېچىدىلا رادىئو مودىدىن قېلىپ تېلېۋىزور پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ياخشى كۆرىدىغان تاۋارغا ئايلاندى. تېلېۋىزوردىكى تاۋار ئېلانى كىشىلەرنىڭ سېتىۋېلىش ئارزۇسىنى غىدىقلىدى، نۇرغۇن ئېسىل بۇيۇملار بازارغا چىقتى، بازار تەكشۈرۈش ئومۇملاشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئامېرىكىلىقلارنى

دۆلەتنىڭ پۇقراسى دېگەندىن كۆرە ماگىزىندىكى خېرىدارى دېسە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر ھالەت شەكىللەندى.

ئالتۇن دەۋردە ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قىلغان جاي ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان كالىفورنىيە شتاتى بولدى. كالىفورنىيە گويا جەننەتكە ئايلاندى. ھوللىۋود كىنولىرى تەسۋىرلىگەن كالىفورنىيە ئادەملەر مەڭگۈ رومانتىك، ئەركىن ـ ئازادە، باھار پەسلىدىكىدەك ياشايدىغان بىر جايغا ئايلاندى. بۇ شۇنداق ئاجايىپ بىر جاي بولۇپ قالدىكى، شېرىن چۈشلىرىڭىز بۇ يەردە ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئەركىن ـ ئازادە ياشىيالايسىز، ھەممە يەردە كۈن نۇرى، چىرايلىق دېڭىز ساھىلى، ساھىل بويىدا يايراپ يۈرگەن ئادەملەر، ساھىلغا قاراپ كېتىۋاتقان ھەشەمەتلىك پىكاپلار... «بۇ يەر ھەقىقەتەن ئويناشقا ئەڭ مۇۋاپىق جاي.» «ساھىلدىكى ئوغۇل بالا» دېگەن كىنونىڭ ناخشىسىدا تەسۋىرلەنگەندەك، بۇ يەر ياشلارنى بەكمۇ جەلپ قىلىدۇ. ياشلار مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بۇ يەرگە توپ ـ توپ بولۇپ ئويىنغىلى كېلىدۇ. ئەينى چاغدا كالىفورنىيىنىڭ سېھرىي كۈچى بەكمۇ يۇقىرى ئىدى، خۇددى ھازىرقى ئامېرىكا بۇ دۇنيانى جەلپ قىلغاندەك سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىدى. بۇ يەردىكى ئەركىنلىك، گۈزەل مىنۇتلار ئادەمنى ھاياجانغا سالاتتى.

## بىر ھويلىدىكى نامراتلار ۋە بايلار

باي ـ نامراتلىق پەرقى بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا ئامېرىكىنى باي ۋە تىنچ دېيىشكە بولىدۇ. ب د ت نىڭ 1999 ـ يىللىق ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ھەققىدىكى دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە: «دۇنيادىكى 1/5 ئەڭ باي ئادەم 86 پىرسەنت تاۋار ۋە مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولسا، 1/5 ئەڭ

نامرات ئادەم بىر پـــرسەنت مۇلازىمەت ۋە تاۋاردىن بەھرىمەن بولالايدۇ» كەن. ئىنسانلاردىكى باي ـ نامراتلىق پەرقىنىڭ پەيدا بولغىنىغا نەچچە مىڭ يىل بولدى، لېكىن ھازىر جەمئىيەتتە تۈپ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. تېلېۋىزور نامراتلارغا ئۆزىنىڭ نەقەدەر نامراتلىقىنى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. نامراتلار بۇنداق تونۇشقا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئوخشىمىغان ئىنكاسلاردا بولىدۇ. شۇڭا، ئامېرىكا ھازىر يېڭى ئەسىردىكى ئەڭ زور خىرىسقا دۇچ كەلدى. ئۇ ھازىر ئىنسانىيەت چوڭ ئائىلىسىدىكى نامراتلىققا جەڭ ئېلان قىلـــىپلا قالماي، ئىنسانلار ياشاش ئۈچۈن تايىنىدىغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغدىشى كېرەك. نامراتلىق تېررورلۇق كېسەللىكىنىڭ يىلتىزى، نامراتلار ۋە بايلار ئۈچۈن ئورتاق تەھدىت.

2001 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، قاھىرەدە چۈشلۈك تاماق يەۋاتقاندا، خارىبي ئىسىملىك بىر ئىنژېنېر ماڭا: «بۇ كوچىنى بويلاپ سەيلە قىلغاچ ئۇچرىغان ھەرقانداق ئادەمدىن ئامېرىكا ھەققىـــدىكـــى تەسىراتىنى سورىسىڭىز، ئۇلار ئامېرىكا بىز بېرىشنـــى ئارزۇ قىلىدىغان ئەركىن تۇرمۇشنىڭ جەننىتى دەپ جاۋاب بېرىدۇ» دېدى. بۇ قاراش بىلەن دۇنيادىكى سانسىز نامراتلارنىڭ قارىشى تامامەن ئوخشاش. مەن يولۇقتۇرغان ئادەملەر ئىچىدە ئامېرىكىنىـــــڭ بايلىقىدىن نەپرەتلىنىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. ئۇلارمۇ جۇڭگولۇق ما ئەپەندىگە ئوخشاش ئامېرىكىلىقلارنىڭ باي بولۇش سىرىنـــى بىلىۋالسام، ئۇلاردەك باي بولسام دەپ ئويلايدۇ ۋە مۇشۇ نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

بەزى چەت ئەللىكلەرنىڭ كۆزقارىشى ھەقىقەتەن كەسكىنرەك. ئۇلار، ئامېرىكا ئازابتا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئادەملـەرنـــىڭ تۇرمۇشى بىلەن قىلچە كارى يوق، دەپ ئاچچىقلايدۇ. 1992 ـ يىلى سودانىنىڭ جەنۇبىدىكى نەچچە يىللىق ئىچكى ئۇرۇش ئاياغلىشىپ، ھەممە جاي ئاچارچىلىق ۋە ھەر خـــىل ئاپەتلەر ئـــىچـــىدە

قىينىلىۋاتقاندا، مەن شۇ يەرلىك نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان داۋۇد ئىسىملىك بىر ئادەم بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «بەزىدە مەن چەت ئەللىكلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتى بىزنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈنمىكىن دەپ قالىمەن. ئۇلار بۇ يەردە رەسىم تارتىدۇ، سوئال سوراپ خاتىرە قالدۇرىدۇ، ئاندىن قايتىپ كېتىپ ئۆزىنىڭ راھەتلىك تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بىز ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك بۇ يەردە ئازاب ئىچىدە ياشاۋېرىمىز.» مەن بىر قېتىم سانت پېتېربۇرگدا بىر رۇسىيىلىك دوستۇمنى دوستانىلىك بىلەن، تاماكىنى نېماندداق كۆپ چېكىسەن، دەپ تەنقىد قىلىپ: «ئەجەبا، سەن سالامەتلىكىڭگە كۆڭۈل بۆلمەمسەن؟» دېدىم. ئۇ مەنىستىمەسلىك بىلەن ماڭا قاراپ قويۇپ، تاماكىنى قېنىپ بىر شورىغاندىن كېيىن: «ماك، سەن ماڭا پاسپورتىڭنى ئالتە ئايلىق بېرىپ تۇر، ئامېرىكىغا كېتەي. سەن بۇ يەردە قال، ئالتە ئايدىن كېيىن كۆرۈشەيلى، قېنى شۇ چاغدا كىم تاماكىنى بەكرەك چېكىدىكىن» دەپ جاۋاب بەردى.

نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئاز بىر قىسىم ئادەملەر بار، ئۇلار ئامېرىكىنىڭ تۇرمۇش شەكلىگە ھەۋەس قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى قارىغۇلارچە دورايدۇ. ئامېرىكىدا ماي سەرپىياتى ناھايىتى يۇقىرى، بەكمۇ ئىغىر تەنھەرىكەت ماشىنىسى بار. بۇ ماشىنىنىڭ سېتىلىش مىقدارى پۈتۈن ئامېرىكىدىكى يېڭى ماشىنىلارنىڭ سېتىلىش مىقدارىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. ھازىر ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى چوڭ شەھەرلەردە بۇنداق ماشىنىنى دائىم ئۇچرىتىمەن. نۇرغۇن چەت ئەللىكلەر ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى قارىغۇلارچە دوراش ھەقىقەتەن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ھەتتا دۆتلۈك. مىسىرلىق ئىنژېنېر خارنېي ماڭا: «ئامېرىكىدىكى چوڭ تىپتىكى ماگىزىنلاردا ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن ئۇن تۈرىدىكى مەھسۇلاتلار بىلەن سوپۇن ۋە سېغىزنىڭ نەچچە يۈز خىل تۈرى بار ئىكەن. مەن بۇنى كۆلكىلىك ھېس قىلدىم، چىش پاستىسى دېگەندەك

نەرسىلەرنىڭ بەش ـ ئالتە تۈرى بولسىلا يېتەرلىك ئەمەسمۇ» دېدى.

ئامېرىكىنىڭ ئىستېمالىنىڭ يەر شارىغا بولغان تەسىرىنى ئاددىي چاغلاشقا بولمايدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئاھالىسى دۇنيا ئاھالىسىنىڭ بەش پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن، ئۇ ئىنسانىيەت مۇھىتىدىكى 25 پىرسەنت بايلىققا مەسئۇل بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئامېرىكا ۋەيران قىلىۋېتىدىغان يامغۇرلۇق ئورمان، سازلىق، نەسلى قۇرىغان جانلىقلار، ئىشلەپچىقىرىدىغان بۇلغانما دۇنيانىڭ 25 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، سۇ بايلىقىنى زەھەرلەيدىغان TCDD ۋە دۇنيانىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىۋېتىدىغان كاربون چالا ئوكسىدىنىڭ 25 پىرسەنتىنى ئامېرىكا پەيدا قىلىدۇ. بىز بۇ يەردىكى بەش پىرسەنت بىلەن 25 پىرسەنتنى سېلىشتۇرساق ئامېرىكىنىڭ ئىستېمالىدىكى يۇقىرىلىقنى بايقايمىز. شۇنداقتىمۇ ئامېرىكا ئۆزىنىڭ غايەت زور ئاشقازىنىنى چەكلەشنى رەت قىلىپ كەلدى. مەسىلەن، ئامېرىكا پۈتۈن دۇنيانىڭ تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى توسۇشنى مەقسەت قىلغان «كيوتو ئەھدىنامىسى» گە ئىقتىسادىي مەنپەئەتىمىزگە زىيان يېتىدۇ دەپ قارشى تۇردى. ئامېرىكا پارلامېنتى ئاپتوموبىل يېقىلغۇسىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدىكى لايىھىنى رەت قىلدى. شۇڭا، ئامېرىكىنىڭ ئاپتوموبىللىرى قويۇپ بېرىدىغان بۇلغانمىلارنىڭ مىقدارى «كيوتو ئەھدىنامىسى» دا بەلگىلەنگەندىن ئارتۇق بولدى. ئامېرىكا قارىماققا ئۆز مەنپەئەتىدىن باشقا ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بىر ئاچ كۆزگە ئوخشايدۇ. ھېلىقى مىسىرلىق ئىنژېنېر مۇنداق دېگەنىدى: «ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەممىسى شەخسىيەتچى، سىلەرنىڭ ئىستېمال قارىشىڭلارمۇ ھەم شۇنداق. سىلەر ئۆزۈڭلارغا پايدا يېتىدىغان ئىشتىن باشقا ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەيسىلەر.»

كۆلكىلىك يېرى، ئامېرىكا مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچى دەپ قارالسىمۇ، ھازىرقى زامان مۇھىت ئەخلاقى ئۆلچىمىنى

تۇزگۇچىلەر يەنىلا بىز ئامېرىكىلىقلار. 1872 ـ يىلى ئامېرىكا دۆلەت باغچىسىنى كەشىپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاقسۆڭەك جېمىس بولىس ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ ئىجادچان كىشى دەپ تەرىپلەندى. زۇڭتۇڭ ئۇلىسسېس گۆبېررانت تەرىپىدىن ئىمزالانغان بىر لايىھە بويىچە ئۇھئۇ شتاتىدىكى 200 تۈمەن گېكتاردىن ئارتۇق يەر سېرىق تاش تەبىئىي باغچىسى دەپ بېكىتىلدى. ئامېرىكا تۇنجى بولۇپ تەبىئىي قوغداش رايونى دېگەن ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ يەردىكى مۇھىتقا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق قىلمىش چەكلەندى. 1962 ـ يىلى راچېل كارسىرنىڭ «جىمجىت باھار» دېگەن ئەسىرى ئېلان قىلىنىپ، مۇھىت ئاسراش ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بېشى بەلگىسى بولۇپ قالدى. سانائەتنىڭ بۇلغىنىشىنى چەكلەش مۇھىم نۇقتىغا ئايلانغاندىن كېيىن پۇتۇن پۇقرالار قاتناشقان مۇھىت قوغداش ھەرىكىتى كېلىپ چىقىپ، ھۆكۈمەتنى «ھاۋانى پاكىزلاش قانۇنى»، «پاكىز سۇ قانۇنى»نى ماقۇللاشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ قانۇنلار باشقا دۆلەتلەر دورايدىغان ئۈلگىگە ئايلاندى. لېكىن، ئەڭ بەختسىز يېرىمىز شۇكى، ئۆتكەنكى 20 يىلدا ئامېرىكا ئەمەلىيەتتە ئەمەلىي ئىستېمالشۇناسلىق قارىشى بويىچە بۇ تارىخىي مىراسقا زىيانكەشلىك قىلدى.

ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش شەكلى بەكمۇ جەلپكار. ناۋادا يەر شارىدىكى ئالتە مىليارد ئادەمنىڭ ھەممىسى بۇنداق تۇرمۇش شەكلىنى قوغلاشسا، يەر شارىدەك ئۈچ پلانېتىنىڭ بايلىقىنى جەم قىلسا ئاندىن ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ، ھاسىل بولغان بۇلغانمىلارنىمۇ شۇنداق ئۈچ پلانېت ئاران سىغدۇرالايدۇ. لېكىن، بىزنىڭ بىرلا يەر شارىمىز بار. ئىنسانلار چوقۇم ھازىرقى مۇھىت بوشلۇقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. تېخىمۇ ئىلغار تېخنىكا ئېنېرگىيىنىڭ ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانلار قۇياش ئېنېرگىيىسىگە ياكى

باشقا يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسىگە يۈزلىنىشى كېرەك. يېزا ئىگىلىك، قاتناش، قۇرۇلۇش ۋە باشقا كەسىپلەردىكى تېخنىكا يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىش ئىنسانلارنىڭ مۇھىم تقا بولغان بۇزغۇنچىلىقىنى ئازايتىشى مۇمكىن. لېكىن، تېخنىكىنىڭ قىلالايدىغانلىرى بەكمۇ چەكلىك. نەچچە مىليارد نامرات كەلگۈسىدە تەقدىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنداق تىرىشچانلىق بىز ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان مۇھىتنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇڭا بايلارنىڭ مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىپ ئۆز ئىستېمالىنى ئازايتىشى ئەڭ ياخشى چارە.

بۈگۈنكى تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيەتتە ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئىش ئامېرىكا ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى. نوپۇس بويىچە ھېسابلىساق، جۇڭگونىڭ كىشى بېشىغا سەرپ قىلىدىغان ئېنېرگىيە مىقدارى ئامېرىكىنىڭ 1/10گە توغرا كېلىدۇ. لېكىن، مۇھىتقا ئاجايىپ كۆڭۈل بۆلىدۇ دەپ قارالغان كلىنتون ھۆكۈمىتى پارنىك ئېففېكتىنى ھاسىل قىلىدىغان بۇلغانمىلارنى قويۇپ بېرىشنى مەجبۇرىي ئازايتىش ھەققىدىكى تەكلىپنى رەت قىلدى، ناۋادا جۇڭگو ۋە باشقا چوڭ نامرات دۆلەتلەرمۇ بۇ شەرتكە قوشۇلسا بىز ئاندىن قوشۇلىمىز دەپ شەرت قويدى. جۇڭگولۇقلار بولسا، باي دۆلەتلەرنىڭ سانائەتلىشىش جەريانى كىلىماتتىكى ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، شۇڭا ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى باي دۆلەتلەر ئۈستىگە ئالماي نامرات دۆلەتلەر ئۈستىگە ئالسا بولامدۇ، دەپ قارىدى.

جۇڭگو دۆلەتلىك پىلان كومىتېتى ئېنېرگىيە تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بىيجىڭدا ماڭا مۇنداق دېدى: «ئامېرىكىلىقلار جۇڭگونىڭ پارنىك ئېففېكتى پەيدا قىلىدىغان بۇلغانمىلارنىڭ مىقدارىنى شال پاخلىغا ئوخشىتىدۇ. شال پاخلىنىڭ ئېغىرلىقى مۇھىتتىن ئىبارەت تۆگىنىڭ بېلىنى

ئېگىۋېتىپتىمىش. شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا سىلەر ئامېرىكىلىقلار بۇ تۆگىدىن يۇكۇڭلارنى چۈشۈرۈۋالمايسىلەر؟ ناۋادا بۇ تۆگە ئامېرىكىنىڭ بولسا، بوپتۇ، بىز پىيادە ماڭايلى، لېكىن بۇ تۆگە ئامېرىكىنىڭ ئەمەس. جۇڭگو نوپۇس نىسبىتى بويىچە ھېسابلاش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدۇ. بىز نېمە قىلالايمىز؟ ئوت قالىماي قىشتىن چىقىمىز دېيىش مۇمكىن ئەمەسقۇ؟»

بۇ سۆزلەر چاقچاق ئەمەس. جۇڭگولۇق تەرجىمانىم جۇڭگودىكى بىر كەنتتە چوڭ بولغان. ئۇلارنىڭ كەنتى بېيجىڭنىڭ غەربىدىن 120 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى بىر جايدا ئىكەن. ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى بەكمۇ نامراتلىق ئىچىدە ئۆتكەن. ئۇ يەر قىشتا بەكمۇ سوغۇق بولۇپ، كىشىلەر ئوتۇن ياكى شال پاخلى قالاپ ئۆينى ئىسسىتىدىكەن. تەرجىمانىم مۇنداق دېدى: «قالايدىغان شال پاخلى يېتىشمىگەچكە، ئۆينىڭ تورۇسىنى قىرىپ قاپلاپ كېتەتتى.» 1980 ـ يىللىرى جۇڭگو ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋەتكەندىن كېيىن، تەرجىمانىمنىڭ ئائىلىسىدەك نۇرغۇن ئائىلىلەر كۆمۈر سېتىۋالغۇدەك ئىمكانىيەتكە ئېرىشىپ قىشتا كۆمۈر قالايدىغان بوپتۇ.

تەرجىمانىمنىڭ دېگەنلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ 1 مىليارد 300 مىليون ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىرلەشتۈرسىڭىز جۇڭگونىڭ نېمە ئۈچۈن دۇنيادا ئامېرىكىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىدىغان دۆلەت بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ھېس قىلالايسىز. جۇڭگولۇقلار ئۆتكەنكى 20 يىلدا سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆپ مىقداردا كۆمۈرنى يېقىلغۇ قىلغاچقا قورقۇنچلۇق مۇھىت مەسىلىسى پەيدا بولدى. ھازىر دۇنيادىكى مۇھىت ئەڭ بۇلغانغان 10 شەھەرنىڭ توققۇزى جۇڭگودا. ئۇ يەردە ئۆلگەن ھەر ئۈچ ئادەمنىڭ بىرىنىڭ ئۆلۈمى ھاۋا ۋە سۇنىڭ بۇلغىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەلۋەتتە، پۈتۈن دۇنيامۇ بۇ بەختسىزلىكلەردىن خالىي ئەمەس. جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشى

تەخمىنەن 2020 ـ يىلى ئامېرىكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ ۋە مۇھىتقا بۇلغانما قويۇپ بېرىدىغان ئەڭ چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىدۇ.

جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا مۇھىتقا زىيان سالىدىغان ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت، ئۇلار دۇنيانىڭ كەلگۈسى ۋە ئىزچىل تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ دۇنيانىڭ ئىستېمال مىقدارىدا ئىگىلەيدىغان نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى. ئۇلارنىڭ ھەمكارلىقىسىز مۇھىتقا بۇلغانما قويۇپ بېرىش مەسىلىسى تۈپتىن ھەل بولمايدۇ. جۇڭگودىكى مۇھىتنىڭ بېسىمىنى غايەت زور نوپۇس سانى پەيدا قىلغان، دۇنيادىكى ھەر تۆت ئادەمنىڭ بىرى جۇڭگولۇق. ئامېرىكىنىڭ دۇنيا مۇھىتىغا چۈشۈرگەن بېسىمى ئۇنىڭ ئىسراپخور ئىستېمال شەكلىدىن كەلگەن. بىلىش كېرەككى، ئامېرىكا دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ ئۈچىنچى دۆلەت، لېكىن جۇڭگونىڭ نوپۇسى ئامېرىكىدىن تۆت ھەسسە كۆپ، ئەمما ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمالى جۇڭگولۇقلارنىڭكىدىن 23 ھەسسە كۆپ. جۇڭگودا ھەر 500 ئادەمگە بىردىن پىكاپ توغرا كېلىدۇ، ئامېرىكىدا ھەر ئىككى ئادەم ئىچىدە بىرىنىڭ بىر پىكاپى بار.

## چۈشىدە سەيلە قىلغاندەك مال سېتىۋېلىش

ماشىنا سېتىۋېلىش ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىستېمال قارىشىدىكى روشەن ئالاھىدىلىك. ئۇلار بۈگۈن ماشىنا سېتىۋالمىسا ئەتە ماشىنا تۈگەپ كېتىدىغاندەك قىلىشىپ كېتىدۇ. يازدا بىز ھاۋا تەڭشىگۈچنى ئەڭ يۇقىرى خوتقا سېلىپ ئۆي، ماگىزىن، كىنوخانىلىرىمىزنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىمىز، قىشتا تۆۋەن تېمپېراتۇرا نارازىلىقىمىزنى قوزغايدۇ. باللار ۋە چوڭلارنىڭ ھەر تۈرلۈك ئادەتتىكى ئويۇنچۇقلىرى بار، ئەمما ئۇلار يەنە تېخىمۇ نوچى

ئويۇنچۇق سىنئۇالساق دېگەن ئويدا. ئاۋۋال فوتوئاپپارات، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور، ئاخىردا DVD سېتىۋالدۇق. ھازىر قار تېيىلىدىغان چانا سېتىۋالساق، كۆپ ئۆتمەي يەنە يېڭىسىنى ئالغۇمىز كېلىدۇ. 1999 - يىلى ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئىستېمالى 53 مىليارد 500 مىليون دوللار بولغان. بۇ سان دۇنيادىكى ئەڭ نامرات 27 دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدىن ئارتۇق. ئائىلىلىرىمىز تەمىنلىگەن يېمەكلىكنىڭ مىقدارىنى ھەرقانداق ئادەم يەپ تۈگىتەلمەيدۇ. قۇلايلىق دۇكانلاردىكى ئىچىملىك قاچىسىنىڭ چوڭلۇقى ئادەمنىڭ كۆلىكىسىنى قوزغايدۇ. ئىشلىتىلىپ بولغان قاچىلار ناھايىتى تېزلا ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلىنىدۇ. ھەر كۈنى نۇرغۇن ئەخلەت يەر ئاستىغا كۆمۈلىدۇ. ئامېرىكىدا ھەرقانداق تاۋار بەكمۇ چىرايلىق ئوراپ - قاچىلانغان بولىدۇ. ئوراپ - قاچىلىغان بويۇمنى ئىشلىتىپ بولۇپلا تاشلىۋېتىمىز. كۆپىنچە ئامېرىكىلىق ئۆزىنى مۇھىتقا كۆڭۈل بۆلگۈچىلەرنىڭ ئۈلگىسى دەپ قارايدۇ، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بوتۇلكا، قەغەز قاچا، گېزىت قاتارلىق نەرسىلەرنى قايتا - قايتا ئىشلىتىدۇ. لېكىن، تۇرمۇش شەكلىدە تۈپ ئۆزگىرىش ھاسىل بولمايدىكەن بۇنداق قايتا ئىشلىتىشنىڭ چوڭ ئۈنۈم بېرىپ كېتىشى ناتايىن. مەسىلەن، 1975 — 1998 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئامېرىكىدا گېزىتنىڭ قايتا ئىشلىتىلىش مىقدارى ئۈچ ھەسسە يۇقىرى ئۆرلىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە تېخىمۇ كۆپ گېزىت تاشلىۋېتىلگەن، ئومۇمىي ئىستېمال نىسبىتى تېزلىكتە ئۆسكەن.

ھەربىر ئامېرىكىلىق ئۆزىنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئىستېمال قارىشى ئۈچۈن مەسئۇل بولۇشى كېرەك. لېكىن، ھەممە يەرنى ئېلان قاپلاپ كەتكەن شارائىتتا، بۇ ئەلۋەتتە بىزنىڭ خاتالىقىمىز ئەمەس. ئېلان مەڭگۈ ئادەمنى جەلپ قىلىدۇ. شېرىن - شېكەر

گەپلەر بىلەن تولغان ئېلان ھەتتا بەزىدە بىزدىن مودا كۆڭۈل ئېچىش سىستېمىسى سېتىۋېلىش ھېسابىغا پۇلىمىزنى تۆھپە قىلىۋېتىشىمىزنى ئوچۇق - ئاشكارا تەلەپ قىلىدۇ. ئامېرىكىلىقلار ئەتىگەندە كۆزىنى ئاچقاندىن كەچتە كۆزىنى يۇمغانغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ (شۇبھىسىزكى، ئېلان كارخانىلىرىنىڭ خوجايىنلىرى بارلىق ئامال بىلەن قەلب دۇنيايىمىزغا بېسىپ كىرىشنىڭ ئامالىنى قىلىدۇ). ئامېرىكا تېلېۋىزىيىسى ھەر ئۈچ مىنۇتتا بىر قېتىم ئېلان بېرىدۇ. بالىلار ئېلاننىڭ ئالاھىدە ئوبيېكتى، بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئاۋازنىڭ تامغىسى بېسىلىدۇ. چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇلار سەممىي بىر خېرىدارغا ئايلىنىدۇ. مەيلى بالىلار قانچىلىك كىچىك بولسۇن، ھەممىسى ئېلاننىڭ تەشۋىقات ئوبيېكتى. ئامېرىكا ئۆسمۈرلىرى يەتتە ياشتىن بۇرۇن ھەر ھەپتىدە 27 سائەت تېلېۋىزور كۆرىدۇ، ھەر كۈنى تەخمىنەن تۆت سائەت تېلېۋىزور كۆرىدۇ. دېمەك، ئۇلار بىر يىلدا تەخمىنەن 20 مىڭ پارچە ئېلان كۆرىدۇ. بۇ سان ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

بانكا قەرزى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغان. ئىستېمال بەكمۇ ئوڭاي ئىش بولۇپ قالدى. بانكا ھەر يىلى ئىستېمالچىلارغا بېرىدىغان قەرزنىڭ سانى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئامېرىكىدا تۆت مىليارد ئىناۋەتلىك كارتوچكا بار. ھەربىر ئايال، ئەر، بالىغا ئورتاق ھالدا ئون بەشتىن كارتوچكا توغرا كېلىدۇ. «كارتوچكا ئىشلىتىش» ئامېرىكىدىكى ئەڭ مودا سۆز. ئەلۋەتتە، قەرز ئالغانىكەن قايتۇرۇش كېرەك. شۇڭا، 1995 — 1999 - يىللىرىغىچە بولغان تۆت يىلدا ئامېرىكىلىق شەخسلەرنىڭ ۋەيران بولۇش نىسبىتى 70 پىرسەنتكە يەتتى.

ئەجەبلىنەرلىكى، ئامېرىكىدا ماگىزىنلار چېركاۋ، بازارلىق مەيدانلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ بۈگۈنكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ

مەركىزىگە ئايلاندى. ئامېرىكا يازغۇچىسى بىل برىزون ئەنگلىيىدە 20 يىل ياشىغاندىن كېيىن 1996 - يىلى ئامېرىكىغا قايتىپ كەلدى. يېڭى كەلگەندە ئۇ ۋەتەنداشلىرىنىڭ دوستلۇقى ۋە مەردلىكىدىن ھەيران قالغان. ئۇ ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ كەلگەن ئاشۇ ھەپتىسى بىر قىسىم تونۇمايدىغان كىشىلەرمۇ ماشىنا بىلەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن تاتلىق ھاراق، ئۆيدە پىشۇرۇلغان ھەر خىل پىشۇرۇق ھەتتا ئائىلە سايمانلىرىغىچە ئەكېلىپ بەرگەن. لېكىن، بۇنداق چېكىدىن ئاشقان ئىستېمالچىلىق قارىشى ئۇنى بەكمۇ ئۇمىدسىزلەندۈرگەن. بىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۇ ئايروپىلانغا چىقىشتىن بۇرۇن بىر ئىستاكان قەھۋە ئالماقچى بوپتۇ. لېكىن، ئالدىدىكى ئۆچىرەت مىدىرلاي دېمەپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭ نۆۋىتى كېلىپ ئۆچىرەتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىر مەسىلىگە دۇچ كەپتۇ: قەھۋەنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرى بولۇپ، ئۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر تۈرىنى تاللىشى كېرەك ئىكەن. ناۋادا ئۇ بىر تۈرنى تاللىمىسا مۇلازىمەتچى ئۇنىڭغا مۇلازىمەت قىلىشنى رەت قىلىدىكەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇ بىر ئىستاكان ئاددىي قەھۋە ئالماقچى. ئۇ ماگىزىندىمۇ شۇنداق مەسىلىگە يولۇقۇپتۇ. ئۇ ئون نەچچە ماگىزىننى ئارىلاپ، ماگىزىنلارنىڭ ھەر تۈرلۈك زۆرۈرىيەتسىز ئەخلەتلەر بىلەن تولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ۋەتەنداشلىرى بۇنداق ئەھۋالدىن ناھايىتى رازى ئىكەن. برىزون مۇنداق دەيدۇ: «بۇنداق نۇرغۇن غەيرىي تاۋارلار ئىچىدىن تاللىۋېلىش ئۇسۇلى ئوتايلا كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. تاۋار جىق بولغانسېرى تەلەپ تېخىمۇ ئاشىدۇ. بىز شۇنداق بىر جەمئىيەتنى ياراتتۇق، كىشىلەر ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى پارچە سېتىش ماگىزىنلىرىدا تاۋار تاللاپ ئىسراپ قىلىدۇ. بۇنداق ھادىسە تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان...»

مىليونلىغان مال سېتىۋېلىش تەلۋىلىرىدىن باشقا ئامېرىكا بىر دۆلەت گەۋدىسى سۈپىتىدە مۇشۇنداق ئىستېمال ئارقىلىق

ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىنى ساقلاشقا موھتاج. سىتمېۋبىلىش ئىستېمالى ئامېرىكا دۆلەت ئىچى ئىقتىسادىي پائالىيىتىنىڭ 2/3 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ناۋادا كىشىلەر بۇنداق ئىستېمال سۈرئىتىنى توختىتىپ قويسا ياكى ئاستىلاتسا ئىقتىسادتا چېكىنىش كېلىپ چىقىپ ئىشچىلار ئىشسىز قالىدۇ. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى بۇنداق خەتەرنى تولۇق ئىسپاتلىدى. تېررورلۇق ھۇجۇمى دۇنيا سودا بىناسىنى ۋەيران قىلىپلا قالماي ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ جان تومۇرىغىمۇ تەھدىت سالدى. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ تەسىرى شۇنداق ئوسال بولدىكى، ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنى ئايروپىلانغا چىقماس قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئاۋىئاتسىيە، مېھمانخانا، ساياھەت ۋە باشقا ئالاقىدار كەسىپلەرنىڭ كىرىمى تۆۋەنلەپ كەتتى. 11 ـ سېنتەبىر تېررورلۇق ھۇجۇمى ئامېرىكىلىقلارنىڭ كاللىسىدا يېڭىچە تۇرمۇش پوزىتسىيىسى شەكىللەندۇردى. ئۇلار تىزگىنسىز ماددىي ئىستېمالچىلىقتىن بىزار بولۇپ، سوغۇققان تەپەككۇر، روھىي قىممەت ۋە باشقىلارغا مۇلازىمەت قىلىش قارىشىنى ياقلايدىغان خاھىشقا قاراپ ئاغدى. كەڭ خېرىدارلارنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىشى تەبىئىي ھالدا ئىقتىسادنىڭ چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. قورقۇپ كەتكەن داھىيلار ئەمدى خەلققە، ئۆلگەنلەرگە ماتەم بىلدۈرۈش ئەقەللىي ئىش، لېكىن ئىش ئۆتۈپ كەتتى. بۇ مۇدھىش ۋەقەنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلىدىغان كۈنلەر كەلدى، پۇلۇڭلارنى كەڭتاشا خەجلەڭلار» دەپ تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئامېرىكىنىڭ چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرىدىكى ماگىزىنلارنىڭ دېرىزىلىرىنى قىزىل، ئاق، يېشىل ئېلانلار قاپلاپ كەتتى، ئامېرىكىدىن ئىبارەت چوڭ بازار قايتا تىجارەت باشلىدى. روزۋېلت مۇنداق دېگەن: «ئەڭ چوڭ ۋەھىمە ۋەھىمىنىڭ دەل ئۆزىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا قورققۇدەك ئىش يوق.» كېننېدى مۇنداق دېگەن: «دۆلەتنىڭ سىزگە نېمە ئىش قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئەمەس، ئۆزىڭىزنىڭ دۆلەتكە نېمە ئىش

قىلىپ بېرىدىغانلىقىڭىزنى سورۇشتۇرۇڭ.»
ئوھىئو شتاتىدىكى كولومبىيە شەھىرى ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى سەركە شەھەر. ئۇ يەردە شىمالىي قوتۇپ يولتۇزى ماگىزىنىنىڭ باش دىرېكتورىنىڭ ياردەمچىسى لىند ۋاددېل مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئافغانىستانغا بارالمايمەن، مەن قىلالايدىغان ئىش بۇ شەھەردە ئەڭ ياخشى مىلاد بوۋاينىڭ بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش.» 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئەنئەنىۋى مال سېتىۋېلىش يۇقىرى پەللىسى يارىتىلىدىغان كۈندە 150 مىڭ كۋادرات ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان بۇ ماگىزىندا چېركاۋدىكى چوشكۈن ھالەت ئۇزۇل ـ كېسىل ئىستېمالچىلىقتا ئورۇن بېرىپ، ماگىزىنغا بارىدىغان ھەرقايسى ئىشىكلەرنى ئېچىۋېتىدۇ. ھەر يىلى مىلاد بايرىمى ئامېرىكىنىڭ كاپىتالىستىك ئىستېمالىنى جانلاندۇرىدىغان ئەڭ گۈزەل بايرامغا ئايلىنىدۇ. كۆلكىلىك يېرى، ھەر يىلى ئەڭ مۇھىم بولغان مال سېتىۋېلىش كۈنى رەھمەت بايرىمىدىن كېيىنكى ئاشۇ كۈندۇر. لېكىن، نەچچە يىلدىن بېرى مىلاد بايرىمىنىڭ سودا خاراكتېرىنى ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن نارازى بولىدىغانلار روشەن ھالدا ئاۋۇپ قالدى. كىشىلەرگە مەلۇم، مۇددىئالىق ئېلانلار كىشىلەرنى توختىماي مال ئېلىشقا مەجبۇرلىدى ھەتتا ئەڭ پىخسىق كىشىلەرمۇ بۇ دولقۇندىن چەتتە قالالمىدى. «يېڭى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئارمىنى» دېگەن ئورۇننىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بىر راي تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 62 پىرسەنت ئامېرىكىلىق مىلاد بايرىمىدىكى ئىسراپخورلۇقتىن بىزار ئىكەن، مىلاد بايرىمى تۈپەيلىدىن ئىقتىسادىي بېسىم ھېس قىلىدىكەن، 47 پىرسەنت ئادەم مىلاد بايرىمىدىن كېيىن نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ قالىدىكەن.
بۇ خىل سودا پائالىيىتىدىن قارىغاندا ئامېرىكىنىڭ بايلىققا بولغان چېكىدىن ئاشقان ئىنتىلىشى ئۇنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە تەسىر قىلىدىمۇ، قانداق؟ ئىزچىل بايلىق ۋە ئۆزلۈكنى ئىزدەيدىغان

دۆلەتتە بۇنداق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كۆپۈرلۈق بولىدۇ، لېكىن يەنە ئەمەلىي پاكىتلارغا كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ بەدىنىلا ئۇلارنىڭ سەمرىپ، ھۇرۇنلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. ئامېرىكا تېبابىتى تاشقى كېسەللىكلەر بويىچە نوپۇز ئىگىسى داۋىد سانچېس دوختۇرنىڭ 2001 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشىدىن قارىغاندا، 60 پىرسەنت ئامېرىكىلىقنىڭ ئېغىرلىقى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن ياكى سېمىزلىك ئۆلچىمىگە يەتكەن. بىر ئادەمنىڭ بويى 5.6 ئىنگلىز سوڭى بولۇپ، ئېغىرلىقى 160 قاداق بولسا ئېغىرلىقى ئېشىپ كەتكەن، 190 قاداق بولسا سەمرىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇ يەنە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئىستېمال قوغلىشىدىغان، ھەرىكەت قىلىشنى خالىمايدىغان تۇرمۇش شەكلىنى تەنقىد قىلغان. ئۇنىڭ ھېسابلىشىچە، ھەر يىلى 300 مىڭ ئامېرىكىلىق شۇ سەۋەبتىن ئۆلۈپ كېتىدىكەن. بۇ سان ھاراق ئىچىپ، زەھەر چېكىپ، ئوق تېگىپ ئۆلگەنلەر ۋە قاتناش ھادىسىدە ئۆلگەنلەرنىڭ ئومۇمىي سانىدىن كۆپ ئىكەن.

بىزدىكى يەنە بىر مەسىلە، پىكاپقا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىش. 1969 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئامېرىكىدىكى ماتورلۇق قاتناشنىڭ ئېشىش سانى نوپۇسنىڭ ئېشىش سانىدىن بەش ھەسسە تېز بولغان. بۇ ھالەت بىزگە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. گەرچە پىكاپلار شۇنداق پاكىز ۋە چىرايلىق بولسىمۇ، ئۇ پەيدا قىلغان بۇلغىنىشتىن ھەر يىلى 30 مىڭ ئادەم ئۆلىدۇ، 120 مىڭ بوۋاق بۇرۇن تۇغۇلۇپ قالىدۇ ياكى چاچراپ كېتىدۇ. ئۆلگۈچىلەر ئاساسەن بالىلار ۋە ياشانغانلار بولۇپ، ئۇلار ئۆپكىسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئۆلۈپ كېتىدىكەن. 18 ياشتىن تۆۋەن ئامېرىكىلىقلار ئىچىدە ھەر 15 ئادەم ئىچىدە بىر ئادەم دەم سىقىلىش كېسىلىگە گىرىپتار ئىكەن. 1996 ـ يىلى ئاتلانتادا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئېلىپ بېرىلغاندا ماتورلۇق

قاتناشقا چەك قويۇلغانلىقتىن ھاۋا ياخشىلىنىپ، دەم سىقىلىش بىلەن دوختۇرخانىغا كىرىپ قالىدىغانلارنىڭ سانى 42 پىرسەنت ئازايغان. قاتناش قىستاڭچىلىقى تۈپەيلىدىن ھەر يىلى 10 مىليارد دوللارلىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى زىيان بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ تېخى قاتناش قىستاڭچىلىقى تۈپەيلىدىن شوپۇرلاردا پەيدا بولغان چۈشكۈنلۈك، روھىي بېسىم پەيدا قىلغان روھىي زىياننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، كالىفورنىيىنىڭ ئەڭ گۈزەل شەھىرى لوس ـ ئانژېلېستا شوپۇرلار ھەر ھەپتىدە يەتتە كۈن خىزمەت ۋاقتىنى مىدىرلىماي ماشىنىدا ئۆتكۈزىدىكەن. بۇ مەسىلىنىڭ تېخىمۇ ئېغىر مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىشى تەبىئىي. چۈنكى، ئامېرىكىدىكى ھەربىر ياش ئۆزىمىزنىڭ ماشىنىسى بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. ھەتتا قاتىل دەپ قارالسىمۇ ئارتۇق كەتمەيدىغان قاتناش قىستاڭچىلىقى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ماشىنا ھەيدەش قېتىم سانىنى ئازايتىشقا تۈرتكە بولالمىغان.

## راھەتپەرەسلىك ئاپىتى

ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق بايلىقىدىن ئازاب ھېس قىلىشى ھېچنېمىنى ھەل قىلالمايدۇ. لېكىن، بىز يەنىلا ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان ئالاھىدە ئورۇن كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلىلەرگە سەل قارىساق دۆتلۈك قىلغان بولىمىز. نامراتلار تولۇپ تاشقان بۇ دۇنيادا كۆپ قىسىم ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە بايلىقى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇنداق بايلىق ھەتتا ھەددىدىن ئارتۇق ئىسراپچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئامېرىكىنىڭ بايلىقىنىڭ تەسىر كۈچى ناھايىتى زور، لېكىن بۇ نۇقتىنى بىز ھېس قىلالمايمىز، مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەر ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىپمۇ

يۇرمەيمىز. بۇنداق قىلىش كالۋالىق، ئۆزىمىزنىڭ تېخىمۇ ساغلام تۇرمۇشقا ئىنتىلىش يۈنىلىشىمىز ۋە ئۆز مەنپەئىتىمىزگە خىلاپ.

ئامېرىكىلىقلار خالىغانچە ئىسراپ قىلىۋاتقاندا باشقا دۆلەت خەلقلىرىنىڭ نامراتلىقتا كۈن كەچۈرۈشى ئادەمنى خىجىل قىلىدىغان ئىش. ئامېرىكىلىقلار ئۆز ھەرىكىتى پەيدا قىلغان ئاقىۋەتلەردىن ھەيران قالمىسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى قەدىمدىن بېرى ئادەملەردە بايلىققا نىسبەتەن مەپتۇن بولۇش، قايىل بولۇش ھەتتا چوقۇنۇش تۇيغۇسى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا بايلىق ھەسەت، ئۆچمەنلىك، تاجاۋۇزغا سەۋەب بولدى. بىزنىڭ نامراتلارنىڭ قىيىنچىلىقىغا بولغان ئامالسىزلىقىمىز ئۇلارنى رەھىمسىز ھالدا غىدىقلايدۇ، ئۇلارمۇ بىزدەك باي بولۇش قارارىغا كېلىدۇ ۋە ئوخشاش خاتالىق سادىر قىلىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئىستېمال شەكلى ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش نىشانىدىن چەتنەپ كەتكەن، بۇزغۇنچى خاراكتېرگە ئىگە. بىزنىڭ خالىغانچە مال سېتىۋالىدىغان تۇرمۇش شەكلىمىز كۆڭۈللۈك بولسىمۇ باشقىلار ئۇنى دورايدۇ. چەكلىمىلىك بىلەن تولغان بىر پلانېتتا بۇنداق خاھىش ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەت پەيدا قىلىدۇ. ناۋادا بىز ئىستېمالىمىزنى قىسقارتمىشنى خالىمىساق بوگۇنكى جۇڭگودا ياشاۋاتقان ما ئەپەندىگە، تەرجىمانغا ئوخشاش كىشىلەرنى ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىستېمالنى ئازايتىشقا قانداق دەۋەت قىلالايمىز؟

ئامېرىكىدا بىر قىسىم كىشىلەر، بولۇپمۇ كارخانىچىلار ئىستېمالنى چەكلەش ھەققىدىكى تەشەببۇسنى خەتەرلىك، بىزنى ئازابقا تاشلايدىغان سەپسەتە دەپ قارشى تۇرىدۇ، بۇ جۆيلىگەنلىك. نۆۋەتتىكى ئىستېمال ئادىتى بىزنى تېخىمۇ سەمرىتىپ روھىي بېسىمىمىزنى ئاۋۇتۇپ ھاياتىمىزنى خورىتىدۇ. بۇنداق ئادەت بىز بىلەن تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدا توساق پەيدا قىلىدۇ. ئازادە تۇرمۇش بىلەن ئىسراپچىلىق، چەكلىمىسىز تۇرمۇش بىر گەپ ئەمەس. بىز ئىنتايىن راھەت تۇرمۇش شەكلىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە

ئىستېمال شەكلىمىزنى يىلتىزىدىن ئۆزگەرتەلمەيمىز. بىز 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىكى ئايغا چىقىش پىلانىغا ئوخشاش «يېشىل سودا» ھەرىكىتى قوزغاپ، 10 يىل ئىچىدە ھەددىدىن ئارتۇق بېنزىن ئىشلىتىدىغان ئادىتىمىزنى تۈگىتەلەيمىز. بۇنداق دۆلەت باش بولغان، بازار ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىنغان ھەرىكەت بىزگە تېجەپ پۇل خەجلەشنى ئۆگىتىدۇ. نېفىت ۋە باشقا مۇھىتقا پايدىسىز كەسىپلەرگە بېرىدىغان فېدېراتسىيە ياردىمىنى توختىتىپ بۇ پۇلنى قۇياش ئېنېرگىيىسى، ھىدروگېن يېقىلغۇ قىلىنىدىغان باتارېيە ۋە ئامىۋى قاتناش تۈرلىرىگە ئىشلەتسەك ئىشقا ئورۇنلىشىشنى تېزلىتىپ پايدىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئەجەبا، ئامېرىكا مۇتلەق قىممەت قارىشىدىن ۋاز كېچىپ تۇرۇپ ئىستېمالنى ئازايتىش مەسىلىسىنى يولغا قويالماسمۇ؟ بىر ئادەم ھەر كۈنى ئىككى ۋاخ كالا قوۋۇرغىسى ۋە مارۇژنى يېسە سەمرىپ كېتىشى چوقۇم. يېمەكلىكنى ئازايتىپ داۋالاش ئەڭ ياخشى تەدبىر. بۇ ئۇسۇل بىلەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ لاتاپىتى تۆۋەنلەپ كېتىشى ناتايىن. ئامېرىكىنىڭ سېھرىي كۈچى ئىناۋەتلىك كارتوشكىدىن ئەمەس ئۇنىڭ روھىدىن كەلگەن. بۈگۈنكى 24 سائەت مال سېتىۋالغىلى بولىدىغان ماگىزىن، تېز تاماقخانىلار بىزگە بەرگەن ئالاھىدە ھوقۇق گۈزەل مەنزىرىلىمىزنى بۇزۇپ تاشلىدى. تېلېۋىزور نۇرغۇن ئادەمنى ئۆيىدىن چىقمايدىغان بىكارچىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئامېرىكا ئىلگىرى ئۇنداق ئەمەس ئىدى. بۇ يەردىن نۇرغۇن ئۇلۇغ ئادەملەر چىققان، ئۇلار چەت ئەللىكلەرنىڭ بىزگە بولغان ھەۋىسىنى قوزغىغان. . . بىزنى مەغرۇرلاندۇرغان. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى بىزگە ھاياتلىق ۋە بايلىق ھەققىدە بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش. پايدىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇش كۆزقارىشىنى بىر كۈندىلا ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، لېكىن «كۆپرەك ھەرىكەت قىلىپ ئاز يېيىش» دېگەن ھايات ھېكمىتى بىزگە نۇرغۇن يېڭى مەنىلەردىن بېشارەت بېرىدۇ.

# ئۈچىنچى باب بەرھەق ئەركىنلىك



# قاھىرەدىكى سابىق مال ساتقۇچىنىڭ دېموكراتىيە قارىشى

مۇھەممەد ئەلى ئاقساق ئادەم. ئۇ ئىلگىرى تىمەن ئادەم بولۇپ، مىسىرنىڭ ھەممە يېرىگە بارغان، ھەتتا لىۋىيىگىمۇ بېرىپ باققان. بىر كۈنى، قاھىرەنىڭ ئاۋات كوچىسىدا قۇيۇندەك كەلگەن بىر پىكاپ تۇيۇقسىز پىيادىلەر يولىغا چىقىپ كېتىپ ئۇنىڭ پۇتىنى ئېزىپ تاشلىغان. ئۇ بۇ يىل 51 ياش، ھاسا بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۆزى ئولتۇرۇشلۇق ئىسلام رايونىدىن يىراققا بارمايدۇ. ئۇنىڭ كۆپىنچە ۋاقتى شۇ يەردىكى قەھۋەخانىدا دوستلىرى بىلەن پاراڭلىشىش، گېزىت كۆرۈش، شاھمات ئويناش بىلەن ئۆتىدۇ.

بىز 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كۆرۈشكەندۇق. شۇ كۈنى ھاۋا بەكمۇ ئىسسىق ئىدى. قاھىرەدىكى ئەڭ قەدىمىي، شۇنداقلا ئەڭ مەشھۇر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن ئۇششاق كوچىلار بار ئىدى. ئۇ ئاشۇ كوچىلارنىڭ بىرىدە سالقىن بىر جايدا تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. بىز ئولتۇرغان جايدا تۇرۇپ نەچچە يۈز ئادەم قۇرئان دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتقان مەسچىتنى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. بەزىدە بۇ كوچىدا تۇيۇقسىز شاۋقۇن ـ سۈرەن پەيدا بولۇپمۇ قالاتتى. ئىككىنچى قەۋەتتىكى دېرىزىلەرنىڭ سىرتىغا ئېسىۋېتىلگەن قىزىل، سېرىق، ئاچ سېرىق رەڭلىك پەرىجىلەر شامالدا سوس تەۋرىنىپ تۇراتتى. نۇرغۇن نەرسىلەر تاغارلارغا قاچىلىنىپ دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. ئون نەچچە ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا تۆت ئىستاكان چاي قويۇلغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئەلى ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈستەلگە قويدى.

تەرجىمانىم مەقسىتىمنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ

ئىنگلىزچىنى ئانچە - مۇنچە بىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە ئالدىراپ قالدى ۋە ئىنگلىزچە گەپ قىستۇرۇپ: «قاھىرەگە كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمەن، بۇ قېتىمقى زىيارەتتىن خۇشاللىق ھېس قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. مەن ئۆزۈم كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر ھەققىدە سوئال سوراشقا باشلىدىم. «مەن ئامېرىكا دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغاندا نېمە ئويدا بولدىڭىز؟» تەرجىمانىنىڭ تەرجىمىسى ئاخىرلىشىشى بىلەن ئەلى ئۆز تىلىدا، قىلچە ئىككىلەنمەي تۇرۇپ قىسقا ۋە كۈچلۈك قىلىپ جاۋاب بەردى: «ئەلۋەتتە، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى ئويلىدىم.»

— راستىما؟ — مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم، — نۇرغۇن مىسىرلىقلار ئەڭ ئاۋۋال ئامېرىكىنىڭ ئىسرائىلىيىنى قوللاش مەسىلىسىنى ئويلىدۇق، دېگەندى.

ئەلى كۈلۈپ:

— چۈنكى ئۇلار ئامېرىكىنىڭ ئىسرائىلىيە تەرەپتە تۇرۇپ ئەرەبلەر ۋە پەلەستىن خەلقىگە قارشى تۇرۇشىغا قارشى، مەنمۇ شۇنداق كۆز قاراشتا. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىچىگە ياخشى تونۇلغان بىلەن دۆلەت سىرتىغا بەرگەن تەسىرى ئۇنچە ياخشى ئەمەس... — دېدى. ئاندىن چايدىن بىر ئوتلاپ قويدى، — ئەلۋەتتە، بىر قىسىم ئامېرىكىلىقلار دۆلىتىنىڭ چەت ئەلدىكى قىلغان - ئەتكەنلىرىنى خالاپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئامېرىكا ئەركىن دۆلەت. ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ كاللىسى ناھايىتى سەگەك، ئۆز كۆزقارىشىنى دادىللىق بىلەن ئىپلان قىلالايدۇ.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مەن ئۆز ئىشىدىن قول ئۈزگەن ئۈچ نەپەر تېررورچى بىلەن پاراڭلاشقان، ئۇلار ئامېرىكىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلىگەندى. شۇڭا، ئەلىنىڭ سۆزلىرى مېنى ھەيران قالدۇردى. ھازىر ئويلاپ باقسام ئەجەبلەنگۈدەك ئىش ئەمەس ئىكەن. كۆپ يىللاردىن بېرى، بولۇپمۇ ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيىدىن يىراق ئەللەردە ئامېرىكىنى مەدھىيىلەيدىغان

گەپلەرنى جىق ئاڭلىغانىدىم. 1995 ـ يىلى رۇسىيىنىڭ سابىق دېڭىز ئارمىيە سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ قوماندانى ئالېكساندىر نىكىتىن قولغا ئېلىندى. ئەڭ بىمەنە يېرى، ئۇنىڭ گۇناھى رۇسىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئاۋام پۇتۇنلەي بىلىپ كەتكەن يادرولۇق ئەخلەتلەرنى بالتىق دېڭىزىغا تۆككەنلىكىنى ئاشكارىلىۋەتكەنلىك ئىدى. 1999 ـ يىلى نىكىتىن ئەركىنلىككە چىقتى. مەن ئۇنى زىيارەت قىلغاندا ئۇ كەسكىنلىك بىلەن ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، چۈنكى ئۇ خەلقئارادىكى دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى، بۇ ئادەتتىكى رۇسىيىلىكلەر ئېرىشەلمەيدىغان ئىش ئىدى. 2002 ـ يىلى رۇسىيە كىشىلىك ھوقۇق خادىملىرىنىڭ ئىسپاتلىشىغا قارىغاندا، رۇسىيىدىكى يۇقىرالار دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگىنىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغاندا نېمە قىلىشنى بىلمەي قالىدىكەن، ئۆزىنى يار ـ يۆلەكسىز ھېس قىلىدىكەن. شۇ يىلى ئاخبارات مۇخبىرى گروگورى پاسكومۇ نىكىتىنغا ئوخشاش تەقدىرگە يولۇقتى. ئۇنىڭ گۇناھىمۇ ئاما بىلىدىغان ئۇچۇرنى ئاشكارىلىۋەتكەنلىك بولۇپ، تۆت يىل قاماققا ھۆكۈم قىلىندى.

بۇ يەردە مېنىڭ يەنە تولۇقلاپ چۈشەندۈرۈشۈمنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ بۇنداق ئادالەتسىز ھادىسە ھوقۇق مەركەزلەشكەن مۇستەبىت دۆلەتلەردىلا بولۇپ قالماي، ئادەتتىكى دۆلەتلەردىمۇ بار. مەن كېنىيىدە پائالىيەتچى ۋانگىل ماتا بىلەن ئۇنىڭ ئۆزگىچە يېشىل بەلۋاغ پىلانى ھەققىدە پاراڭلاشتىم. ئۇ نامرات ئاياللارنى ياللاپ ئورمان بىنا قىلماقچى، شۇ ئارقىلىق نامراتلىق مەسىلىسىنى، ئاياللارنىڭ باراۋەرسىزلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچىكەن. ئالتە ھەپتىدىن كېيىن ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى نايروبى شەھىرىدە ئەركىن سايلام ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىپ نامايىش قىلغاندا ياللانما زوراۋانلاردىن تاياق يېگەن. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بۇ ئىشنى مۇستەبىت زۇڭتۇڭ دەنىر موبى قىلغانىكەن. مەن برازىلىيىدە

يېرىدىن ئايرىلىپ قالغان دېھقانلارنى زىيارەت قىلدىم. بىز بىر ئېقىن بويىدىكى بىر خىلۋەت جايدا ئۇچراشتۇق. بۇ دېھقانلارنىڭ داھىيلىرى تارتىۋېلىنغان، لېكىن ئىشلىتىلمىگەن زېمىنلىرىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ قارشىلىق بىلدۈرگەندە قولغا ئېلىنغان ياكى ئوققا تۇتۇلغان. . . مەن ئېزىلگۈچىلەر ھەققىدىكى بۇنداق ۋەقەلەردىن تېخىمۇ كۆپ مىسال ئالالايمەن. مەندە تۈركىيە، زىمبابۇۋى، مېكسىكا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن بىرىنچى قول ماتېرىياللار بار. قىزىققۇچىلار مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال ياكى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ تور بېكىتىدىن بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى ئىزدەپ باقسا بولىدۇ.

ئەلى قاھىرەدە ھەر كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ ئېلىپ بارغان باستۇرۇشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدىكەن. بۇنداق خەۋەرلەرنى ئۇ مىسىرنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىدە ئەمەس (مىسىرنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىلكىدە) ، ھۆكۈمەت تۇزۇلمىسى ئاستىدا ئازاب تارتىۋاتقان، ئېزىلىۋاتقان دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن، قوشنىلىرىدىن ئۇقىدىكەن. مەن ئەلى بىلەن پاراڭلىشىپ 20 مىنۇت بولغاندا ئوڭ تەرەپتىن بىر يۈك ماشىنىسى ئىس پۇرقىغىنىچە ئۆتۈپ كەتتى. قاھىرەنىڭ ھاۋاسى مانا مۇشۇنداق بۇلغىنىپ كەتكەن. بۇ كوچا ناھايىتى تار بولۇپ، ماشىنىنىڭ سۈرئىتى بەكمۇ ئاستا ئىدى. مەن شوپۇردا خېلى يۇقىرى ماھارەت بولمىسا بۇ ماشىنا كوچىغا كەپلىشىپ قالغۇدەك دەپ ئويلاپ قالدىم. بۇ چاغدا ئەلىنىڭ بىر دوستى توساتتىن ماشىنىغا قولىنى شىلتىپ ساراڭدەك غۇدۇراشقا باشلىدى. كېيىن ئۇلار شوپۇردىن كەچۈرۈم سوراپ داۋاملىق مېڭىۋېرىشكە ئىشارەت قىلدى. ھېلىقى ئادەم ماڭا بىر قۇتا سودا سۇيى بېرىپ چايغا قوشۇپ ئىچىڭ دېدى، لېكىن مەن رەت قىلدىم. شۇ چاغدا ئەلى مېنىڭ گاڭگىراپ قالغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى بىلدىمۇ، تەرجىمان ئارقىلىق «ئامېرىنى ئەسكى

ئادەممىكىن دەپ ئويلاپ قالماڭ. تۈرمىدە كالىلىسى كىرەكتىن چىققان. ئۇ ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدىغان تەشكىلاتقا ئەزا بولغان. . . ئۇ تەشكىلات دىنىي تەشكىلات بولۇپ، زوراۋانلىقنى تەشەببۇس قىلمايتتى. ئۇ قولغا ئېلىندى ۋە سوتلانماي تۈرمىگە تاشلاندى. ئاخىر 20 يىلدىن كېيىن تۈرمىدىن چىقىپ مۇشۇنداق ئادەم بولۇپ قالدى» دەپ چۈشەندۈردى.

— مېنىڭچە، ئامېرىكىدا بۇنداق ئىشلار يوق، — دېدى ئەلى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — قانداق گېپىڭ بولسا ئېلان قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگىسەن. سەن باشقىلارنىڭ كۆزقارىشىغا ھۆرمەت قىلساڭ، باشقىلارمۇ سېنىڭ كۆزقارىشىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ. بۇ نۇقتا بەكمۇ مۇھىم. مېنىڭچە، ئامېرىكا دۇنيادىكى سۆز ئەركىنلىكىگە رۇخسەت بەرگەن بىرىنچى ئۇلۇغ دۆلەت.

## كېنگورۇ سوتى

كىشىلەر ئامېرىكىنىڭ بايلىقىدىن باشقا ئۇنىڭ دېموكراتىيىسى ۋە ئەركىنلىكىگە ھەۋەس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇنداق دېيىشكە تولۇق ئاساسى بار: ئامېرىكىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بىر نامايەندە، ئۇنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رولى بار. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئاز سانلىقلارنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ دېموكراتىك ھاكىمىيەتكە قاراپ بۇرۇلغانلىقىنىڭ سىمۋولى. شۇڭا، جورجى ۋاشىنگتون، بېنجامىن فرانكلىن، جامېس مادىزون، توماس جېففېرسون ۋە باشقا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنى قۇرغۇچىلار «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» دە «ئادەملەر تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر» دەپ يازغان. بۇ سۆز بىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى مۇستەبىت تۈزۈلمە بىلەن

ئەلتۆكۇس ئادا ـ جۇدا بولغانلىقىمىزنىڭ بەلگىسى ئىدى. 1776 ـ يىلى ياۋروپا خان ـ پادىشاھلار بىلەن پاپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. يۇقىرى بېسىملىق ھۆكۈمرانلىقنىڭ زۇلۇمى تۈپەيلىدىن ئاز بىر قىسىم ھۆكۈمرانلاردىن باشقا، ئاممىنىڭ ئەركىنلىك، ئاممىۋى ئىشلار ھەققىدە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. لېكىن، ئامېرىكىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئىنسانىيەتنىڭ تېخىمۇ شانلىق كەلگۈسىنىڭ بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 225 يىلدا ئامېرىكىلىقلار ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكىنىڭ پايدىسىنى كۆردى. ھازىر ھەربىر ئامېرىكىلىقنىڭ تۇغما سىياسىي، دىنىي، قانۇنىي ھوقۇقى بار، بۇ پۇقرالارنىڭ پەخرى، بۇ خىل ھالەت چەت ئەللىكلەرمۇ ئىنتىلىدىغان بىر نىشان.

لېكىن، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەركىنلىكىنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىر قىسىم چەت ئەللىكلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندىن مۇرەككەپ. مەن ئەلنى زىيارەت قىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، ئامېرىكا 11 ـ سېنتەبىر تېررورلۇق ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئامېرىكىلىقلارنىڭ سۆز ئەركىنلىكى يوقالدى. ئىككى نەپەر گېزىتنىڭ مەخسۇس ئىستون يازغۇچىسى بۇش زۇڭتۇڭدىن 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ۋاشىنگتونغا قايتماي ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئايرودرومىدا يوشۇرۇنغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراشتۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن خىزمەتتىن بوشىتىلدى. خرىستىئان دىنى ئوڭ قانات تەشكىلاتىنىڭ مەشھۇر داھىيسى جايل فولۋېل بىلەن پات روبېرسون تېلېۋىزوردا ھېلىقى يازغۇچىلار بىلەن ئوخشاش تەلەپپۇزدا پىكىر بايان قىلىپ، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى ئامېرىكىدىكى ئوخشاش جىنىسلىكلەر مۇھەببىتى، چۈشكۈنلۈك ۋە ئېتىقادسىزلىقنىڭ سەۋەبىدىن بولدى، دېيىشتى، ئاممىنىڭ نەپرىتىنى قوزغاپ، گېپىنى قايتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. بىل مائېر ئىسىملىك بىر مەشھۇر تېلېۋىزىيە رىياسەتچىسى، تېررورچىلار نېمىلا بولسۇن، ئەڭ

بولمىغاندا قورقۇنچاقلاردىن ئەمەس، دەپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئامىمىدىن تېلېۋىزوردا ئاشكارا كەچۈرۈم سوراشقا مەجبۇر بولدى. ئامېرىكىنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى يوھان ئاشكرافت بارلىق قانۇن تۈرغۇزغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «كىمكى ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئامىنىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلەش ھەققىدىكى تەدبىرگە قارشى سوئال قويىدىكەن، تېررورچىلارغا ياردەم بەرگەندىن باشقا ئىش ئەمەس» دېدى. پارلامېنتتىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن بولغان پارلامېنت ئەزالىرى پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىق پارتىيىنىڭ رەھبىرى تام داسكېلنى، دۈشمەنگە ياردەم ۋە تەسەللىي بەرگەن، دەپ ئەيىبلىدى. چۈنكى، ئۇ بۇش ھۆكۈمىتىنى ئىراققا ھۇجۇم قىلىش، سادام ھۈسەيىننى قوغلىۋېتىش پىلانىنى ئېھتىيات بىلەن تۈزۈشكە دەۋەت قىلغانىدى.

بۇنداق كەيپىيات ئىچىدە، نەچچە يىلدىن ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىغا ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە تەھدىت بولۇپ تۇرغان مەسىلە بۇگۈن قانۇنغا ئايلىنىپ كەتتى. پۈتۈن جەمئىيەتتە ھېچقانداق سىياسىي قاتلام ياكى ئادەتتىكى ئاما بۇ ھەقتە قارشىلىق بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق ھەرىكەت قىلالمىدى. 2002 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بۇش «ئامېرىكىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قانۇنى» نىڭ لايىھىسىگە ئىمزا قويدى. بۇ قانۇن لايىھىسى نۇرغۇن ئالاھىدە ماددىلارنى بەلگىلىدى. بۇلارنىڭ بىرى، ئامېرىكىلىق بولمىغان پۇقرالارنىڭ كىشىلىكىنى قوغداش ھوقۇقى بىكار قىلىندى (ئامېرىكىدا 20 مىليون ئامېرىكا تەۋەلىكىدە بولمىغان پۇقرا بار). ئۇنىڭدىن باشقا، ئەدلىيە مىنىستىرى دۆلەت ئامانلىقىغا خەۋپ يەتكۈزدى دەپ قارالغان ھەرقانداق ئادەمنى مۇستەقىل قولغا ئېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. بۇ قانۇندا يەنە ھۆكۈمەتنىڭ مەخپىي رازۋېدكىچىلىرىنىڭ ئالدىن ئۇقتۇرمىغان شارائىتتا پۇقرالارنىڭ تۇرالغۇسىنى ئاختۇرۇشىغا يول قويۇلدى. بۇ قانۇن ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى پۇقرالارنىڭ تېلېفونىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلايدىغان يەرگىچە

كېڭەيتتى. ھۆكۈمەت ئىنتېرنېتتىكى خەت ـ چەكلەرنى، شەخسنىڭ ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىنى، بانكا ۋە ئىناۋەتلىك كارتۇشكىسىدىكى ماتېرىياللارنى خالىغانچە تەكشۈرسە بولىدۇ. فېدېراتسىيە ئىشپىيونلىرى كىشىلەرنىڭ كۇتۇپخانىدىن قانداق كىتاب ئارىيەت ئالغانلىقىنى تەكشۈرەلەيدۇ. ئەدلىيە مىنىستىرلىقى گۇماندار بىلەن ئادۋوكاتىنىڭ سۆھبىتىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاشقا ھوقۇقلۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، يېڭى ئېلان قىلىنغان باشقا قانۇنلارمۇ ھۆكۈمەتكە يېڭى ھوقۇق بەردى. ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ئامېرىكا پۇقرالىرىغا نىسبەتەن جاسۇسلۇق قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ھوقۇق بېرىلگەن ئەدلىيە مىنىستىرى مۇستەقىل ھالدا دۆلەتتىكى مەلۇم تەشكىلاتنى تېررورلۇق تەشكىلاتى دەپ ئەيىبلەشكە ھوقۇقلۇق. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قانۇن بويىچە ئاختۇرۇشنىڭ رۇخسىتىنىڭ شەرتى تۆۋەنلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، زۇڭتۇڭ قانۇن ئىجرا قىلىپ، ھەربىي سوتنى ئادەتتىكى سوتنىڭ ئورنىغا قويدى، ھەربىي سوت تېررورچى دەپ گۇمان قىلىنغان ھەرقانداق پۇقرانى سوتلاشقا ھوقۇقلۇق. ھەربىي سوت مەخپىي ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلسا بولىدۇ، ئەرز قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. پارلامېنتتىكى خەلق ۋەكىللىرى ناھايىتى كۆپ بېلەت بىلەن «ئامېرىكا ۋەتەنپەرۋەرلىك قانۇنى»نى ماقۇللىدى. قوللاش بىلەن قارشى تۇرۇش نىسبىتى 98:1 بولدى. 435 ئەزا ئىچىدە پەقەت 66 ئادەم قارشى بېلەت تاشلىدى. قارشى تۇرغۇچى ۋىسكونسىن شتاتىدىن كەلگەن، دېموكراتلار پارتىيىسىدىن بولغان زات روسسېل فىنېگېل ئىزاھلاپ: «مۇھىمى، بۇ دۆلەتتىكى پۇقرالارنىڭ ئەركىنلىكى چوقۇم كاپالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. بولمىسا تېررورچىلار بىر پاي ئوق ئاتماي تۇرۇپ بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان بولىدۇ» دېدى. كېڭەش پالاتاسىنىڭ ۋەكىلى، ئوھىئو شتاتىدىن كەلگەن، دېموكراتلار پارتىيىسىدىن بولغان دېنىس كوچىنىچ بۇ ھەقتە يەنىمۇ

ئىلگىرىلىگەن هالدا چۈشەنچە بەردى. ئۇ 12 ـ ئايدا ئېلان قىلغان نۇتقىدا تەنقىدلەپ: «ئامېرىكا ۋەتەنپەرۋەرلىك قانۇن لايىھىسى» ۋە بۇش ھۆكۈمىتى يولغا قويغان باشقا تەدبىرلەر ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىدىكى ئالدىنقى 10 ماددىنىڭ تۈزىتىش لايىھىسىدىكى بەش بۆلىكىنى يوققا چىقاردى» دېدى. ئۇلار سۆز ۋە يىغىلىش ئەركىنلىكى ھەققىدىكى بىرىنچى ماددا تۈزىتىلگەن نۇسخىسى، مۇۋاپىق بولمىغان ئاختۇرۇش ۋە قولغا ئېلىشنى چەكلەيدىغان تۆتىنچى ماددا تۈزىتىلگەن نۇسخىسى، توغرا قانۇني تەرتىپ ھوقۇقىنىڭ بەشىنچى ماددا تۈزىتىلگەن نۇسخىسى، تېزلىكتە سوراق قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئالتىنچى ماددا تۈزىتىلگەن نۇسخىسى، قەبىھ ۋە غەيرىي شەكىلدە جازالاشتىن ساقلىنىشنىڭ سەككىزىنچى ماددا تۈزىتىلگەن نۇسخىسى ئىكەن.

ئەمەلىيەتتە، بۇ مۇھىم لايىھە تەستىقلاش ۋە ئىمزا قويۇشتىن بۇرۇن، ھۆكۈمەتنىڭ مەخپىيەتلىك دائىرىسى ۋە ساقچىلارنىڭ ھوقۇقىنى كېڭەيتىدىغان قىلمىشلار ھېچقانداق مۇھاكىمە ياكى تەنقىدنى باشتىن كەچۈرمىگەن. ناۋادا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپلەر ئاشكارا مۇھاكىمە قىلىنىپ مۇۋاپىق مۇنازىرىگە قويۇلغان بولسا، نېمىنىڭ ساختا، نېمىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئايرىماق ئوڭاي بولاتتى ھەم قانداق ئۆزگىرىش ئاخبارات يىغىشقا ئەڭ قۇلاي بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى، تۈپ ئەركىنلىكنى قۇربان قىلماي تۇرۇپمۇ پىلاننى مۇۋاپىق يولغا قويۇشنىڭ ئامالى تېپىلاتتى. لېكىن، بۇ مەسىلە ھەققىدە ھېچقانداق مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلمىدى. ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان ۋاشىنگتوندىكى بىر مەشھۇر ئاخبارات مۇخبىرى ماڭا: «بۇ ئىش ھەققىدە مەتبۇئاتتا خەۋەر بەرگۈدەك پۇرسەتمۇ بولمىدى. مەتبۇئات دىققەت قىلىپ بولغۇچە ئالدىراش ماقۇللىنىپ كەتتى. بۇ لايىھە 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تەستىقلاندى. مانا بۇ كۆز يۇمغۇسىز پاكىت. ۋاشىنگتوننىڭ ئۆلچىمى بويىچە

ئېيتقاندا، بۇ لايىھە چاقماق تېزلىكىدە ئىمزالاندى. لېكىن، ئاخبارات مۇخبىرلىرىنىڭ بۇ ھەقتە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغۇدەك بەش ھەپتە ۋاقتى بار ئىدى، بۇ قانۇننىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ئامىغا ئېلان قىلىنىشى كېرەك ئىدى، ھەر كۈنى يېڭى، ئاخىرقى چەكلەرگە دۇچ كېلىپ ئادەتلەنگەن بۇ خەلق ئۈچۈن بۇنچىلىك ۋاقىت يېتەرلىك ئىدى» دېدى.

ناۋادا بۇ ھەقتە يېتەرلىك خەۋەر بېرىلگەن بولسا نەتىجە باشقىچە بولاتتى. تۆۋەندىكى ئالاھىدە ۋەقە بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئاخبارات مۇخبىرلىرى ئاخىر ئويغىنىپ بۇشنىڭ ھەربىي سوتىغا ئوت ئاچتى. مۇتەئەسسىپ مەخسۇس سەھىپە يازغۇچىسى ۋىلىيام ساففىر، ھەربىي سوت بۇشنىڭ «مۇستەبىت ھوقۇقىنىڭ كېڭگۇرۇ سوتى» دەپ قاتتىق ئەيىبلىدى. باشقا تەنقىدچىلەرمۇ بۇنداق سوت ئامېرىكىنىڭ چەت ئەللەردىكى ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەريانىدا ئىگىلىگەن «ئەخلاقىي ئېگىزلىك»تىن ئايرىلىپ قالىدۇ، دەپ تەنقىد قىلىشتى. مەتبۇئاتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەنقىدى ھۆكۈمەتنى لايىھىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. تۈزىتىلگەن لايىھە بويىچە مەخپىي ئېلىپ بېرىلىدىغان سوت شەكلى ئۆزگەرتىلدى، لېكىن ھەرقانداق ئەرز قىلىش قىلمىشى چەكلىنىدىغان بولدى.

بۇ ھادىسىلەر ئىچىدە ئادەمنى قورقىتىدىغان مەسىلە ھۆكۈمەتنىڭ ئەركىنلىككە چەك قويغىنى ئەمەس، بەلكى ئاۋامنىڭ بۇنداق چەكلىمىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئىدى. خەلق رايىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، 70 پىرسەنت ئامېرىكىلىق تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئەركىنلىكنى مەلۇم دەرىجىدە قۇربان قىلىشقا رازى ئىكەن. ئۇلار بۇ ئۇرۇشنى نەچچە ئون يىل داۋاملىشىدۇ دەپ ئاڭلىغانىكەن. پەقەت باشقا بىر قىسىم ئامېرىكىلىقلارلا ھۆكۈمەت ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ ئەركىنلىكىگە ھەددىدىن ئارتۇق چەكلىمە قويۇۋالدى دەپ ئەندىشە

قىلغان. كىشىلەر كۆچمەنلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا تەدبىر قوللىنىشقا نىسبەتەن ئومۇمەن باشقا پىكىردە بولمىغان. گىلوپ راي سىناش مەركىزىنىڭ بىر قېتىملىق راي سىناش پائالىيىتىدە بايقىلىشىچە، 82 پىرسەنت ئامېرىكىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنىڭ كېڭىيىشىنى ھەتتا قانۇنلۇق كۆچمەنلەرنى تۇتۇپ تۇرۇشنى قوللايمىز، دەپ جاۋاب بەرگەن. 49 پىرسەنت ئادەم ئەجدادى ئەرەب بولغان ئامېرىكىلىقلارغا ئالاھىدە كىنىشكا تارقىتىپ بېرىش كېرەك، دەپ قارىغان. خالىس ئامېرىكا دۆلەتلىك ئاخبارات تورى ۋە «دەۋر ھەپتىلىك ژۇرنىلى» دىن پايدىلىنىپ راي سىناش ئېلىپ بارغاندا 31 پىرسەنت ئادەم ئەجدادى ئەرەب بولغان ئامېرىكىلىقلارنى لاگېرغا سولاپ قويۇش كېرەك، دەپ قارىغان.

ناۋادا راستىنلا شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇش ھۆكۈمىتى بىلەن بىر ئوچۇم ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىشقا خۇشتار شەھەر ئاھالىسى ئامېرىكا تارىخىدىكى نومۇسلۇق بىر قىستۇرما كۆينى قايتا ئورۇنلىغان بولىدۇ. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكىنىڭ يىغىۋېلىش لاگېرىغا 110 مىڭ ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى ياپون، 11 مىڭ ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى نېمىس، 3 مىڭ ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى ئىتالىيان قاماپ قويۇلغانىدى. ئۇلار مىللىي تەۋەلىكى تۈپەيلىدىن سولاپ قويۇلغان. بۇش زۇڭتۇڭ ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن 11 - سېنتەبىر ۋەقەسى بولۇپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئامېرىكىلىقلارنى ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا چاقىردى. لېكىن، دەل شۇ چاغدا بۇش ھۆكۈمىتى ئاكتىپ ھەرىكەت قوللىنىپ 1 مىڭ 200 نەپەر ئامېرىكىلىق بولمىغان پۇقرانىڭ ھوقۇقىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، ئۇلارنى بىر يەرگە يىغىپ نازارەت قىلدى، ھېچقانداق قانۇن - تەرتىپسىز قاماپ قويدى. بۇ ئادەملەر بىلەن 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا بىگۇناھ قامالغانلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق ئىدى. بۇش ھۆكۈمىتى قامالغانلارنىڭ ئادۋوكاتى بىلەن ئۇچرىشىش تەلىپىنى

رەت قىلىپلا قالماي، ئۇلارنى ئېتىراپ قىلىشنىمۇ رەت قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بەش مىڭ ئامېرىكىلىق ئەرەب ۋە ئامېرىكىلىق مۇسۇلمان ئىلغاپ چىقىرىلىپ ساقچىلارنىڭ تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلدى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا زوگبى بايانات ئېلان قىلىپ: «بىز بىر ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەت، لېكىن بىز هازىر ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە تۇرۇۋاتىمىز» دېدى.

## بارلىق ئەرلەر تۇغما باراۋەر

ئامېرىكىلىقلار نېمىشقا ئەركىنلىككە تەھدىت سالىدىغان بۇنداق قىلمىشقا سۈكۈت قىلىدۇ؟ چۈنكى بىز ئۇزاقتىن بېرى ئەركىنلىكتىن قانغۇچە زوقلىنىپ، ئۇنى ئادەتتىكى ئەھۋال قاتارىدا كۆرۈپ، يىتتۈرۈپ قويۇشتىن قورقماس هالەتكە كېلىپ قالدۇق. ئەجەبا، تېررورلۇق هۇجۇمى بىزنى قورقۇتۇپ ئەركىنلىكنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە تىنچلىققا ئېرىشىشكە مەجبۇرلاۋاتامدۇ؟ بىزنىڭ شۇنداق تارىخىمىز بولغان، دۆلەت تەھدىتكە دۇچ كەلگەندە ئەركىنلىكىمىزنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشىغا رازىلىق بەرگەنىدۇق. 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى پارمېرنىڭ هۇجۇمى، 50 ـ يىللاردىكى ماك كارتىزم كەڭ كۆلەملىك قوللاشقا ئېرىشكەنىدى. لېكىن، هازىر ئەركىنلىكىمىز ئۇچرىغان چەكلىمە قايسى دەرىجىگە يەتتى، هېس قىلالىدۇقمۇ، يوق؟ جامېس مادىزون مۇنداق دېگەن: «ئۆزىگە ئۆزى خوجا مىللەت چوقۇم بىلىم بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇشى كېرەك.» ئېچىنارلىق تەرەپ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ هۆكۈمەت هەققىدىكى چۈشىنىشى مەتبۇئاتتىن كېلىۋاتىدۇ. لېكىن، كۆپىنچە مەتبۇئات بۇنداق تەھدىتنىڭ تەخىرسىزلىكىنى گەۋدىلەندۈرمەيۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق تەربىيىنىڭ كەملىكى بىزنى نادانلاشتۇرۇۋەتتى.

ئادەمنى ھەسرەتكە سالىدىغىنى، تارىخىمىزنى چۈشەنمەيمىز. بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت 2002 ـ يىلى 5 ـ ئايدا كۆرۈلدى. ئەينى چاغدا 230 مىڭ ئوقۇغۇچى فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى قەرەللىك ئۆتكۈزىدىغان تارىخ بىلىملىرى ئىمتىھانىغا قاتناشتى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى چوقۇم جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك كۆپ تاللاش سوئالى ئىچىدە مۇنداق سوئاللار بار ئىدى.

*«خارلىمىنىڭ گۈللىنىشى» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟*

*① 60 ـ يىللاردىكى شەھەرلەرنى گۈللەندۈرۈش تۈرلىرى*
*② قايتا قۇرۇش جەريانىدا ئامېرىكا نېگىرلىرى سىياسىي جەھەتتە ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەت*
*③ 50 ـ يىللاردىكى بىر خىل دىنىي گۈللىنىش ھەرىكىتى*
*④ 70 ـ يىللاردىكى ئامېرىكا نېگىرلىرى سەنئەت، ئەدەبىيات، مۇزىكا قاتارلىقلاردا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر*

توغرا جاۋاب ④ بولۇپ، 12 ـ يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە 10 پىرسەنت ئادەمنىڭ نەتىجىسى ئەلا بولغان. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، بۇ ئوقۇغۇچىلار سايلام يېشىغا توشقان ياكى توشۇش ئالدىدا تۇرغانلار ئىدى. پېداگوگ ديان راۋىچ بۇ ھەقتە غەزەپ بىلەن «نېمىدېگەن ناچارلىق بۇ» دەيدۇ. 1995 ـ يىلى ئېلىنغان ئوخشاش تۈردىكى ئىمتىھان نەتىجىسىدىن بايقىشىمىچە، 12 ـ يىللىقلارنىڭ يېرىمىدەك ئوقۇغۇچىسى «سوغۇق ئۇرۇش» دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەن.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆز تارىخى ھەققىدىكى ساۋاتسىزلىقى ۋەقە ۋە سانلار بىلەن چەكلىنىپ قالماي بىر قىسىم چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەرگىمۇ چېتىلىدۇ: بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەركىنلىكىمىزنىڭ

ئەجدادلارنىڭ جاپالىق كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئويلىماپتۇق. ئەجدادلىرىمىز جاپالىق كۈرەش قىلىپ قۇللۇق تۈزۈمىنى يوقاتتى، سايلام ھوقۇقىنى كەمبەغەللەر ۋە ئاياللارغا قەدەر كېڭەيتتى، ماك كارتېزىم ۋە ئۇنىڭ ساقچىلارنىڭ ھوقۇقىنى كېڭەيتىش قىلمىشىغا قارشى تۇردى ۋەھاكازا. تارىخىمىز شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەركىنلىك ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ نەتىجىسى، لېكىن ئۇ مەڭگۈ ئاجىز، ئاسرىمىساق، ئاۋايلاپ قوغدىمىساق بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، يوقىلىپ كېتىدۇ.

نۇرغۇن جەھەتتىكى بىلمىسىزلىكىمىزنى تارىخ ئۆگىنىش ئۇسۇلىدىكى خاتالىق كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەكتەپلىرىمىز ۋە ئاممىۋى مۇنازىرە سورۇنلىرى ئارىمىزدا ناھايىتى ئاددىي چۆچەككە ئوخشايدىغان تارىخىي ھېكايىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، تارىخنىڭ مۇرەككەپ، ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرسەتمىگەن. ئەجدادلىرىمىز «بىزنىڭ ھاياتىمىز، بايلىقىمىز، مۇقەددەس شان ـ شەرىپىمىز مۇشۇ يەردە» دەپ قەسەم قىلىپ ئامېرىكىدىن ئىبارەت يېڭى قۇرۇلۇقنى ئاچقان. كىم ئۇلارنى ئەقىللىق، باتۇر ئەمەس دېيەلەيدۇ؟ كىم ئۇلارنى قەھرىمان ئەمەس دېيەلەيدۇ؟

مۇستەقىللىق خىتابنامىسىگە ئىمزا قويغان نۇرغۇن ئادەملەر مۇستەقىللىق ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتى ياكى بايلىقىنى تەقدىم قىلدى. ئۇلار رېئاللىقتا يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان باتۇر غايىپەرەسلەر ئىدى. ئۇلار ئادەمنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئەڭ توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، ئەركىنلىك ئىدىيىسىگىمۇ چوقۇناتتى، باي ئىجادىي كۈچكە ئىگە ئىدى. گرېتسوگ ئاكتون: «ھوقۇق ئادەمنى چىرىتىدۇ، مۇتلەق ھوقۇق مۇتلەق چىرىكلىكنى پەيدا قىلىدۇ» دېگەن گەپنى دېيىشتىن يۈز يىل بۇرۇن بۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس ھەقىقەتنىڭ مەنىسىگە يېتىپ بولغانىدى. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى بەلگىلىدى ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى. چېركاۋ بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنىڭ چەك ـ

چېگرىسى ئاجرىتىلدى. ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنى نازارەت قىلىدىغان ۋە چەكلەيدىغان مېخانىزم ئورنىتىلدى. «ھوقۇق قانۇنى» ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ پۇقراغا قارىتا ھەددىدىن ئارتۇق ھوقۇق يۈرگۈزۈشىگە چەك قويۇلدى. بۇ قانۇن ـ تۈزۈملەر ئەركىنلىكنىڭ مۇقەددەس ۋە دەخلىسىزلىكىنى قوغدىدى. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئىدى. ئىنسانىيەتتە ساقلانماق تەس بولغان مۇقىم ئاجىزلىقلار بار، ئۇ ھەر دائىم ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى پۇقرانىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا كۈشكۈرتىدۇ. ئۇلار مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىجادچىلىرى، ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغلىرى بولسىمۇ، ھامان ئىنسان بولغاچقا ناھايىتى ئوڭاي مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ھەرقانداق ھەرىكەت تارىخنىڭ چەكلىمىلىكىدىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىجاد قىلغان سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ مەلۇم جەھەتتە ئىنسانلارنىڭ دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى چەكلەيدىغانلىقىغا ھەيران قالغۇلۇق ئەمەس. بۇ ئادەملەرنىڭ ئەر، ئاق تەنلىك، باي دېگەندەك تەۋەلىكى بار. ئۇلار ھامان ئۆز تەۋەلىكىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئاشۇلارنىڭ قانۇنى تەرىپىدىن چەكلەنگەن، قوغلانغان ۋە ئۇلارغا قارشى چىقىشقا جۈرئەت قىلغان ئادەملەر ئامېرىكا تارىخىدا چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرغان، ئۇلارنىڭ تەسىرى ھېلىمۇ مەۋجۇت.

بارلىق ئاجايىپ ـ غارايىپلارنىڭ مەنىسى «ھەممە ئەرلەر تۇغما باراۋەر» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزدە ئايان بولىدۇ. بۇ جۈملىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. بۇنداق دېيىش 18 ـ ئەسىردىكى ئادەملەر ئۈچۈن ئەقىلغا مۇۋاپىق بولسىمۇ، ئىنسانىيەتنىڭ يەنە بىر بۆلىكىنىڭ ھوقۇقىغا سەل قارالغان. ئاياللارنىڭ تارتىۋېلىنغان سايلام ھوقۇقى دۆلەت قۇرۇلۇپ 150 يىلدىن كېيىن ئەسلىگە كەلدى. ئاياللار سايلام ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. يېڭى دېموكراتىيە شارائىتىدا ھەممە ئەرنى تۇغما باراۋەر دېگىلى بولمايدۇ. بۇ سۆزدە

تېرە رەڭگىنىڭ قانداق بولۇشى تىلغا ئېلىنمىغان (كېيىن يۇقىرالىق هوقۇقى پائالىيەتچىلىرى بۇ ئەھۋالدىن پايدىلاندى). ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىغا قۇل قىلىپ ئېلىپ كېلىنگەن نېگىرلار ۋە ئامېرىكىدىكى يەرلىكلەرنىڭ سىياسىي هوقۇقى تارتىۋېلىنغانىدى. نوپۇس ستاتىستىكىسىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئاساسىي قانۇن نېگىرلارنى 3/5 ئادەم دەپ قارىغانىدى. جەنۇبلۇقلار بۇ ئىستراتېگىيىدە چىڭ تۇردى ۋە پارلامېنتتا بۇ تەشەببۇسقا تايىنىپ ئورۇنغا ئىگە بولدى. بۇنداق چېكىدىن ئاشقان باراۋەرسىزلىككە قارىتا مەيلى ئۆتمۈشتە ياكى هازىر بولسۇن، ئامېرىكىلىقلار ئۇنىڭ ئەقىلغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلالمىدى، لېكىن كۆڭلىدە بىلدى. بايلىقنىڭ زور كۆپ قىسمى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئۈچ پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان ئادەملەرنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەندە مۇھىم هوقۇقلار بايلارنىڭ قولىغا مەركەزلەشتى. بېنجامىن فرانكلىن بىلەن توماس پاين ئەرلەرنىڭ سايلام هوقۇقى بولۇشىنى تەكىتلىدى. لېكىن، ئۇلار يوهان جامېس بىلەن ئالېكساندىر خامىلتونغا ئۇتتۇرۇپ قويدى. كېيىنكى ئىككىيلەن «بۇ دۆلەتكە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەملەردە ئۇنى تىزگىنلەش هوقۇقى بولۇش كېرەك» دېگەن قاراشتا چىڭ تۇراتتى.

ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەنئەنىۋى پەن - تېخنىكا دەرسلىكلىرىدىن قارىغاندا، بۈگۈنكى ئامېرىكىلىقلار چۈشىنەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئادەمنى ۋەھىمىگە سالىدىغان چاغلار بولغان. ئۇزۇندىن بېرى مەكتەپلىرىمىزدىكى ھەربىر ئوقۇغۇچى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان گەپ پاترىك ھېنرىنىڭ «ئەركىنلىك بولمىسا ئۆلۈشكە رازىمەن» دېگەن يالتىراق قەسىمى بولدى. لېكىن، ھېنرىنىڭ ئەينى چاغدا قۇلدار ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك. «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»گە ئىمزا قويغان ئۆلۈغلار ئىچىدە يىرىمىدىن كۆپرەك ئادەم قۇلدار ئىدى. ۋاشىنگتون سىمىتسون ئىلمىي جەمئىيىتىدە ئىشلەيدىغان ئالىم 1995 - يىلى

جامېس لوۋېننىڭ ئادەمنى ئويغا سالىدىغان «مۇئەللىمنىڭ ماڭا ئۆگەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان» دېگەن كىتابى نەشر قىلىندى. ئۇ كىتابتا ئامېرىكىنىڭ ئالىي ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئىشلىتىلىۋاتقان 12 خىل كىتاب تەھلىل قىلىنغان. بۇ كىتابلار ئىچىدىكى ئىككى كىتابتا ھېنرىنىڭ قۇلدارلىقى تىلغا ئېلىنغان. پەقەت ئالتە كىتابتىلا تۇماس جېففېرسوننىڭ قۇلدار ئىكەنلىكى ئىزاھلانغان. قۇلدارلىقى پاكىت، ئەمما ئۇ توماس جېففېرسوننىڭ ئامېرىكا دېموكراتىيىسى ئۈچۈن قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىنى يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ. بۇ ھادىسە ئىرقچىلىقنىڭ ئامېرىكىلىقلارنىڭ قەلبىدە تارتقان يىلتىزىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇرلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. ناۋادا بىزنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ غايىچىلىرىمىزنى شۇ ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دەپ قارىساق، بۇ چوڭ دۆلەتتىكى ھەربىر ئادەمتىكى يۇقرانىڭ كاللىسىدا بۇنداق ئوينىڭ يوقلۇقىغا كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟

20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ پۇقرالار ھوقۇقىدا زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەش يۈز بېرىپ، ئاندىن مەتبۇئات ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ قۇللۇق تۈزۈم دەۋرىدىكى پاجىئەلىرىنى بىرقەدەر ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈشكە كىرىشتى. لېكىن، دەرسلىك كىتابلاردا قۇللۇق تۈزۈم گويا ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالغان ھادىسىدەك تەسۋىرلىنىپ، ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئەزگۈچىلىك رولى خىرەلەشتۈرۈۋېتىلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدا شەخسىي جازا بېرىش ئومۇملاشقان ھادىسە بولۇپ، بىرەر دەرسلىكتە بۇ ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىرەر پارچە سۈرەت يوق ئىدى. لوۋېن كىتابىدا مۇشۇنداق سۈرەتتىن بىرنى ئېلان قىلماقچى بولغاندا مىسسىسىپى شتاتىنىڭ سوتچىسى بۇ كىتابنى نەشر قىلىشنى چەكلىدى. ئاخىر بۇ دەۋا سوتقا كەلدى. بىر سوتچى خۇسۇسىي جازانىڭ يۈز بەرگەن ھادىسە ئىكەنلىكىنى تەن ئالدى، لېكىن يەنە بىرى، بۇنداق كۆڭۈلسىز،

شۇنداقلا ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان كونا ئىشنى تەپسىلىي بايان قىلىشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ تۇرۇۋالدى. ئاخىر بۇ كىتابنى قوللايدىغان سوتچى: «بۇ بىر تارىخىي كىتاب، شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى.

ئەمەلىيەتتە: تارىختىكى ئامېرىكا بىلەن يەرلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي مۇناسىۋەتمۇ يوشۇرۇۋېتىلگەن. بۇ ئەھۋال باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دەرسلىكىدە مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «خرىستىئانلار ئەجدادى بۇ تۇپراقنى بايقىغان چاغدا بۇ يەردە ناھايىتى دوستانە يەرلىكلەر ياشايتتى. يەرلىكلەر كۆچمەنلەرگە بېلىق تۇتۇش ۋە قوناق تېرىشنى ئۆگەتتى. كۆچمەنلەر تەسىرلىنىپ يەرلىك ھىندىئانلارنى ئۆزلىرىنىڭ رەھمەت بايرىمىغا تاماققا تەكلىپ قىلدى. رەھمەت بايرىمى ھېلىمۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەڭ ئاساسىي بايرىمى. ئاق تەنلىكلەر ھىندىئانلارنى تەربىيىلىدى، لېكىن ھىندىئانلار ھازىرقى زامان تۇرمۇش شەكلىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. ئۇلار ئاق تەنلىكلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. باشنىڭ تېرىسىنى سويۇۋېلىش ئۇلارنىڭ ئەڭ ئامراق ئىشى ئىدى. ئامالسىزلىقتىن ئاق تەنلىكلەر قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. غەربتە تۇرىدىغان ئامېرىكا ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئۇلارغا ياردەملەشتى. جورجى كاستىر كىچىك بىگخون دەرياسى بويىدا مەغلۇپ بولدى. لېكىن، ھىندىئانلار ئاخىرقى ھېسابتا بويسۇندۇرۇلدى ۋە ئۇلار مەخسۇس رايونلاردا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇلدى. ئۇلار ئامېرىكا تارىخىي تەرەققىياتىدىكى قۇربانلىق ئىدى، خالاس.»

فىلىپ شىلدەن بۇ مەسىلىگە رېئال پوزىتسىيىدە قارايدۇ. ئۇ 19 ـ ئەسىردىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى بولۇپ، «ئەڭ ياخشى ھىندىئان ئۆلۈپ كەتكەن ھىندىئاندۇر» دېگەن گېپى ئۇنىڭ نامىنى چىقىرىۋەتكەن. شىلدەن ئاق تەنلىكلەر بىلەن ھىندىئانلار ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «بىز ئۇلارنىڭ دۆلىتى ۋە تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى بۇلاپ كەتتۇق.

كىممۇ بۇنداق بۇلاڭچىلىققا چىداپ تۇرالىسۇن. ئاق تەنلىكلەر كۇندۇزدىكى بۇ بۇلاڭچىلىقنى قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن مەلۇم ئويۇنلارنى ئوينىدى. 1830 - يىلى فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى «ھىندىئانلارنى كۆچۈرۈش قانۇنى» نى ماقۇللاپ، غەربتىن ھىندىئان قەبىلىلىرىگە يېڭى ئولتۇراق زېمىن ئايرىپ بېرىپ جەنۇبتىكى زېمىنغا تېگىشمەكچى بولدى. لېكىن، غەربتىكى ئالاباما، مىسسىسىپى، جورجىيە شتاتلىرى ھىندىئان قەبىلە ھاكىمىيىتىنى قانۇنسىز ھۆكۈمەت دەپ قاراپ ئۇلارنىڭ زېمىنىنى تارتىۋالدى. ھىندىئان قەبىلىلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشى ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلدى. ئەڭ يۇقىرى سوت ئەرزنى قوبۇل قىلىپ ھىندىئان قەبىلىلىرىنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك، دەپ قارىدى. لېكىن، ئاندىرۇ جېكسون زۇڭتۇڭ سوتنىڭ ھۆكمىنى كۆزگە ئىلماي قەبىلىلەرگە شەرتنامىنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ھىندىئانلارنى غەربنىڭ تېخىمۇ يىراق يەرلىرىگە قوغلاش ئىدى. 1869 - يىلى ئۇلىسېس گرانت زۇڭتۇڭ تەيىنلىگەن بىر ھەيئەت «ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن ھىندىئانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە تارىخى بىر مەزگىللىك ئۇياتلىق تارىخ، بۇ تارىختا ھۆكۈمەتنىڭ ۋاپاسىزلىقى، شەرتنامىنى يىرتىپ تاشلاپ زوراۋانلىق قىلغان ئەسكىلىكى خاتىرىلەنگەن» دەپ ئېتىراپ قىلدى.

بۇنداق ۋاپاسىز قىلمىشلارنىڭ كەينىدە كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولمىغان مەسخىرىلىك بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ، ئەينى چاغدا ئامېرىكا دېموكراتىك ئىدىيىسى ۋە تۈزۈلمىسى دەسلەپ قۇرۇلغاندا ھىندىئانلارنىڭ ئىپتىدائىي ماتېرىياللىرىدىن پايدىلانغىلى قىل قالغان ئىش. 1754 - يىلى فرانكلىن مۇستەملىكە داھىيلىرىنى قايىل قىلىپ ئىتتىپاقلىشىپ ئەنگلىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قىلماقچى بولغاندا ئىروكىز ئامېرىكا يەرلىك خەلقىنىڭ فېدېراتسىيىسىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتكەنىدى. مەزكۇر

فېدېراتسىيە ئالتە ئىروكىز دۆلىتىدىن تەشكىللەنگەن، ئۇزۇن مەزگىل مەۋجۇتلۇقنى ساقلىغان دېموكراتىك، ئۆزىنى ئىدارە قىلىدىغان فېدېراتسىيە ئىدى. تارىخىي كىتابلىرىمىزدا ئامېرىكىنىڭ قۇرغۇچىلىرى قەدىمىي يۇنان ۋە ياۋروپا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ پەلسەپىۋى قارىشىدىن پايدىلانغان دېيىلىدۇ، لېكىن ئىروكىز فېدېراتسىيىسىنىڭ تەسىرىنى تىلغا ئالمايدۇ. بۇ فېدېراتسىيىنىڭ تەسىرى فېدېراتسىيە ۋە ئاساسىي قانۇن ماددىلىرىدا، بولۇپمۇ ھەرقايسى شتاتلارنىڭ ھوقۇق بۆلۈشۈۋېلىش ماددىسىدا ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ.

## تارىخ ئۆلمەيدۇ ھەتتا مەڭگۇ ئاخىرلاشمايدۇ

ئىرق مەسىلىسى ھەمىشە ئامېرىكىنى تەڭقىسلىقتا قويىدۇ، لېكىن دەل شۇ ئىرقلار ئامېرىكىنى شان ـ شەرەپكە ئېرىشتۇردى. قۇللارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى جاز مۇزىكىسىنى كەشىپ قىلىپ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. بۇ بىر ئىسپاتلانغان ئەمەلىيەت. گەرچە ھەرقايسى مىللەت مۇزىكانتلىرى مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئوخشىمىغان تۆھپىلەرنى قوشقان بولسىمۇ، جاز مۇزىكىسى ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدۇر. ئامېرىكىلىق نېگىر كىنتاجى ئوپېنس بىلەن فىجىل ۋۇد 2001 ـ يىلى بىر كىتاب نەشر قىلدۇردى. كېيىن بۇ كىتابقا ئاساسەن بىر كىنو ئىشلەندى. بۇ كىتاب بىلەن كىنونىڭ نامى «جاز مۇزىكىسى» بولۇپ، كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «جاز مۇزىكىسى سىزگە بىر ئەركىن زېمىندا يۈز بەرگەن ھەر تۈرلۈك ئەركىن بولمىغان ئالاھىدە تۇيغۇلارنى ھېس قىلدۇرىدۇ.» جاز مۇزىكىسى گۈزەل كۈيلەر ئارقىلىق ھەقىقىي ھالدا ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىكنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ

مۇناسىۋەت ئامېرىكىدىكى مىللىي كۆرەشنى مەڭگۈ توختاپ قالماسلىققا ئىلھاملاندۇردى. ئۇ شەخسىي ئەركىنلىك بىلەن ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۇردى. بۇ يەردىكى ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى پۇقرانىڭ دېموكراتىك بۇرچى ۋە ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى تەنقىدچى چارلىز جونسون 1925 - يىلى ئاھ ئۇرۇپ تۇرۇپ ئېيتقاندەك: نېگىرلار ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ نەقەدەر مەسخىرىلىك ئىكەنلىكىنى زادى سەزمەي قالدى. ئامېرىكا جەمئىيىتى نېگىرلارغا ناھايىتى ئاز كۆڭۈل بۆلدى ياكى ئۇلارنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىدى. دەل مۇشۇ سەۋەب نېگىرلارنى ئامېرىكىلىقلارنىڭ قەلب ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچنى ياساشقا رىغبەتلەندۇردى.»

دۇنيادا ئامېرىكىغا ئوخشاش نۇرغۇن مىللەتلەر ئورتاق ياشايدىغان دۆلەت كەم تېپىلىدۇ، بىز ھەقىقىي بىر رەڭدار دۆلەت. 2000 - يىلدىكى نوپۇس ستاتىستىكىسىدىن قارىغاندا، ئامېرىكا ھېلىمۇ ئاساسەن ئاق تەنلىكلەردىن تەشكىللەنگەن دۆلەت بولۇپ، ئۇلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 72 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن بۇ ھالەت ئۇزاق داۋاملىشىشى ناتايىن. كىشىلەرنىڭ پەرىزىچە، 2050 - يىلى ئامېرىكا بۈگۈنكى كالىفورنىيىگە تېخىمۇ ئوخشاپ قېلىپ، ئاق تەنلىكلەر ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 50 پىرسەنتىدىن تۆۋەنلەپ كېتىدىكەن. ھازىر ئىسپانىيە ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلار نوپۇسنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى نەتىجىسىدە ئىسپان تىلى نۇرغۇن رايوننىڭ بىرىنچى تىلى بولۇپ قالدى.

ئەمەلىيەتتە، ئىرقىي كەمسىتىش ھېلىمۇ مەۋجۇت. ئۇ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ھەتتا ساقچىنىڭ قاتناشقا قوماندانلىق قىلىشىدىمۇ كۆرۈلۈپ قالىدۇ. ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى كۆرسەتتىكى، ماشىنا ھەيدەپ ساقچى تەرىپىدىن توسۇۋېلىنغان قارا تەنلىكنىڭ نىسبىتى ئاق تەنلىكنىڭكىدىن خېلى ئۈستۈن. ئامېرىكا دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تېبابەت تەتقىقات ئورنىنىڭ

ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، نېگىرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېرىشكەن داۋالاش ئىستراخوۋانىيىسىنىڭ سوپىتى ئاق تەنلىكلەرنىڭكىدىن تۆۋەن ئىكەن. ئىسپانىيىلىكلەر بىلەن نېگىرلار قولغا ئېلىنسا ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر رايونىغا قامىلىدىغانلار ناهايىتى كۆپ. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكىدىكى هەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا هېلىمۇ ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ئىرقىي تام مەۋجۇت. بىز ئىرق مەسىلىسىدە سەممىيلىك بىلەن مۇلاهىزە ئېلىپ بېرىشتىن يىراق.

بايقىشىمىزچە، ئىرقلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ قەدىمى ناهايىتى ئاستا ئىكەن. مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى تارىخىمىزنى هەممە تەرەپتىن ئېتىراپ قىلماسلىق دەپ قارىدىم. يازغۇچى ۋىلىيام فولكىنىر مۇنداق دېگەن: «تارىخ ئۆلمەيدۇ هەتتا مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ.» بىز تارىخ ئېقىنىدا تۇرغانىكەنمىز، ئاۋۋال ئۇنىڭغا يۈزلىنىشىمىز زۆرۈر، بولمىسا هامان ئۇنىڭ رېلىسىدىن ئاتلاپ چىقالمايمىز، بىز ئەڭ روشەن مىساللارنى ناهايىتى ئاز تىلغا ئالىمىز. دۆلىتىمىز ئەزەلدىن دۆلەت قۇرغان چاغلىرىدا قىلغان گۇناهلىرىغا دادىللىق بىلەن يۈزلىنىپ باقمىدى. شۇ چاغدا نۇرغۇن يەرلىكلەر قىرغىن قىلىنىپ زېمىنلىرى تارتىۋېلىنغانىدى. بۈگۈن تارىخنى تۈزىتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. يەرلىكلەرنىڭ ئەۋلادى تېخىمۇ كۆپ دىققەتكە موهتاج، ئۇلار «قالدۇرۇق يەر» لەردەك تاشلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇلارنىڭ شۇ يەرلەردە تىرىكچىلىك ئۈچۈن قىلالايدىغان ئىشى كان قېزىش، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆلكىسى ۋە زېمىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىش ئىچىدە قالدى. ئۇلار قالدۇرۇق يەردە هاراقكەشلىك ۋە قىمارۋازلىق بىلەن ئۆزىنى نابۇت قىلماسلىقى كېرەك، ئۇلار ئۆتمۈشتە مۇشۇ سەۋەبتىن قورقۇنچلۇق جازالانغان.

نېمىشقا بىز رەسمىي هالدا كەچۈرۈم سوراش خېتى ئېلان قىلمايمىز؟ فېدېراتسىيە هۆكۈمىتى ئۇلاردىن سەممىي هالدا

كەچۈرۈم سورىشى، ئۆتمۈشتە ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى تەن ئېلىشى كېرەك، شۇنداقلا يەنە نېگىرلارغا قىلغان زىيانكەشلىكلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىشى كېرەك، ئامېرىكا تارىخىدا بۇنداق مىساللار يوق ئەمەس. ۋاشىنگتون 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا قاماپ قويۇلغان ياپونلاردىن كەچۈرۈم سوراپ ھەربىرىگە 20 مىڭ دوللاردىن تۆلەم بەرگەنىدى. نېگىرلار ۋەكىلى يوھان كېنىرس ۋە باشقا نېگىرلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بۇ ئۆلگىدىن پايدىلىنىپ ئامېرىكىنىڭ ئۆتمۈشتىكى قۇللۇق تۈزۈمى ئۈچۈن تۆلەم ئېلىش ھەرىكىتى قوزغىدى. لېكىن، بۇ ھەرىكەتنىڭ باشلانغىنىغا ناھايىتى ئۇزۇن بولسىمۇ پارلامېنت يېقىن كەلگۈسىدە بۇ مەسىلىگە قول تىقمىدىغاندەك ئەمەس. يەرلىك ئامېرىكىلىقلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلغاندەك، قۇللۇق تۈزۈم دەۋرىدىكى بۇلاڭچىلىق ئۈچۈن ئىقتىسادىي تۆلەم ئېلىش، ئەلۋەتتە رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، چۈنكى بۇ پۇل ئۆسۈمىنى ھېسابلىمىغاندىمۇ ھېسابلىغۇسىز دەرىجىدە كۆپ پۇل. لېكىن، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا پۇلنىڭ ئېنىق سانى مۇھىم نۇقتا ئەمەس، مۇھىمى چوقۇم ئامېرىكا تارىخىدا مۇشۇنداق ئادالەتسىز تارىخنىڭ بولغانلىقىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىش.

جەنۇبىي ئافرىقا، ئارگېنتىنا ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى «ھەقىقىي ئەھۋال ۋە ياراشتۇرۇش ھەيئىتى» نىڭ تىرىشچانلىقى ئىسپاتلىدىكى، ئۆتمۈشتىكى ئادالەتسىز تارىخقا يۈزلەنمەك قىيىن ۋە جاپالىق ئىش، لېكىن تارىخقا توغرا قاراش كىشىلەرنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئۆچمەنلىكىنى يوقىتىپ تاشلىشىغا پايدىلىق. ناۋادا بىز نەزىرىمىزنى ھەقىقىي تارىخقا ئاغدۇرۇپ، تارىخىمىزنىڭ قاراڭغۇ، يورۇق ۋە ئوتتۇرىدا قالغان قىسمىغا نەزەر سالساق، ئېنىق تونۇساق، نۆۋەتتە دۆلىتىمىز ھەل قىلالمىسا بولمايدىغان ئىرق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق، شۇندىلا ئامېرىكا تېخىمۇ ساغلام تەرەققىي قىلالايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىرق مەسىلىسىنى

تونۇشتا نۇرغۇن پەرق مەۋجۇت. زور كۆپچىلىك ئاق تەنلىك ئامېرىكىلىق ئامېرىكىدا ئىرقىي مەسىلە يوق دەپ قارايدۇ، نۇرغۇن نېگىر ئامېرىكىدا ئىرق مەسىلىسى ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن دەپ قارايدۇ.

مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىۋاتقان ۋاقتىم ماتتىن لۇتېر كىنگنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە توغرا كەلدى. بۇ كۈنى پۈتۈن ئامېرىكا بويىچە دەم ئېلىناتتى. بۇ كۈنى نۇرغۇن سىياسىيون تۇشمۇتۇشتىن كېلىپ بۇ كىشىلىك هوقۇق ھەرىكىتىنىڭ داھىيسىنى خاتىرىلىدى. بۇش زۇڭتۇڭمۇ كەلدى ۋە كىنگنىڭ «ئۆچ ئېلىش، زوراۋانلىققا زوراۋانلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش»نى رەت قىلغانلىقىدەك ئاقىل ئىدىيىسىنى مەدھىيىلىدى. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدە ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئافغانىستاننى بومباردىمان قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇققا ئىمزا قويغىنىغا ئەمدىلا ئۆچ ئاي بولغان بۇ زۇڭتۇڭنىڭ بۇنداق گەپلەرنى قىلىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. تېخىمۇ غەلىتە ئىش شۇكى، بۇش زۇڭتۇڭ پەقەت كىنگلا ئىگە بولۇشقا لايىق شان ـ شەرەپكە ئېرىشكەنىدى. تەخمىنەن ئىككى يىل ئىلگىرى بۇش ئۆزىنىڭ زۇڭتۇڭ سايلىمىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن قىلچە ئىككىلەنمەستىن كىنگنىڭ ۋەسىيىتىگە خىلاپلىق قىلغانىدى. ئەينى چاغدىكى ئامىمىنىڭ بېلەت تاشلىشى جەريانىدا پارلامېنت ئەزاسى يوھان ماركىن كۈتمىگەن جايدىن چىقىپ بۇشنى تەڭقىسلىقتا قويغان، بۇش جەنۇبىي كارىلونا سايلام رايونىدا ھايات ـ ماماتلىق سىناققا دۇچ كەلگەنىدى. ئاشۇ شتاتتىكى كەيپىيات ناھايىتى جىددىي بولۇپ، تالاش ـ تارتىشنىڭ مەركىزى جەنۇبتىكى شتاتتىكىلەرنى قوللايدىغانلارنىڭ بايرىقى شتاتلىق ھۆكۈمەت ئاسمىنىدا داۋاملىق لەپىلدەش كېرەكمۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلە ئىدى. بۇش بۇ مەسىلىگە قارىتا ئىككىلەندى. گەرچە ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرۇش پۈرسىتى بىرنەچچە قېتىم بۇشقا ئالدىنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئاخىردا يەنىلا سولىھى يولىنى تاللىدى ۋە قوللۇق

تۇزۇمگە سىمۋوللۇق قىلىدىغان بۇ بايراقنى ئەيىبلەشنى رەت قىلدى. ئىرقچىلار ئۇنىڭ ئىلمان پوزىتسىيىسىگە بەكمۇ سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلدى، بۇشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى، نەتىجىدە بۇش ماركىننى مەغلۇپ قىلدى.
كىنگ بىلەن بۇشنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى روشەن سېلىشتۇرما پەيدا قىلدى، شۇنداقلا ئامېرىكا تارىخىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بىر مەسىلىنى ئاشكارىلاپ قويدى. بىر تەرەپتىن پۈتۈن خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئادالىتى» نىڭ شەرەپلىك ۋەدىسى بىز باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چاغدىلا يادلىۋالغان «يۈلتۇزلۇق بايراققا قەسەم» نىڭ ئىچىدىكى بىر جۈملە سۆزگە ۋەكىللىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى ئالاھىدە ھوقۇقلۇق كۈچلەر ۋە ساختىلىق ئامىللىرى ۋەدىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلاتتى. گەرچە ھازىر بۇنداق كۈرەش ئۇنچە ئۆتكۈر بولمىسىمۇ، كىنگنىڭ ئەقىدىسى بىلەن بىزنىڭ تارىخىي ئىلگىرىلىشىمىزدە ئورتاقلىق بار. تارىخ بىر ئۇزۇن دەريا، توسقۇنلۇققا يولۇققاندا ئىگىلىپمۇ قالىدۇ. شۇڭا ئىگىلمەي ـ سۇناي كۈرەش قىلغاندىلا بارلىق توسقۇنلۇقنى يېڭىپ ئۇنىڭ توغرا تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئامېرىكا قۇللۇقنى بىكار قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئىجادچىسى دوگلاس مۇنداق دېگەن: «ھوقۇقتىن ئۇنداق ئوڭاي ۋاز كەچمەسلىك كېرەك.» دوگلاس ۋە كىنگ قاتارلىق ئىسيانچىلار ھەل قىلغۇچ ئەۋزەللىككە ئېرىشتى. ئۇلار ھەققانىيەتكە ۋەكىللىك قىلدى. ئۇلار تەشەببۇس قىلغان غايە نەزەرىيە جەھەتتىن بۇ زېمىندىكى قانۇننىڭ ئۆلچىمى بولۇپ قالدى. گەرچە ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىدا پەرق بولسىمۇ دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك ھەققىدىكى ئېتىقادى بىردەك ئىدى. ئۇلار كېيىنكىلەرگە بىر ئاساسىي رامكىنى قالدۇردى. بۇ رامكا نەزەرىيە جەھەتتە پۇقرالار ئىگە بولغان مىسلى كۆرۈلمىگەن ھوقۇق ۋە ئەركىنلىككە كاپالەتلىك قىلدى. لېكىن، پۇقرالار ئۆز ھوقۇقىدىن تولۇق ۋە ھەقىقىي بەھرىلىنەلمەكچى

بولىدىغان ئېغىمۇ ھەسسىلەپ كۈرەش قىلىشى كېرەك.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ، 60 ـ يىللىرىدىكى خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتى ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش تارىخىدىكى ئەڭ پارلاق سەھىپىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. نەچچە مىليونلىغان ئامما (ئاز بىر قىسىم ئاق تەنلىكلەرمۇ بار) بىرلىكتە تەشكىللىنىپ ھەرىكەتلىنىپ جىم ئولتۇرۇۋېلىپ، دۇئا ـ تەكبىر قىلىپ، نامايىشقا چىقىپ ۋە باشقا شەكىللەر بىلەن ئەركىنلىكنى چەكلەيدىغان قىلمىشلارغا قارشى تۇردى. ئۇلارنىڭ قورقماس ئىرادىسى ۋە تەۋرەنمەس ئېتىقادى بۇ دۆلەتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. گەرچە ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى يەرلىك ساقچىلار ۋە ئىرقچىلارنىڭ زوراۋانلىقتىن ساقلىنىمىز دېگەن نامدا ئېلىپ بارغان باستۇرۇش ھەرىكىتىنى كۆرمەسكە سالغان، قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرغان بولسىمۇ كەڭ ئاممىنىڭ كۈرەش ئىرادىسى زادى سۇسلاشمىدى، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىرادىسى تەۋرىنىپ قالمىدى، ئاخىر ئۇلۇغ غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ نەتىجە 1964 ـ يىلىدىكى «پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى قانۇن لايىھىسى» ۋە 1965 ـ يىلىدىكى «بېلەت تاشلاش ھوقۇقى قانۇن لايىھىسى» دە ئەكس ئەتتى. ئەلۋەتتە، كۈرەش ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولدى. جەمئىيەتتە ئېرورلۇق ۋەقەلىرى ۋە قان تۆكۈلۈش دېلولىرى ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇردى، كىنگمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن قەستكە ئۇچرىدى. لېكىن، ئامېرىكا 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كەينىگە يېنىۋالمىغۇدەك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ بولغانىدى. خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتى ھۆكۈمەتنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان چاغدىكى پرىنسىپلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. بۇ ھەرىكەت نېگىرلارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماي ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىمۇ ياخشىلىدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ياخشىلىدى. بۇ شانلىق نەتىجىلەر پۈتۈن دۇنياغا

ئامېرىكىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنىڭ نەقەدەر يۇقىرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ سىپىرىي كۈچى زور. خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتى 60 ـ يىللاردىكى ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتىگە مەدەت بېرىپ 19 ـ ئەسىردىكى قۇللۇقنى بىكار قىلىش ھەرىكىتىگە ئوخشاش دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. 1840 ـ يىلى ئېلىزابېت كادى ستانتون ۋە ئۇنىڭ ئېرى ئەنگلىيىگە بېرىپ قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى تۈرىدىغان يىغىنغا قاتناشماقچى بولدى. لېكىن، ستانتون خانىم بىلەن يىغىنغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلغان باشقا ئاياللار يىغىن مەيدانىغا كىرگۈزۈلمىدى. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭدا غەزەپ پەيدا قىلدى. جىنسلار ئارىسىدىكى باراۋەرسىزلىك بىلەن ئىرقلار ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرسىزلىك ماھىيەتتە ئوخشاش بىر ئىشمۇ نېمە؟ ئەينى چاغدا ئامېرىكا ئاياللىرىنىڭ بېلەت تاشلاش، مۈلۈك، ئالىي مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇش، ھۆكۈمەت، قانۇن ۋە باشقا ئاممىۋى تارماقلاردا خىزمەت قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ستانتون ئامېرىكىغا كېلىپلا تارىختىكى تۇنجى ئاياللار ھوقۇقى يىغىنىنى چاقىردى. خۇۋارد چىشىپنىسكى «ئامېرىكا خەلقىنىڭ تارىخى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: بۇ يىغىن بىر خىتابنامە ماقۇللىدى. گەرچە خىتابنامە شەكىل جەھەتتىن مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنى دورىغان بولسىمۇ، نۇرغۇن ئوخشىمايدىغان جايلىرى بار ئىدى: «بارلىق ئەر ـ ئاياللار تۇغما باراۋەر بولۇشلىرى كېرەك. بىز بۇنى شۈبھىسىز ھەقىقەت دەپ تونۇيمىز.»

تارىخنىڭ ئۇزۇن ئېقىمى داۋاملىشىپ 15 يىل ئۆتكەندە ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش ئارزۇسى قانۇننىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. گەرچە 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىكى ئاياللار ھوقۇقى پائالىيەتچىلىرى جاپالىق كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى ئامېرىكا ئاياللىرىنىڭ ئىش ھەققىدە ئەرلەر بىلەن باراۋەر

بولالماسلىق ئەھۋالىنى ئۆزگەرتەلمىدى. لېكىن، «ئىككىنچى دولقۇن» دەپ ئاتالغان بۇ ھەرىكەت ئامېرىكىنىڭ ئاياللارنىڭ رولى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى ھەققىدىكى تونۇشنى ئويغاتتى. مەيلى ئەرلەر، مەيلى ئاياللار بولسۇن، ئاياللار ئەرلەردىن تۆۋەن تۇرىدۇ دېگەن چىرىگەن قاراشنىڭ تەسىرىدىن ئازاد بولۇپ، ئاياللار خىزمەت ۋە تۇرمۇش شەكلىدە تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. بۇنداق ھوقۇقنى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرمىگەنىدى. سوزان فۇرۇدى «قارشى سوقۇلۇش كۈچى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازدى: بۇنداق ئاياللار ئەركىنلىكى ئىدىيىسى ناھايىتى تېزلا ئەنئەنىچىلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. ئەنئەنىچىلەر ئاياللار ئۆيدە ياخشى ئايال، كۆيۈمچان ئانىلىق رولىنى ئېلىشى كېرەك، دەپ قارايتتى. بۈگۈن ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى ھەققىدىكى كۆرەش تېخى ئاخىرلاشمىدى. ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش ھوقۇقى مەسىلىسىدە تالاش - تارتىش مەۋجۇت. لېكىن، مەدەنىيەتنىڭ چاقىنى تارىخنىڭ چاقىغا ئوخشاش ئارقىغا بۇراش مۇمكىن ئەمەس. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتىگە قاتناشمىغان ياش ئاياللارمۇ ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكىنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىگە ئاستا - ئاستا ئۆيغۇنلىشىدۇ ۋە ئادەتلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئەركىن ھالدا كەسىپ تاللايدۇ، نىكاھنى داۋاملاشتۇرۇش ياكى ئاخىرلاشتۇرۇشنى قارار قىلالايدۇ. قىسقىسى، ھازىر ئۇلار بالىسى ۋە ئېرى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۆزى ئۈچۈنمۇ ياشايدىغان ھوقۇققا ئىگە بولدى. ئەر - ئاياللارنى ھەقىقىي باراۋەر قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكا يەنە نۇرغۇن يول بېسىشى كېرەك. لېكىن، سىز چەت ئەللەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ باقسىڭىز شىمالىي ياۋروپادىن باشقا ئامېرىكىدىلا ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە شەخسىي ئەركىنلىك ھوقۇقىنىڭ دۇنيا ۋە باشقا ھەرقانداق جايدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئەلۋەتتە، شىمالىي ياۋروپانىڭ ئەھۋالى بەلكىم ئامېرىكىدىن كۆپ ياخشى بولۇشى مۇمكىن.

ئامېرىكا ئاياللىرىنىڭ گوللاندىيە ئاياللىرىغا ھەسەت قىلماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ چۈنكى گوللاندىيە ئاياللىرى تۇغقاندا ئۈچ يىل مائاشلىق ئارام ئالىدۇ. ئارامدىن كېيىن ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىغا قايتىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

مەن مىسىردا قەدىمىي شەھەر لۇكسۇردىكى نىل دەرياسىنىڭ ئۈستىدە 28 ياشقا كىرگەن بويتاق ئاتا، ئىجتىمائىي خىزمەتچى مۇستاپا بىلەن بىرگە چاي ئىچىپ قالدىم. قېيناتىسى ئۇنىڭ تۆت ياشلىق قىزىغا قاراپ بېرىدىكەن. «مەن قىزىمنىڭ چوڭ بولۇپ خىزمەت قىلىشىنى خالىمايمەن، لېكىن ئوقۇمىسا بولمايدۇ. مەن ئۇنى ئوقۇتىمەن، لېكىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ھامان توي قىلىشى، پەرزەنتلىك بولۇشى كېرەك» دېدى ئۇ ماڭا. شۇ چاغدا مەن بەكمۇ ھەيران قالدىم. ئەرەب ئائىلە مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى ئائىلە باشلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى. بۇ يەردىكى پويىز ئىستانسىسىدا تۇرۇپ ئەتراپنى كۆزەتسىڭىز ئەرلەرنىلا كۆرىسىز. لېكىن، مۇستاپا تېپىك غەربچە ئادەم ئىدى، ئىنگلىزچىنى راۋان سۆزلەيتتى. ئوقۇش تارىخى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ كىنو ۋە تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى ياخشى كۆرەتتى. نېمىشقا قىزىڭىزنى خىزمەت قىلغىلى قويمايسىز؟ دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ناۋادا ئۇ خىزمەت قىلسا ئەرلەر بىلەن بىرگە ئىشلەشتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەرلەر ئۇنىڭغا قارايدۇ، كەينىگە كىرىۋالىدۇ، پاراڭلىشىدۇ ھەتتا ئۇ ئۇلارنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— ئۇنداق بولسا نېمە بولىدۇ؟ — دېدىم مەن.

— ئەرلەر ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەسلىكى كېرەك. بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويغىلى بولمايدۇ، — دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن.

مەن ياپونىيىدە تۇرغان چېغىمدا يوكوسكادا تۇرىدىغان رىنسەن ئىسىملىك بىر ئايال مۇنداق دېدى:

— ياپونىيە ۋەتىنىم، لېكىن مەن بۇ يەردە ئۆزۈمنى ئەركىن

ھېس قىلالمايمەن.

رېنسەن كالىفورنىيىدە يەتتە يىل تۇرغان، تۆت يىل ئىلگىرى ياپونىيىگە قايتىپ كەلگەنىكەن. ئۇنىڭ ئۈچ ياشلىق بىر ئوغلى بار بولۇپ، ئىككىنچى بالىسى تۇغۇلۇش ئالدىدا ئىكەن. بىر كۈنى چۈشلۈك تاماق يەۋاتقاندا ئۇ ماڭا قاراپ:

— بۇ يەردە ناچار ئادەتلەر بەك جىق ئىكەن، ئېنىق بەلگىلىمە بولمىسىمۇ رىئايە قىلماي ئامالىڭ يوق، — دېدى.

ئۇ ماڭا چاي قۇيغاچ يەنە:

— مەسىلەن، ئايال بولغانلىقىم ئۈچۈن سىزگە چاي قۇيۇشۇم كېرەك، لېكىن ئۆزۈم بۇ چايدىن ئىچسەم بولمايدۇ. مەن چوقۇم سىزنىڭ چاي ئىچىدىغان ـ ئىچمەيدىغانلىقىڭىزغا، چۈشلۈك تاماقنى ياقتۇرغان ـ ياقتۇرمىغانلىقىڭىزغا كۆڭۈل بۆلۈشۈم كېرەك، — دېدى.

ئاياللارنىڭ بۇنداق مۇلازىمەت ئېڭى ياپونلاردا نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا شەكىللەنگەن ھەم ئەنئەنىگە ئايلانغان. ئەرلەرنى ئەزىز، ئاياللارنى خار كۆرىدىغان بۇ قاراش ھېلىمۇ ئازايغىنى يوق.

— ياپونىيىدە ئاياللار تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ، چۈنكى ياپونلار ئاياللارنىڭ خىزمىتى ئائىلىدە بالىغا قاراش، دەپ قارايدۇ، — دېدى رېنسەن يەنە.

بىز ئامېرىكىلىقلار ھەمىشە، بىز بىر ئەركىن دۆلەتتە ياشىساقمۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىلەر تېخى ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولالمايۋاتىدۇ، دېگەن نۇقتىنى ئۇنتۇپ قالىمىز. ئەركىنلىك دۆلىتىمىزنى دۇنيادىكى ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكىنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىزگە مەلۇم مەسئۇلىيەتنىمۇ يۈكلىدى. ناۋادا بىز ئەركىنلىكنىڭ ئەلچىسىگە ئايلىنىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم تىرىشىپ بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. ئاياللار ۋە خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ

نەتىجىسى بىزگە ئەڭ ياخشى دەرس بولدى. ئەركىنلىك قەغەزگە يېزىپ قويۇپ زوقلىنىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇ ھەرقانچە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولسىمۇ كۈرەش قىلىپ ئېلىشنى شەرت قىلىدۇ. نۇرغۇن جاپادا قولغا كەلتۈرگەن ئەركىنلىكنى چوقۇم قەدىرلەش، قوغداش كېرەك. بۈگۈن بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ تەكىتلىمىسەك بولمايدۇ. چۈنكى، بۈگۈن ئامېرىكىنىڭ ئەركىنلىكى ئىچكى ۋە تاشقى ئىككى قاتلامنىڭ قىسىپ ھۇجۇم قىلىشىغا دۇچ كەلدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە دائىرىلەر ئادەتتە ئامىمىنىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلىسىمۇ ئوچۇق - ئاشكارا ئىش تۇتقان، ئەركىنلىكنىڭ تۈپ ئۆلچىمىگە ھۆرمەت قىلغان. بىر ھۆر مىللەتنىڭ بۇنداق تەكلىپلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ياكى ئۆزگەرتىش مەسئۇلىيىتى بار. كىشىلەرنىڭ بۈش ھۆكۈمىتىنىڭ ئەركىنلىككە زىيانكەشلىك قىلىدىغان ھەرىكىتىگە قايتۇرغان ئىنكاسى بەكمۇ سۇس بولدى. بۇ نۇرغۇن ئامېرىكىلىقنىڭ بىز ئېرىشكەن ئەركىنلىكنى قول ئۇزاتسىلا كېلىدىغان نەرسە، ياكى ئەقەللىي ئىش دەپ قارىغانلىقىدىن بولغان. ناۋادا مۇشۇنداق تەرەققىي قىلىپ كېتىۋەرسەك بىز ئۇنى چوقۇم يوقىتىپ قويىمىز، دۇنيا خەلقىنىڭ ھۆرمىتىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىمىز.

# تۆتىنچى باب ئۇنتۇغاق ئىمپېرىيە



# ئامېرىكىنىڭ تىلى بىلەن دىلىنىڭ بىر ئەمەسلىكىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك

قۇياش نۇر چېچىپ تۇرغان بىر كۈنى ، تايمىس دەرياسى بويىدىكى تۆت كوچىنىڭ قىزىل چىرىغى ئالدىدا توختىغىنىمىزدا، تاكسى شوپۇرى ماڭا شۇنداق دېدى:

— تېكساسلىقلار بەك ئەسكى ئىكەن. بىرنەچچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا 30 ياشلاردىكى بىر تېكساسلىق ماشىنامغا چىقتى. بىز لوندوننىڭ كۆزى ئەتراپىدا كېتىۋاتقاندا ئۇ مەندىن، ئۇ نېمە؟ دەپ سورىدى. بۇ لوندۇننىڭ كۆزى. دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز فېرىس تۇلۇقى، دەپ جاۋاب بەردىم. بىزدە ئىلگىرى بۇنىڭدىنمۇ ئېگىز بىر تۇلۇق بار ئىدى، دېدى تېكساسلىق. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئېگىز تۇلۇق بارمۇ؟ دەپ غۇدۇردىم مەن. لوندوندىكى تۇلۇققا قارىغاندا تېكساستىكى تولۇق تېخىمۇ ئېگىز بولۇشى مۇمكىن. مەن بۇ گەپنى دۇنيادا لوندوندىكىدىن ئارتۇق تۇلۇق يوق دەپ قارىغانلىقتىن دەپ سالغانىدىم. لېكىن، تېكساسلىقنىڭ ھاكاۋۇر، پوچىلىقى جىنىمغا تەگدى. ئۇ نېمىنىلا كۆرسە تېكساستىكىسى بۇنىڭدىن چوڭ ۋە ياخشى دەيدۇ. كېيىن بىز يەنە نېمىلەرنى كۆردۇق، ئېسىمدە يوق، بەلكىم ئىككى قەۋەتلىك كوچا ئاپتوبۇسىنى كۆرگەندىمىز، يا بولمىسا ھېلىقى چوڭ سائەتنى كۆرگەندىمىز. مەن كۆرسەتكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى لوندوندىلا تاپقىلى بولىدىغان نەرسىلەر ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم ئاۋۇ نېمە دەپ سورىغاندا، جاۋاب بېرەتتىم، ئۇ يەنىلا ئىلگىرى بىزدە ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بىرى بار ئىدى دەپ قوياتتى. ئاخىر ئۇنىڭ ھېچقانداق سوئالىغا جاۋاب بەرمەيلا قويدۇم.

يېشىل چىراغ ياندى. شوپۇر ماي يولىنى بىرلا دەسسىۋىدى، تايمىس دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىگە چىقتۇق.

— مەن كۆپ سانلىق ئامېرىكىلىقنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئۇ يەنە، — لېكىن، ماڭا بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلغىنى ئامېرىكىلىقلارنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى بىلىمى بەكمۇ چولتا ئىكەن — ئۇ ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن ماڭا بىر قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەلۋەتتە، ئۇلار تاجاۋۇز قىلىپ كىرمەكچى بولغان جاي ھەققىدە تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە.

تاكسى شوپۇرى قۇلاققا خۇش ياقمايدىغان بۇ گەپلەرنى دەۋاتقان ۋاقىت دەل 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىدى. ئۇنىڭ يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن بۇنداق گەپلەرنى قايتا تەكرارلىمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەتىسىلا يۈز بەرگەن 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى ياۋروپالىقلارنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇلار ئامېرىكىلىقلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنگە بەكمۇ ھېسداشلىق قىلىشتى. پارىژلىق بىر دوستۇم ماڭا: «بىز گويا ئۆزىمىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندەك قايغۇردۇق» دېدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پراگادا كەچلىك تاماق يەيدىغان جاي ئىزدىگەچ كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ تاسادىپىي ئامېرىكا ئەلچىخانىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدىم. ئەلچىخانا جايلاشقان كوچا دەستە ـ دەستە ئەتىر گۈللەر، تەزىيەنامىلەر، شاملار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

پراگالىقلار ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان مۇقەددەس ۋاتسلاۋسكي مەيدانىدىكى ئابىدە يېنىدىمۇ نۇرغۇن گۈل ۋە تەزىيەنامىلەرنى كۆردۈم. بۇ پالاچ ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى 1968 ـ يىلى يۈز بەرگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلۈۋالغان جاي ئىدى. بىتون تامغا ئېسىقلىق « تېررورىزمغا يول قويۇشقا بولمايدۇ» دېگەن لوزۇنكا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى. ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى گېزىتلەرنى ياپونىيە، رۇسىيە ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى دۆلەت ۋە خەلقلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ تېررورلۇققا قارشى تۇرغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر قاپلاپ كەتكەنىدى. يەنە نۇرغۇن ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان بولۇپ،

ھەممىسىدە «ھازىر ھەممىمىز ئامېرىكا خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشىمىز كېرەك» دېگەن بىرلا تېما گەۋدىلەنگەنىدى.
بۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن پارتلاپ چىققان ھېسداشلىق ئىدى. كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتىدە ياۋروپالىقلار بىلەن داۋاملىق پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇردۇم، يەرلىك مەتبۇئاتلار ئۇستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. تېررورلۇق ھۇجۇمى ياۋروپالىقلارنىڭ ئامېرىكا ھەققىدىكى كۆزقارىشىنى ئۇنتۇلدۇرالمىغانىدى. ھېلىقى شوپۇر ياخشى تەربىيە كۆرگەن ئادەم بولغاچقىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، تېكساسلىق ھەققىدىكى كەمسىتىدىغان گەپلەرنى ئەمدى دېمىسە كېرەك. لېكىن، بۇ ئۇ شوپۇرنىڭ ئامېرىكىلىقلار ھەققىدىكى كۆزقارىشىدىن ۋاز كەچكەنلىكى بىلەن باراۋەر ئەمەس، ئۇ ھېلىمۇ ئامېرىكىلىقلارنى بەكمۇ ھاكاۋۇر، دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە جىق نەرسە بىلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. قىسقىسى، تارىخ 11 ـ سېنتەبىردىن باشلاپ قايتا يېزىلىشى ناتايىن.
11 ـ سېنتەبىر تراگېدىيىسى نۇرغۇن چەت ئەللىكلەرنى ۋەھىمىگە سالدى، لېكىن ئۇلار ئەجەبلەنمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن ئادەم دۇنيانىڭ بەزى جايلىرىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئامېرىكىدىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى ھەتتا ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلىش ئويىدا ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى، چۈنكى ئۇلاردىمۇ شۇنداقراق نارازىلىق كەيپىياتى بار ئىدى. ئىسپانىيىدىكى بىر تونۇلۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 11 ـ سېنتەبىردە قازاغا يولۇققانلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن چوڭقۇر ھال سورىدى. لېكىن، ئۇ ماڭا ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇ پاجىئەنىڭ «ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئامېرىكىلىقلارنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكا پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيە توقۇنۇشىدا قوللانغان ئىسرائىلىيىگە يان باسىدىغان سىياسەت مۇقەررەر ھالدا مۇشۇ ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ

چىقارغانىدى.

ئەمەلىيەتتە، بىر قىسىم ياۋروپالىقلار ئامېرىكىنىڭ چەت ئەلدىكى زوراۋانلىقى بۇ ھۇجۇمنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى ماھىيەتتە ئامېرىكىنىڭ ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزىنىڭ چۈشۈشى دەپ قارايتتى. بۇنداق كۆزقاراشقا قوشۇلمايدىغان كىشىلەرمۇ ئامېرىكىنىڭ قىلمىشىغا چىداپ تۇرماق تەس دەپ ئويلايدۇ.

بەلكىم چەت ئەللىكلەر ئەڭ تاقەت قىلالمايدىغان ئىش ئامېرىكا ناھايىتى تەبىئىي ئىش دەپ قارايدىغان ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى باشقىلارغا تېڭىش قىلمىشى بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ گەۋدىلىك مىسال، بۇ خىل خاھىش 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بۇش زۇڭتۇڭ پارلامېنتتا نۇتۇق سۆزلىگەندە تولۇق گەۋدىلەندى. ئۇ مۇنداق دېدى: چەت ئەللىكلەرگە ئېنىق بولسۇن، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش پات يېقىندا باشلىنىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا سىلەر ياكى بىز بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىسىلەر ياكى تېررورچىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۈرەش قىلىسىلەر. خۇددى بۇش بىن لادىنغا يوللىغان «ھالاكەت ياكى ھاياتلىق» ھەققىدىكى خىتابنامىغا ئوخشاش، بۇ باياناتتا روشەن ھالدا غەرب پادىچىلىرىنىڭ سۆزلەش پۇرىقى بار ئىدى. غەرب پادىچىلىرى دائىم باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «يا مەن دېگەندەك قىلىسەن، يا بولمىسا بۇ شەھەردىن قوغلىنىسەن» دەپ پوپوزا قىلاتتى. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئامېرىكىنىڭ بۇنداق لوكچەكلەرچە تەلەپپۇزى دۈشمەنلەرنىڭلا ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قالماي «دوستلارنىڭمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن دۆلەتلەر تېررورچىلار بىلەن ئالاقە قىلىپ، ئىچىنىشلىق قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ باققانىدى. بۇش بۇ ئامىللارنى قىلچە نەزەرگە ئالماي، بۇ دۆلەتلەرگە ۋاشىنگتوننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىسەن، بولمىسا سېنى تېررورچىلار بىلەن ئىغىز ـ بۇرۇن يالاشقان دەپ قارايمەن» دەپ

تەلەپ قويدى.

ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنى ئېيتساق، ئۇ مەڭگۈ بۇنداق ئۇلتىماتۇملارغا پىسەنت قىلمايدۇ. لېكىن، ئامېرىكىدىكى سىياسىيونلار، ئاخباراتچىلار بۇشنىڭ بۇنداق مۇغەمبەر گەپلىرىگە زادى ئىنكاس قايتۇرمىدى. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» نىڭ چەت ئەللەرگە چىقىرىلىدىغان نۇسخىسى، «خەلقئارا ئاۋانگارتلار مۇنبىرى كۈندىلىك گېزىتى» ۋە «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» بۇشنىڭ نۇتقىنى تىلغا ئالغاندا ئالدىنقى 20 بۆلەكنىڭ مەزمۇنلىرى ھەققىدە ھېچنېمە دېمىدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا فرانسىيىدىكى «دۇنيا گېزىتى» بۇ نۇتۇقنى ئۈچ قېتىم باش بەتكە بېسىپ خەۋەر قىلدى. كۆزگە چېلىققۇدەك ماۋزۇ قويدى، بىرىنچى بۆلەكنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈردى. ناۋادا خەلق رايىنى سىناش ھەقىقىي بولسا، ئادەتتىكى خەلقلەر بۇشنىڭ بۇنداق ھاكاۋۇر پوزىتسىيىسىگە سۈكۈت قىلدى دېگەن گەپ. 2001 ـ يىلى كۈزدە بۇشنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئىشەنچ نىسبىتى 75 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولدى.

شۇڭا مەن ۋەتەنداشلىرىمغا ۋاكالىتەن شۇنى ئىزاھلايمەنكى، بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى خەلقنىڭ پارا ئالغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. ئادەمنى گاڭگىرىتىدىغان بىر ئىش، خەلقىمىزنىڭ كۆپىنچىسى تاشقى دۇنيانى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدۇ، بىز بۇ ھەقتە ئېرىشكەن ئۇچۇرلار بەكمۇ ئاز. ھۆكۈمىتىمىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ نامىدا چەت ئەللەردە نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئانچە ئۇقۇپ كەتمەيمىز. مەسىلەن، مەتبۇئات ئامېرىكىلىقلارنى ئىزچىل ھالدا، سادام ھۇسەيىن ئالۋاستىغا ئوخشايدىغان ئادەم دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. لېكىن، بىز 1991 ـ يىلىدىن بېرى ئامېرىكا ئىراققا يۈرگۈزگەن ئىقتىسادىي قامالنىڭ 350 مىڭ ئىراقلىق بالىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە، ئىنتايىن باي ئىراقلىقلارنىڭ ناھايىتى نامراتلىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغانلىقىدىن قىلچە خەۋەرسىز.

ئامېرىكا مەتبۇئاتى 2002 ـ يىلى 3 ـ، 4 ـ ئايلاردىكى ئىسرائىلىيە بىلەن پەلەستىن ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق توقۇنۇشنى كەڭ كۆلەمدە خەۋەر قىلدى. لېكىن، نۇرغۇن ئامېرىكىلىق بۇ توقۇنۇشنىڭ تۈپ سەۋەبىنى بىلمەيدۇ. 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا مارىلان ئۇنىۋېرسىتېتى «خەلقئارا سىياسەتكە قارىتا ئويلىغانلىرىمىز» دېگەن تېمىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. پەقەت 32 پىرسەنت ئادەملا توقۇنۇشتا ئۆلگەن پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئىسرائىلىيىلىكلەردىن كۆپلۈكىنى، 43 پىرسەنت ئادەم دۇنيادىكى خېلى كۆپ دۆلەتنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرق سىياسىتىنى قوللىمايدىغانلىقىنى، پەقەت 27 پىرسەنتلا ئادەم زور كۆپچىلىك دۆلەتنىڭ ئىسرائىلىيىلىكلەرگە قارىغاندا پەلەستىنگە ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن.

11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، نۇرغۇن ئامېرىكىلىق مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىن بەكمۇ ئەجەبلىنىش ھېس قىلدى. «ئۇلار نېمىشقا بىزگە ئۆچمەنلىك قىلىدۇ؟» دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارمۇ خېلى يىللاردىن بېرى ئامېرىكىغىمۇ شۇنداق گۇماندا بولغانىدى. 2002 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سوۋندى تولاند دۆلەتلىك ئاممىۋى رادىئو ئارقىلىق كۆپ سانلىق ئامېرىكا مەتبۇئاتىغا بەرگەن خەۋەرلىرىدىن پەرقلىنىدىغان بىر پارچە ئالاھىدە خەۋەرنى ئېلان قىلدى. ئۇ يېقىندا ئوتتۇرا شەرققە بېرىپ ئالتە ئاي كۆرۈپ كەلگەن. ئۇ زىيارەت قىلغان ئوبيېكتلارنىڭ كۆپى ئامېرىكا مەتبۇئاتىنىڭ مۇبالىغىسىدىن بىزار ئىكەن، ئامېرىكا كىنو، تېلېۋىزىيە ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسى ۋە ئەرەبلەر ھەققىدىكى تەتۈر تەشۋىقاتىدىن نەپرەتلىنىدىكەن.

ئۇلۇغ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە ياۋروپالىقلار ئۇزۇندىن بېرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت، ئاسترونومىيە، بىناكارلىق ۋە باشقا نۇرغۇن تەرەپلىرىدە قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. لېكىن، ئامېرىكا مۇسۇلمانلارنى

ئىشىنىشكە ئەرزىمەيدىغان نادان تەلۋىلەر، نېفىتى بولغاچقىلا ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىۋاتىمىز، دەپ قاراپ كەلدى.

11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بېرىپ كۆپ ئۆتمەي نيۇيورك كەلگۈسىنىڭ يۈزلىنىشىنى تەتقىق قىلىش ئورنىنىڭ مەسئۇلى گېراكد «پۇل ـ مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى» دە مۇنداق دېدى: « بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ دۇنيا ۋەزىيىتى ھەققىدىكى بىلىمى گۆدەكلەردىن قېلىشمايدۇ. ھەممەيلەن، بىز ئەزەلدىن ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىساق ئۇلار نېمىشقا بىزگە بۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ، دەپ سورايدۇ.»

خېلى كۆپ ئامېرىكىلىق جاۋابىنىڭ ئوڭ‍ىيىنى ئىزدەپ: «ئۇلار بايلىقىمىزغا ھەسەت قىلىدۇ، ھوقۇقىمىزدىن يىرگىنىدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراشنىڭ ئورنى يوقمۇ ئەمەس، مەن بۇ ھەقتە كېيىن توختىلىمەن. بۇنداق دېيىش مەسىلىنىڭ تاشقى پوستىغا ئېسىلىۋالغانلىق بولىدۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆزىگە بولغان باھاسى ناھايىتى يۇقىرى، لېكىن نۇرغۇن چەت ئەللىك ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىغا قوشۇلمايدۇ. سەۋەب ناھايىتى ئاددىي، ئۇلار ئامېرىكىنىڭ چەت ئەلدىكى قىلمىشلىرىدىن بىزار، بىزنىڭ چەت ئەلدىكى ھەرىكەتلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىمىز ۋە مەيدانىمىزنى ياقتۇرمايدۇ.

چەت ئەللىكلەر «ئامېرىكا بىر ئورۇنشاق ئالۋاستى» ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىدۇ، دەيدۇ. ئامېرىكىلىقلار بولسا ئۆزلىرىنى خەلقئارا قانۇنلارغا بويسۇنمىسىمۇ بولىدۇ دەپ قارايدۇ، لېكىن ئۆزلىرى باشقا دۆلەتلەرنىڭ بۇ قانۇنغا رىئايە قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى نازارات قىلىدۇ. ئۇلار ئۆز سىياستى بىلەن ئىدىيىسىنى باشقا دۆلەتلەرگە تېڭىش ئارقىلىق ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يېتىدۇ. ناۋادا ئۇلار گەپ ئاڭلىمىسا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئارقىلىق تەھدىت سېلىپ ئۇلارنى مەجبۇرىي بويسۇندۇرىدۇ. ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ

ئۇرۇشقاق دۆلەت. بۇ گەپنى ئامېرىكىلىقلار ئاڭلىسا چوقۇم ھەيران قالىدۇ، ئەمما باشقا دۆلەت خەلقلىرى بۇنى بۇرۇندىنلا بىلىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ زوراۋانلىقى ئامېرىكا دېموكراتىيىسىگە مەپتۇن بولغۇچىلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ دىلى بىلەن تىلى بىر بولماسلىقتەك ئەھۋالنى ھەرقانچە ئويلاپ چۈشىنەلمەيدۇ. سوغۇق قان كۆزەتكۈچىلەر بولسا ئەزەلدىن كۈچلۈكلەر ئاجىزلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئۇلار يەنە گېپىنى تولۇقلاپ: «ئامېرىكىنىڭ ئادەمنى بىزار قىلىدىغان تەرىپى ئۆزىنىڭكىنىلا توغرا دەپ قارايدىغان، ھېچكىمنى بوزەك قىلمىدىم دەپ جاھىللارچە چىڭ تۇرىدىغان پوزىتسىيىسى. ئامېرىكا تېخى ئۆزىنى ئادىللىق ئەخلاقى ۋە شەخسىيەتسىز مەردلىكنىڭ ئۈلگىسى. باشقا دۆلەتلەر ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىك سىياسەتكە نىسبەتەن ئوينىغان مایاكلىق رولىغا رەھمەت ئېيتىشى ۋە ئۇنى دورىشى كېرەك، دەيدۇ» دەيدۇ.

2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بۇش زۇڭتۇڭ تۇنجى قېتىم ب د ت نىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزگە چىققاندا «نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتى» ئۇنىڭ سۆزىنى كەسكىن، قايىل قىلارلىق بولدى دەپ ماختىدى. بۇش باشقا دۆلەتلەرگە مۇنداق دېدى: ئامېرىكىنى تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇشتا قوللاپلا قويسا بولمايدۇ. دۇنيادىكى ھەربىر دۆلەت بۇ ئىش ئۈچۈن بىر ئۇلۇش كۈچ چىقىرىشى كېرەك. ئارقىدىن ئۇ ئاڭلىغۇچىلارغا قاراپ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش بۇ زالدا ئولتۇرغان ھەربىر مېھمان ۋەكىللىك قىلىدىغان دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيىتى، دېدى. بۇش باشقا دۆلەتلەرگە خەلقئارالىق مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقمىساڭلار بولمايدۇ، دەپ نەسىھەت قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ماراكەشكە بېرىپ سۆھبەتتىن قېچىپ يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنغان «كيوتو ئەھدىنامىسى» گە ئىمزا قويۇشنى رەت قىلدى. بۇش ھەربىر دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيەت

مەسىلىسى ھەققىدە كۆپۈپ سۆزلەۋاتقاندا يەر شارىدىكى مۇزلۇقلار ئېرىپ كېتىۋاتاتتى، دېڭىز سۈيىنىڭ ئورنى كۆتۈرۈلۈپ ئاپەت خاراكتېرلىك بوران - چاپقۇنلۇق يامغۇر بارغانسېرى ئاۋۇپ كەتكەنىدى. يەر شارىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 20 - ئەسىردە پەقەت بىر گرادۇس ئۆرلەپ كەتكەن، ئالىملارنىڭ پەرىزىچە، 2100 - يىلىغا بارغاندا يەر شارىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنىڭ يەنە 3 — 10.5 گرادۇسقىچە ئۆرلەپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا تېخىمۇ ناچار كىلىمات ھادىسىلىرى پەيدا بولۇپ، دېڭىز سۈيى نۇرغۇن جايلارنى بېسىپ كېتىشى، غايەت زور ئىجتىمائىي ۋەيرانچىلىق كۆرۈلۈشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بۇش ھۆكۈمىتى ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، تەدبىر قوللىنىپ ئامېرىكا قويۇپ بېرىدىغان بۇلغانمىلارنى قويۇپ بېرىشنى ئازايتىشنى رەت قىلدى. شۇنداق تۇرسا، نۇرغۇن چەت ئەللىكلەرنىڭ بىزنى كەمسىتىشىدىن قانداقمۇ ئەجەبلەنگىلى بولسۇن.

سوغۇق ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، ئۆتمۈشتىكى نۇرغۇن دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەر خاراپلاشتى، پەقەت بىزلا قالدۇق. شۇڭا ئۆزىمىزنى چوڭ بىلىدىغان خاھىش تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندى. بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ بىرىنچى قارارلىق ئەمەلدارلىرى بۇنداق ھالەتنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر ئىستراتېگىيىلىك پىلان تۈزدى. بۇ پىلان «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» دە ئاشكارىلاندى. ئامېرىكىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تاشقى سىياسىتىنىڭ نىشانى ھەرقانداق بىر دۆلەت ياكى دۆلەت گەۋدىسىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتكە ئايلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مەڭگۈ ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلىش. بۇ ئۇ پىلاننىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى. بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ دىك چېنىي ۋە باشقا ئاساسلىق مەسلىھەتچىلەر بۇشنىڭ ئاتىسى ئۈچۈنمۇ ئىستراتېگىيە تۈزۈپ باققان. كىچىك بۇش تەختكە چىقىپ

كۆپ ئۆتمەي «باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى» دىن چېكىنىپ چىقتى. بۇ ئەھدىنامە 30 يىلدىن بۇيان يادرو قوراللىرىنى تىزگىنلەيدىغان ئۇلتاش بولۇپ خىزمەت قىلغانىدى، ئامېرىكىنىڭ قارارى شەرتنامىنىڭ يەنە بىر ئوبيېكتى بولغان رۇسىيىنى غەزەپلەندۈرۈپلا قالماي، پۈتۈن دۇنيانىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى.

بۇش يەر شارى خاراكتېرلىك ھەمكارلىقنى رەت قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئەڭ غەلىتە ھەرىكىتى شۇ بولدىكى، 2001 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئىمزالانغان كەلگۈسىدە كۆيدۈرگە باكتېرىيىسىنىڭ ئىنسانىيەتكە ھۇجۇم قىلىشىنى چەكلەشنى مەقسەت قىلغان بىئولوگىيىلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسىگە ئەزا بولۇشنى رەت قىلدى. ئامېرىكا ۋەكىللەر ئۆمىكى يىغىن مەيدانىدىن چېكىنىپ چىقتى. ئامېرىكا ئىراق ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا تىنچلىقنى ساقلاش خادىملىرىنىڭ يوشۇرۇن قوراللارنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا كىرىپ تەكشۈرۈشكە يول قويۇشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىپ بۇ شەرتنامىگە ئىمزا قويۇشقا قارشى چىقتى. مەن غەرەزلىك ھالدا بۇش ئەپەندىگە قارىتا ئىغۋاگەرچىلىك قىلماقچى ئەمەس. ئامېرىكىدىكى ئىككى پارتىيىنىڭ تاشقى سىياسەتتە قوش ئۆلچەم قوللىنىشتەك تارىخىي ئەنئەنىسى بار. يۇقىرىدا بايان قىلغانغا ئوخشاش، ئۇ باشقا دۆلەتلەرنى ئىجرا قىلىشقا قىستىغان ئىشنى ئۆزى ئىجرا قىلىپ كەتمەيدۇ. قېرى بۇش 1980 ـ يىلى رونالد رېگاننىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ تۇرغان چاغدا ئامېرىكىنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقى ھەققىدە چېكىدىن ئاشقان بىر جۈملە گەپنى قىلغانىدى. ئىشنىڭ ئۆتمۈشى مۇنداق: 1983 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى تىنچ ئوكياندا كورېيە ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ بىر يولۇچىلار ئايروپىلانىنى ئېتىپ تاشلاپ، 276 يولۇچىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغانىدى. ئامېرىكا شۇ چاغدا بۇ ئىشنى ئالۋاستى ئىمپېرىيىنىڭ بىر قېتىملىق ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلىشى

دەپ ئەيىبلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىزاھاتىنى ئاڭلاشنى رەت قىلغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شۇ چاغدا «بۇ ئايروپىلان ھەربىي ئايروپىلانغا ئوخشاپ كەتتى» دېگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەھۋالنىڭ ئەكسى يۈز بېرىپ، ئامېرىكا ئىراننىڭ بىر يولۇچىلار ئايروپىلانىنى ھەربىي ئايروپىلان دەپ قېلىپ ئېتىپ تاشلاپ 290 يولۇچىنىڭ ھەممىسى قازا قىلدى. بەزىلەر قېرى بۇشتىن «كەچۈرۈم سورامسىلەر» دەپ سورىغاندا، بۇش جاۋاب بېرىپ: «مەن مەڭگۈ ئامېرىكا نامىدىن كەچۈرۈم سورىمايمەن. مەن ئەزەلدىن بۇنداق ئىشنىڭ بولغىنىغا پەرۋا قىلىپ كەتمەيمەن» دېدى.

بۇنداق ئىشقا قارىتا دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ پوزىتسىيىسى ئوخشاشلا ناچار. 1998 ـ يىلى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى تەنقىدچىلەر كلىنتون ھۆكۈمىتىنىڭ ئىراققا ئىستراتېگىيىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بەرگەنلىكىنى ئەيىبلىدى. ئەڭ ئىلمان تەنقىد «بۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى» دېگەن بولسا، ئەڭ كەسكىن تەنقىد «بۇ بىر شەخسىيەتچىلىك، ئۇنىڭ مەقسىتى ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش تەلىپىنى ئاجىزلاشتۇرۇش» دېدى. لېكىن، ئامېرىكا بۇنداق تەنقىدنى مەڭگۈ قوبۇل قىلمايدۇ. دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئالبىرايت ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇنداق دېدى: ناۋادا بىز ئامالسىز قورال ئىشلەتكەن بولساق، بۇ دەل بىزنىڭ ئامېرىكا ئىكەنلىكىمىزدىندۇر. دۆلىتىمىزدە بۇنداق نەرسە كەم ئەمەس... بىز تېخىمۇ يىراق كەلگۈسىنى كۆرۈشىمىز كېرەك... ئەنگلىيىدىكى «مۇستەقىللىق گېزىتى» نىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى روبېرت كانۋېر بىر قېتىملىق يىغىلىشتا مۇنداق دېگەنىدى: «ھېچكىم ئامېرىكىغا ئوخشاش ئۆز مەنپەئىتىنى ناھايىتى ئۈستىلىق بىلەن ئالىيجاناب ئەخلاق بىلەن

پەردازلىيالمايدۇ. »

لېكىن، ئامېرىكىلىقلار ئادىل مىللەت. ناۋادا بىز ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنگەن بولساق، ئارىمىزدىكى زور كۆپچىلىك ئادەم بۇنداق ساختا قىلمىشنى قوللىمايتتى دەپ قارايمەن. كۆپىنچە ئادەمنىڭ دۆلىتىنىڭ چەت ئەلدىكى قىلمىشى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى باراۋەرلىك پرىنسىپىنى بىردەك قىلىپ تەڭشەشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. لېكىن، بۇنداق قىلىش ۋاشىنگتون دېگەندەك، دۆلەت مەنپەئىتىگە تەھدىت سالىدۇ، شۇڭا ھۆكۈمەت چوقۇم بۇنداق قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ. ھۆكۈمىتىمىز بۇ خەلقنىڭ بۇ قىلمىشىغا قارىتا دەرھال ئىنكاس قايتۇرىدۇ ۋە ئامېرىكا مۇناسىۋەت مۇتەخەسسىسلىرىنى يالاپ خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە قويغان تەلىپى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى دۇنياغا تارقىتىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ چەت ئەلدىكى ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. بۇ ئېيتىدىغان ياخشى تەدبىر ـ ھە. بىزنىڭ مەسىلىمىز ماھىيەتتە سىياسەتنىڭ ماھىيىتىدۇر.

ئامېرىكىلىقلار بۇنىڭدىن كېيىنمۇ دۇنيانى خاتا چۈشىنىپ كېتىۋېرىدۇ، دۇنيادىكى ئورنىمىز ۋە تەسىرىمىز ھەققىدە ئىزچىل خاتا قاراشتا بولىدۇ. بۇ ئەھۋال بىز ھۆكۈمەتنىڭ چەت ئەلدىكى قىلمىشلىرىنى تولۇق تونۇغۇچە داۋاملىشىدۇ. مەن جەنۇبىي ئافرىقىدا بۇ نۇقتىنى ئېنىق تونۇپ يەتتىم. ئۇ يەردە ماركىم ئادامىسنىڭ ئامېرىكىغا بولغان مۇھەببىتى بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئىرقچىلار بىلەن ئامېرىكىلىقلارنى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى، ئامېرىكا ئىرقىي ئايرىمچىلىق سىياسىتىنىڭ تەۋرەنمەس قوللىغۇچىسى دەپ قارايدىغانلارنىڭ ئامېرىكىغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئۆزئارا يېپىشىپ كېتىۋاتاتتى.

## دوزاختىن كەلگەن ئەرز

جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قانۇن تورغۇزۇش ئورگىنى جايلاشقان يەردىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ 40 مىنۇت ماڭسىڭىز سىيسىق نامى پۇر كەتكەن دېموكراتىيە جەڭچىلىرىنى سولايدىغان تۈرمە جايلاشقان لوبىن ئارىلىغا يېتىپ بارسىز. ماندېلا قاتارلىق دېموكراتىيە جەڭچىلىرى ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش قىلغان يىللاردا مۇشۇ ئارالغا قامالغانىدى. ئارالدا ئۆگزىسى قاڭالتىردىن ياسالغان بىر رەت پاكار ئىمارەت بار ئىدى. پاراخوت بۇ ئىمارەتتىن 200 قەدەم يىراقتىكى بىر جايدا توختىدى. بىز قىرغاققا چىقىپلا ئىنگلىز ۋە بور تىلىدا يېزىلغان، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق دەۋرىدىن قالغان شوئارنى كۆردۇق: «لوبىن ئارىلىغا كېلىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز، سىز ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش بىزنىڭ پەخرىمىز.»

ساياھەت يېتەكچىسى مېھمانلارغا ئارالنى ئايلاندۇردى. بۇ يەردىكى ساياھەت نىشانلىرى ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى. ساياھەت يېتەكچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز ۋاقتىدا ئارالدا تۇرغان جىنايەتچىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز كەچۈرمىشلىرىگە باغلاپ تۇرۇپ قاباھەتلىك ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تارىخىنى بايان قىلاتتى. مەن تەۋە بولغان گۇرۇپپىغا سوۋۇۋا ئىسىملىك ئورۇق، ئېگىز بىر ئادەم يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ ئاق رەڭلىك پىلاش كىيىۋالغان، سۆزى يېقىملىق ۋە ئالاھىدە ئىدى. سوۋۇۋانىڭ دېيىشىچە، ئۇ 17 يېشىدا ئافرىقا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئارمىيىسى ئۈچۈن قورال سېتىۋالدى دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنغان. سوراق قىلىنغاندا قاتتىق تاياق يەپتۇ، ئادۋوكات تەكلىپ قىلىش تەلىپى رەت قىلىنىپتۇ. نەتىجىدە، ئۇ 40 يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. ئۇ لوبىن ئارىلىدا 15 يىل سولىنىپ، 1991 ـ يىلى ئىرقىي ئايرىمىچى ھاكىمىيەت يىقىلغاندا ئەركىنلىككە ئېرىشىپتۇ.

ئۇ بىزنى باشلاپ تۈرمە دەرۋازىسىغا كەلگەندە، دەسلەپتە تۈرمىگە قامالغان چاغدىكى ئىچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئەسكە ئالدى. ئۇ شۇ چاغدا بور تىلىنى بىلمىگەچكە تەنها قامىلىپتۇ. دەسلەپتە تۈرمە ئەمەلدارلىرى كېلىپ يېڭى كەلگەن جىنايەتچىلەرگە گەپ قىلىشقا رۇخسەت قىلماسلىق ھەققىدىكى بەلگىلىمىنى ئېلان قىپتۇ. سوۋۋۋا بور تىلىنى ئۇقمىغاچقا يەنە بىر جىنايەتچىدىن ئەمەلدارنىڭ نېمە دەۋەتقانلىقىنى سوراپتۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ سۆزلىمەسلىك ھەققىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈرمە ئەمەلدارلىرى باشقا جىنايەتچىلەرگە ئىبرەت قىلىش نىيىتىدە سوۋۋۋانى جازاغا تارتىپتۇ.

— ئۇلار مېنى A رايونغا قامىدى ، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋام قىلىپ، — ئۇ مەخسۇس جىنايەتچىلەرنى ئۇرىدىغان رايون بولۇپ، خەت يازسام، خەت تاپشۇرۇۋالسام، سۆزلىسەم، ناخشا ئېيتسام، ھەتتا ئىسقىرتساممۇ بولمايتتى. يېمەكلىك مەن ياتىدىغان بىر كىشىلىك كامىرنىڭ دېرىزىسىدىن كىرگۈزۈپ بېرىلەتتى. دەسلەپكى ئىككى يىلدا چىدىغۇسىز ئازابلارنى باشتىن كەچۈردۇم، بەكمۇ تەستە چىدىدىم.

بىز ئىشكنى ئېچىپ بىر ھويلىغا كىردۇق. سوۋۋۋا شۇ يەردە بىزگە لوبىن ئارىلىدا دائىم قوللىنىلىدىغان جازا ئۇسۇللىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئەڭ قەبىھ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئۇسۇل تۈرمە ساقچىلىرى دائىم ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇن، — دېدى سوۋۋۋا، — ساقچىلار جىنايەتچىلەرگە بىللە ياتىدىغان جىنايەتچىنى بوينىغا قەدەم كۆمدۈرۈپ بىر كۈن ئاپتاپقا قاقلايتتى. ساقچىلار نۆۋەت بىلەن جىنايەتچىنىڭ بېشىغا كىچىك تەرەت قىلاتتى. يەنە بىر قەبىھ ئۇسۇل، جىنايەتچى دەرەخكە پۇتى ئاسمانغا، بېشى پەسكە قارىتىپ ئېسىلاتتى. نەچچە سائەتتىن كېيىن جىنايەتچىنىڭ بەدىنىدىكى سېزىم يوقىلىدۇ، بەزى جىنايەتچىلەرنىڭ قېنى

ئاستا ـ ئاستا چوڭ مېڭىسىگە يىغىلىپ چوڭ مېڭىگە ئوكسىگېن يېتىشمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ. جازا ئىچىدە مۇشەققەتلىك ئەمگەك جازاسىمۇ بار. بۇ خىل جازا ئادەمنى گۆشتەكلا قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئىلەشتۈرىدىغان يىمەكلىكلەرنى بېرىدۇ. ئادەمنى ئەڭ قىينايدىغان ئىش خەۋەر قامال قىلىش. جىنايەتچىلەر بار ئامال بىلەن خەۋەرگە ئېرىشىشكە تىرىشىدۇ، — ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق دېدى، — ساقچىلار پوستا تۇرىدىغان راۋاقتا ھاجەتخانا يوق، شۇڭا ئۇلار چوڭ ـ كىچىك تەرىتىنى گېزىتكە ئوراپ يەرگە تاشلايدۇ. بىز شۇ گېزىتلەرنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭدىن خەۋەر كۆرەتتۇق، گېزىتنىڭ قانچىلىك پاسكىنا ئىكەنلىكىگە پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتۇق، قىزىقىدىغىنىمىز ئۇنىڭ ئىچىدىكى خەۋەر ئىدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان روبىن ئارىلىغا بارغان ھەرقانداق بىر ساياھەتچى ئۇمۇرۋايەت ئۇنتۇغۇسىز تەسىراتقا ئېرىشىدۇ. سوۋۋاغا ئوخشاش كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئابستراكت تاشقى سىياسەت كونكرېتلىشىدۇ، «قورۇلۇش خاراكتېرلىك ئۇچرىشىش» دېيىلىدىغان، مەنىسى گۇڭگا دېپلوماتىيە ئىبارىسى ھەققىدە يېڭى چۈشەنچىگە ئىگە بولىسىز. بۇ رېگان ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ جاھىل ۋە ئۆزگەرمەس ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنى ئاقلاش ئۈچۈن دېگەن سۆز ئىدى. سوۋۋانىڭ ئائىلىسى جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگىنى جايلاشقان رايوندا ئىكەن. مەن ئۇنى زىيارەت قىلغاندا ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ بېشىدىن كەچۈرگەن ئىشلارنىڭ ئۇنىڭغا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن ئامېرىكا خەلقىنى پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ياخشى تەسىراتى يوق ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ۋاشىنگتون بىلەن ئىسرائىلىيە ئوخشاشلا ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنى قوللايدۇ. ئامېرىكا لوبىن ئارىلىدىكى ئېزىش ۋە قۇللۇقنى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق دەۋرى

ئاخىرلاشقۇچە قوللىدى. ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقان بىر كېسەل بار، ھەممىسى ئامال قىلىپ 3 ـ دۇنيا ئەللىرىنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىكەن. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى سۆھبەت ئارقىلىق مەسىلە ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، ھەربىي كۈچىنىڭ قۇدرىتىگىلا ئىشىنىش كېرەك، دەپ قارايدىكەن.

سوۋۇۋا ساياھەتچىلەرگە يول باشلاش جەريانىدا ھەممە ئامېرىكىلىقنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى سىياسىتىنى قوللىمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ. ئۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئەڭ ئاخىردا ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەرب دۆلەتلىرى ھۆكۈمەتلىرىنى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنىڭ ئۆلۈمنامىسىگە قول قويۇشقا مەجبۇرلىغان خەلقلەردىن بەكمۇ مىننەتدار ئىكەن. ئۇ ئامېرىكىنىڭ يېڭى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭىنىڭ 1985 ـ يىلى پارلامېنت ئەزاسى ۋاقتىدا ماندېلانىڭ تۈرمىدىن چىقىشىغا قارشى بىلەت تاشلىغىنىنى بىلمەيدىكەن. ئۇ يەنە زور كۆپچىلىك ئامېرىكىلىقنىڭ دىك چېنىينىڭ ئۆتمۈشتىكى بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللىرىنى قىلچە چۈشەنمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن، پەقەت سوۋۇۋا كلىنتوننىڭ يۈزىنىڭ بەكمۇ قېلىن ئىكەنلىكىنىلا بىلىدىكەن. نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇ ماندېلانى يوقلاپ كېلىپ پارلامېنتىمىزدا سۆز قىلدى. ئۇ بىزگە: «جەنۇبىي ئافرىقا كۇبا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشى كېرەك. كۇبا ھۆكۈمىتى ناھايىتى ناچار ھۆكۈمەت» دېدى. لېكىن، بىز ئەركىنلىك، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلغاندا ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغاندا كۇبا بىزگە مەردلىك بىلەن ياردەم قىلغان، بىز يېمەكلىككە ئېھتىياجلىق بولغاندا كۇبا بىزنى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلىگەندى.

ھازىر بىزگە ھېچقانداق ياردەم بەرمىگەن بىر دۆلەت بىزگە ياردەم بەرگەن دۆلەتتىن يىراقلىشىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ئەدەپسىزلىك. شۇنداق، بۇ بىر ئەدەپسىز، يولسىز

ھەرىكەت. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئادەتلەنگەن ئەڭ تىپىك ھەرىكىتى، كۆپ يىللاردىن بېرى جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى دۆلەتلەرنى كۇبا بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشكە مەجبۇرلىدى. 2002 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بۇش پەلەستىن چوقۇم ئەركىن سايلام ئۆتكۈزۈشى، پەلەستىن داھىيسى ئەراپات چوقۇم تەختتىن چۈشۈشى كېرەك، دەپ باياناتات ئېلان قىلدى. بۇش يەنە گېپىنى تولۇقلاپ، ۋاشىنگتون پەقەت ئەراپات بولمىغان پەلەستىن دۆلىتىنى قوللايدۇ. ئەركىن سايلام ئارقىلىق ئەراپاتنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك، دېدى.

بۇ ۋاشىنگتوننىڭ ئەمەلىي كۈچنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇش قارىشى، بۇنى كىسىنگېر ئاددىيلا ئىپادىلەپ بەرگەن. ھېنرى كىسىنگېر ئەينى چاغدا نىكسون زۇڭتۇڭنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى بولۇپ تۇرغاندا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن چىلى ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىشنى پىلانلىغانىدى. لېكىن، ئۇ يەنە ئۆزىنى ئاقلاپ: «مەن زادىلا چۈشەنمىدىم، ئامېرىكا نېمىشقا چىلىدا ماركسىزمنىڭ يولغا قويۇلىشىغا رۇخسەت قىلىدىغاندۇ؟ خەلقنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىدىن شۇنداق قىلىشقا رۇخسەت قىلدىمۇ يا» دېگەنىدى.

چىلىدا سىياسىي ئۆزگىرىش مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كۈنى كىسىنگېر ئامېرىكا پارلامېنتىدا ئىسپات بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئامېرىكا 1973 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئاللېندې ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىدە ھېچقانداق رول ئالمىدى.» لېكىن، نۇرغۇن ھۆججەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، كىسىنگېر ئامېرىكىنىڭ 1969 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە ئېلىپ بارغان مەخپىي ھەرىكەتلىرىگە نازارەت قىلىدىغان 40 ـ نومۇرلۇق ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ 1970 ـ يىلى ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ چىلىدىكى ئاللېندې ھۆكۈمىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئەمەلگە ئاشمىغان سىياسىي ئۆزگىرىشكە يېتەكچىلىك قىلغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى.

ناۋادا ئۇنى بۇ ھەرىكەتنى ئاكتىپ قوللىغىنى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئەڭ بولمىغاندا ئەينى چاغدا چىلىدىكى ھەربىي تەرەپنىڭ چېكىدىن ئاشقان قەبىھلىكىگە سۈكۈت قىلغانىدى. كەلگۈسىدىكى مۇستەبىت گېنېرال ئاۋگوست پىنوچېت يۈرگۈزگەن ھەربىي ھالەت قانۇنىي مەزگىلىدە بىردەمدىلا 3 مىڭ 197 چىلى پۇقراسى ئېتىپ تاشلاندى.»

دىققەت قىلىڭ: ئامېرىكا رېژىسسورلۇق قىلغان چىلى دېموكراتىك ھۆكۈمىتىگە قارىتىلغان ھۇجۇم 1973 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئېلىپ بېرىلدى. دىققەت قىلىڭ: چىلىدا ھەربىي ھەرىكەتتە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم سانى 3 مىڭ 197 نەپەر. ئەجەبا، بۇ ئىككى قېتىملىق دۇنياۋى تېررورلۇق ھەرىكىتىدە ئادەمنى چۆچۈتىدىغان ئوخشاشلىق بارمۇ، قانداق؟ ئەمەلىي ئەھۋال مۇنداق: بۇ تېررورلۇقنىڭ بىرىنى دىنىي تەلۋىلەر قوزغىدى، يەنە بىرىگە بىر دۆلەت رېژىسسورلۇق قىلدى. بۇ ئىككى ۋەقەنىڭ ئارىلىقى 28 يىل. لېكىن، بۇ ئىككى ۋەقە ئوخشاش ئاي، ئوخشاش كۈندە يۈز بەردى، ئۆلگەن ئادەم سانىمۇ پەرقلەنمەيدۇ. ئامېرىكا ئادەمنى چۆچۈتىدىغان بۇ ماس كېلىشكە قىلچە دىققەت قىلمىدى.

ئامېرىكا ھەقىقەتەن چاندۇرۇپ قويغان. چىلىدا ئامېرىكىنىڭ بىر مۇستەبىتنى يۆلەپ تەختكە چىقارغىنى ۋە ئۇنىڭ 17 يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە ياردەم بەرگەنلىكى چىلىدىكى ھەممە ئادەمگە ئايان پاكىت.

سالۋادور ۋە گۋاتېمالا خەلقى ئامېرىكىنىڭ شۇ دۆلەتلەردىكى مۇستەبىت ھۆكۈمەتنى پۇل، قورال بىلەن تەمىنلەپ، ئادەملىرىنى تەربىيىلەپ بەرگەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ. بۇ مۇستەبىت ھاكىمىيەت نەچچە ئون يىلدا ئۆلارنىڭ سانسىز قېرىنداشلىرىغا زىيانكەشلىك قىلدى. گۋاتېمالادىكى ئامېرىكا ياردەم قىلغان ھەقىقەتنى ئىزدەش كومىتېتى 1999 ـ يىلى ھۆكۈم قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكا ھەربىي تەرەپنىڭ مەلۇم شىركىتى تەمىنلىگەن زوراۋانلىققا قارشى

تۇرۇش تېخنىكىلىق تەربىيىسى» بىر قېتىملىق «ئىرقىي يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان چوڭ قىرغىنچىلىقتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى، 200 مىڭ دېھقان قىرىپ تاشلاندى.» ئوتتۇرا شەرق ۋە ئاسىيادىمۇ بۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت. ۋاشىنگتوننىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى پادىشاھلىق دۆلەت. بۇنداق دۆلەتلەردە ئادەتتىكى خەلقنىڭ دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇقىغا بولغان چۈشەنچىسى ناھايىتى تۆۋەن. بولۇپمۇ ئاياللار مەسىلىسى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ئۇلار ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇقرا سانىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نېفىتى بولغاچقا بۇنداق ئىشلار يوشۇرۇلۇپ قالىدۇ، كورىيىدىكى ئەھۋالمۇ شۇنداق.

ھەممىگە مەلۇم، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن 1993 ـ يىلىغىچە ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان گېنېراللارنىڭ ھەممىسىنى ئامېرىكا تاللاپ چىققان. بۇنداق ئەھۋال بىر قېتىملىق سوتتا ئاشكارىلىنىپ قالدى. سوتنىڭ بايقىشىچە، ھېلىمۇ ھايات يۈرگەن ئىككى مۇستەبىت دۆلەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان تېررورلۇق جىنايىتى سادىر قىلغانىكەن.

فىلىپپىندىكى فېرنەندۇ ماركوس، ھىندونېزىيىدىكى گېنېرال سوخاتۇ، كامبودژادىكى لاگنو قاتارلىق كىشىلەر ئامېرىكا يۆلەپ چىقارغان مۇستەبىتلەر. ئۇلارنىڭ مۇستەبىت دېگەن نامىنى دۇنيا ئېتىراپ قىلدى، بىر ئامېرىكىدىن باشقا. ئادەمنى غەزەپكە سالىدىغان ئىش ئامېرىكىنىڭ سىياسىتىدىكى رەھىمسىزلىكلا ئەمەس يەنە ئۇنىڭ ساختىپەزلىكى. ئامېرىكا قورال تەكشۈرۈش ۋاستىسى بىلەن ئىراقتەك دۈشمەنلىرىنى جازالايدىغان چاغدا ب د ت نىڭ قارارىغا قەتئىي ھۆرمەت قىلىدۇ. ئەكسىچە ب د ت ئامېرىكىنىڭ ئەڭ كۆپ ياردەم بېرىدىغان ئوبيېكتى ئىسرائىلىيىنىڭ غەربىي قىرغاق ۋە گازادىكى ئىشغال قىلىۋېلىنغان زېمىندىن چېكىنىشنى تەلەپ قىلغاندا ئامېرىكا پاسسىپلىق قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ب د ت نىڭ قارارىنىڭ كۈچى قالمايدۇ.

سودا سىياسىتىدە، ئامېرىكا نامرات دۆلەتلەرگە خەلقئارا سودا تەشكىلاتىنىڭ بەلگىلىمىسىگە قەتئىي رىئايە قىلىش تەلىپىنى قويىدۇ، شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدىكى يېزا - ئىگىلىك ۋە سانائەتكە ياردەم بېرىشكە قارشى تۇرىدۇ. چۈنكى بۇ بەلگىلىمىلەر ئامېرىكىنىڭ چېگرا ئاتلىغان شىركەتلىرىنىڭ ئاشۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىغا تاجاۋۇز قىلىشى ئۈچۈن تۈزۈلگەن. لېكىن، ۋاشىنگتون ھەر يىلى ئۆزىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە نەچچە مىليارد دوللارنى مەردلىك بىلەن تولۇقلاپ بېرىدۇ. چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈلىدىغان پولات - تۆمۈردىن كىرىش بېجى ئالىدۇ. بۇ پەردە ئەكتىلەپ قويۇشقا تېگىشلىك گەپ، يېزا ئىگىلىكىنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقىنى دەل ئاشۇ چېگرا ئاتلىغان شىركەتلەر. بىز نېمە ئۈچۈن شۇنداق يۈزى قېلىنلىق بىلەن ئادىل رىقابەت پىرىنسىپىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىمىز؟ جاۋاب بىرلا، چۈنكى بىزدە شۇنداق قىلالايدىغان ئىقتىدار بار. كانادانىڭ بىر سودا ئەمەلدارى قاقشاپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ. «ئامېرىكىنىڭ بىزگە سالغان زىيىنى بىزنىڭ ئۇنىڭغا سالغان زىيىنىمىزدىن كۆپ ئارتۇق.»

ئۇنىڭدىن باشقا، بىزنىڭ تېررورىزمغا بەرگەن تەبىرىمىز شۇنداق شەخسىيەتچى، ئامېرىكىدىكى سىياسىي ۋە مەتبۇئات ساھەسىدىكى سەرخىللار ئەزەلدىن ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا بۇ ئۇقۇمنى ئىشلىتىپ مۇئامىلە قىلىپ باققىنى يوق. بۇ سۆز پەقەت دۈشمەنگە ياكى ئۈچىنچى تەرەپكە قارىتىلغان. شۈبھىسىزكى، 11 - سېنتەبىر ۋەقەسى تېررورلۇق ھەرىكەت، بىر سىياسىي ۋە ھەربىي پىلاننى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن نىشانىنى گۇناھسىز پۇقراغا قاراتقان ھەرىكەت.

90 - يىللاردا ئىرلاندىيە جۇمھۇرىيەتچىلەر ئارمىيىسى لوندون ۋە مانچېستىردىكى مال سېتىۋېلىش مەركىزى، ئىشخانا رايونى ۋە ماگىزىنلارنى پارتلىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغاندا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئاللىقاچان تېررورلۇققا تەۋە بولۇپ بولغانىدى.

2002 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پەلەستىنلىكلەر ئىسرائىلىيىدە ئېلىپ بارغان ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىش دېلوسى تېررورلۇق ھەرىكەت ئىدى. 1988 ـ يىلى ئىراقتا سادام ھۈسەيىننىڭ زەھەرلىك گاز بىلەن كوردلارغا تاقابىل تۇرغانلىقى تېررورلۇق ھەرىكەت ئىدى. 2002 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئىسرائىلىيە پەلەستىن مۇساپىرلار لاگېرىغا ھۇجۇم قىلىپ نۇرغۇن بىنانى تۈزلىۋەتتى، بىگۇناھ نامرات خەلقنى قىرغىن قىلدى. ئەجەبا، بۇ ئىشلار تېررورلۇق ئەمەسمۇ؟ 1983 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ چوڭ ـ كىچىك بومبىلىرى لىۋان يېزىلىرىغا تاشلاندى. 1991 ـ يىلى ئامېرىكا باغداتقا تاشلىغان «ئەقىللىق بومبا» نۇرغۇن بىگۇناھ پۇقراغا زىيانكەشلىك قىلدى. لېكىن، ۋاشىنگتون بۇ ھەقتە جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئۇچۇرلارنىلا ئېلان قىلدى. بۇلا ئەمەس، ۋېيتنام ئۇرۇشىدا ئامېرىكا گىلەم شەكلىدە بومباردىمان قىلىپ نۇرغۇن بېنزىن بومبا تاشلىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئامېرىكا ياپونىيىگە ئاتوم بومبىسى تاشلىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي ۋە سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن پۇقرالارنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلىشتىن باشقا مەسىلە ئەمەس ئىدى. بۇ ئىشلارنىڭ خاراكتېرى 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ. لېكىن، ئامېرىكىنىڭ ئاساسلىق ناتىقلىرى ئەزەلدىن ئامېرىكىنى تېررورچى قاتارىدا كۆرۈپ باقمىدى، پەقەت ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلغان كىشىلەر ۋە ئامېرىكىنىڭ دۈشمەنلىرىلا تېررورچى دەپ قارالدى.

ئامېرىكىلىقلار ئامېرىكىنىڭ چەت ئەلدىكى بۇنداق رەزىل قىلمىشلىرىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ كەتمەيدۇ. ئىلمىي ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەر، ئىنسان ھوقۇقى پائالىيەتچىلىرى ۋە سولچى سىياسىي زاتلار بۇ تارىختىن تولۇق خەۋەردار، ئاممىۋى مەتبۇئاتلار بۇنداق ئىشلارنى ئازراق ئاشكارىلاپ قويىدۇ. 1975 ـ يىلى دۆلەت مەجلىسى ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئامېرىكا

مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ دېموكراتىيىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، چەت ئەل ھۆكۈمرانلىرىنى ئاغدۇرۇۋېتىدىغان گۇناھلىرى قۇمدەك ئىكەن. 2002 ـ يىلى ساماشا بورس «دوزاختىن كەلگەن قىيىن مەسىلە» ناملىق بىر كىتابنى نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتابتا ۋاشىنگتوننىڭ قىلمىشلىرى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن. كىتابتا ئامېرىكىنىڭ 20 ـ ئەسىردە يۈز بەرگەن بىر قاتار پىلانلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىگە بوربۇتنىڭ كامبودژىدىكى تەلۋىلەرچە زوراۋانلىقى، بوسنىيىدىكى ئىرقىي تازىلاش، رۋانداكى قەبىلىلەر ئارا قىرغىنچىلىق قاتارلىق قىلمىشلارغا قەستەن سۈكۈت قىلغانلىقى كۆرسىتىلدى. بۇ كىتاب ئاخبارات ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىدى. شۇنداقتىمۇ ئامېرىكىدىكى ئومۇمىي ئاممىۋى پىكىرنى تەقدىرلەش ئاز، تەنقىد كۆپ دەپ خۇلاسىلەشكە بولىدۇ. ئامېرىكىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئەنئەنىۋى ئوبرازى دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ۋە ئادىللىقنىڭ قوغدىغۇچىسى. شۇڭا ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتىدە تۈپ نۇقتىدىن قارىغاندا چوڭ ئۆزگىرىش يوق. لېكىن، ئامېرىكا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇرغۇن دۈشمەنلىك بولۇپ قالدى. «ۋال ـ ستىرىت گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى جاۋناس ۋېيتناي مۇنداق دېگەن: «ئەڭ چاتاق يېرى، ئاددىي ئامېرىكىلىقلار چەت ئەللەردە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقىنىنى زادىلا ئۇقمايدۇ. شۇڭا، چەت ئەللىكلەرنىڭ بىزگە بولغان تونۇشىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغاندەك چوڭقۇر ئەمەسلىكىنى بىلگەندە ئامېرىكىلىقلار بەكمۇ ھەيران قېلىشى مۇمكىن. بىلمەسلىك بىر باھانە، لېكىن ئۇ يول توسىدىغان توساق ئەمەس.» تەجرىبىلىك ئاسىيا ئىشلىرى تەھلىلچىسى چارموس جونسون ئۆزىنىڭ تىلى بەكمۇ ئۆتكۈر ئەسىرى «كەينىگە ئولتۇرۇش كۈچى» دە مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكىلىقلار ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق نامىدا قىلغان ئىشلىرى ھەققىدە بىرمۇ نەرسە بىلمىسە، ئەھۋال بۈگۈنمۇ شۇنداق بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن

چىدىغۇسىز ئېغىر بەدەل تۆلەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ دۆلىتى داۋاملىق پۈتۈن دۇنياغا زوراۋانلىق قىلىۋاتىدۇ.» جونسون ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئامېرىكىنىڭ ياۋاشلارنى بوزەك قىلىدىغان قىلمىشى كىشىلەرنىڭ پۈتۈن ئامېرىكا خەلقىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئاۋۇتۇۋېتىدۇ. بۇ كىشىلەر ساياھەتچى، ئوقۇغۇچى، سودىگەر ۋە قوراللىق كۈچلەرنىڭ ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئامېرىكىغا قارىتا ئەجەللىك ئاقىۋەت پەيدا قىلىدۇ. «كەينىگە ئولتۇرۇش كۈچى» دېگەن سۆز ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ كەسپىي سۆزى بولۇپ، مەنىسى «ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان تاشقى سىياسەت بەلكىم نەچچە يىلدىن كېيىن پەرەز قىلغىلى بولمايدىغان شەكىلدە ئۆز دۆلىتىگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن، بولۇپمۇ بىر قىسىم مەخپىي چوڭ ھەربىي ھەرىكەتلەردە تېخىمۇ شۇنداق» دېگەنلىكتۇر. جونسون بەش بۇرجەكلىك بىنادىكى دۆلەت مۇداپىئە پەن - تېخنىكا ھەيئىتى 1997 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان بىر پارچە دوكلاتنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆتكەنكى بىر قىسىم سان - سىپىرلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا ئىشلاردىكى مۇداخىلە ھەرىكىتى بىلەن ئامېرىكىغا قارىتىلغان تېررورلۇق ھۇجۇملار ئوتتۇرىسىدا كۈنسېرى يېقىنلاپ كېتىۋاتقان، ئوخشىشىپ كېتىدىغان سانلار بار. ئەڭ تىپىك مىسال 1979 - يىلى يۈز بەرگەن ئىران تۇتقۇنلار كرىزىسى. ئەينى چاغدا ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ئامېرىكىنىڭ نېفىت مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئىراندا 1953 - يىلى خەلق سايلىغان ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ۋە پادىشاھ پەھلىۋىنى يۆلەپ تەختكە چىقارغانىدى. ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋىلىيام كولبى بۇ ھەرىكەتنى ئەڭ مەغرۇرلىنىشقا تېگىشلىك ھەرىكەت دەپ ماختىغانىدى. لېكىن، پەھلىۋى مۇستەبىت، رەھىمسىز ئادەم بولغاچقا، ئىراندىكى نۇرغۇن ئادەمگە زىيانكەشلىك

قىلدى. ئەڭ ئاخىردا پۈتۈن خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ 1979 ـ يىلى قوزغالغان ئىسلام ئىنقىلابى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەبىت پادىشاھ پەھلىۋىنى قوللىشى ئىرانلىقلارنىڭ ئامېرىكىغا بولغان غەزىپىنى قوزغىدى. گەرچە ئىرانلىقلار مۇستەبىت پادىشاھ پەھلىۋىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئامېرىكىغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى يوق قىلالمىدى. ئارقىدىن ئۇلار ئامېرىكىنىڭ تېھراندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا بېسىپ كىرىپ 54 ئامېرىكىلىقنى تۇتقۇن قىلىۋالدى. بۇ كرىزىس كات زۇڭتۇڭنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىنى نابۇت قىلدى.

گەرچە جونسون 2000 ـ يىلى كىتاب چىقىرىپ بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە تەھلىل ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن 11 ـ سېنتەبىر تېررورلۇق ۋەقەسىدەك چوڭ ۋەقەنى پەرەز قىلالمىغانىدى. لېكىن، ئامېرىكىنىڭ «مىللەت» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ۋە 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈندىكى سانلىرىدا جونسون ئىككى قېتىم ئامېرىكىنىڭ 1984 ـ يىلىدىن باشلاپ بىن لادىنغا ياردەم بەرگەن جەريانىنى تەپسىلىي خەۋەر قىلدى. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ئىزچىل ھالدا ئىسلام غازاتچىلىرىغا ياردەم بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىشىغا قارشى تۇرغانىدى. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى بىن لادىن ۋە باشقا چوڭراق غازات تەشكىلاتلىرىنى نۇقتىلىق يۆلەپ، ئۇلارنىڭ مەشىق لاگېرى قۇرۇپ ئادەم تەربىيىلىشىگە ياردەم بەردى. بىن لادىن مەشىق لاگېرىدا پاكىستان ئاخبارات ئورگىنى ئارقىلىق 35 مىڭدەك ئەگەشكۈچىسىنى تەربىيىلىدى. لېكىن، 1991 ـ يىلى پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن كېيىن دىنغا ئىشەنمەيدىغان ئامېرىكا قوشۇنى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمىتىنى قوللاش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئىسلامنىڭ مۇقەددەس جايىدا

قوشۇن تۇرغۇزدى. بۇ چاغدا بىن لادىن ئۆرۈلۈپلا ئامېرىكا بىلەن قارشىلىششقا باشلىدى. جونسون خۇلاسىلەپ مۇنداق دەيدۇ: 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى ئامېرىكىنىڭ 70 ـ يىللاردا ئافغانىستاندا ئېلىپ بارغان مەخپىي ھەرىكىتىنىڭ جاۋابى، لېكىن بۇ جاۋاب دەۋرىيلىككە ئىگە، مەڭگۈ ئاخىرلاشماسلىقى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ بۇگۈن ئافغانىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان تاش بىلەن تۇخۇم ئېزىش ھەرىكىتى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئۇزاق، تېخىمۇ كەسكىن زەنجىرسىمان تەسىر پەيدا قىلىشى مۇمكىن.»

بۇ باھالار ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستاندا قىلغان ئۇرۇشىنى پۈچەكلەشتۈرۈۋاتامدۇ، قانداق؟ ئەلۋەتتە، بۇ ئۇرۇش بىن لادىننىڭ ئەل ـ قائىدە تەشكىلاتىنىڭ تورىنىڭ زور كۆپىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىدى، بۇ دۆلەتنى تالىباننىڭ ئىپتىدائىي ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇردى ۋە ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. لېكىن، تۆلەنگەن بەدەل بەكمۇ زور بولدى. ئۆلگەن پۇقرالارنىڭ سانى ھېلىمۇ ئېنىق ئەمەس، بەلكىم 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدە ئۆلگەن 3 مىڭ ئادەمنىڭ سانىدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. ئافغانىستان ئەسلىدە بىر ئاچارچىلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان جاي ئىدى. بومباردىمان جەريانىدا قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى ئاساسەن ئېلىپ بېرىلماي يەنە نۇرغۇن پۇقرانىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولدى. سەئۇدى ئەرەبىستانلىق بىر تەھلىلچى «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» گە مۇنداق دېگەن: «پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسى بۇ ۋەقەدىن چۆچۈدى، قورقۇنچ ھېس قىلدى. ياشلارنىڭ قەلبىدە يېڭى قىساس پەيدا بولۇپ، قىساس ئېلىشنى تەرغىب قىلىشقا كىرىشتى. بۇنداق يۈزلىنىش بەكمۇ خەتەرلىك، چۈنكى بۇنداق قارشىلىق كەيپىياتى ئىچىدە ناھايىتى ئوڭايلا تېررورىزم بىخلىنىپ چىقىدۇ.»

## ئامېرىكا، ھەققانىي ئىش قىل

ئامېرىكا دائىم ئۆتمۈش ئىشلاردا ناھايىتى كەمتەرلىك قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ تارىختىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ئورنى ھەققىدە بىر نىمە دېمەي تۇرۇۋېلىشى ئادەمنى ئويغا سالىدۇ. تارىختا ھەممە ئىمپېرىيىلەر، مەسىلەن، رىم ئىمپېرىيىسى ئۆز ئورنىدىن پەخىرلەنگەن ۋە ئۆز ئورنىغا ماس كېلىدىغان ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، ئامېرىكا نېمىلا بولسۇن، زېمىنى ئىنتايىن چوڭ، غايەت زور ئەمەلىي كۈچكە ئىگە دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت. لېكىن، ئامېرىكا ئۆزىگە، بۇنداق ئىمپېرىيە مەۋجۇت ئەمەس، دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئامېرىكىنىڭ داھىيلىرىدىن تارتىپ ئاددىي پۇقرالىرىغىچە بۇنداق ئاتالغۇنى ئىشلىتىشنى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئاقىۋەتلەرنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ. ئامېرىكىلىقلار بىز تىرىشچانلىقىمىزدىن مۇشۇنداق بايىمىز دەپ قارايدۇ. ئامېرىكىنىڭ چەت ئەلدىكى تەسىر كۈچىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن غايەت زور سىياسىي ئەۋزەللىك ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ. گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېسەك، ئەرزان ۋە مول نېفىت ئامېرىكا ئىقتىسادىنى پۈتمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى، ئامېرىكا ئىقتىسادى ئۆتكەن 50 يىلدا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى.

دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىمۇ ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئىمپېرىيە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ۋە توختىماي كېڭەيمىچىلىك قىلغانىدى: دەسلەپتە يەرلىكلەرنى زېمىنىدىن قوغلاپ چىقاردى. 1812 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشتا ئەنگلىيىنى كاناداغا قوغلىۋېتىپ ئۇنىڭ ئامېرىكىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تەلتۆكۈس ئاخىرلاشتۇردى. كېيىن ئىسپانىيىنى

ئامېرىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا بولغان زېمىن تەلىپىدىن مەجبۇرىي ۋاز كەچتۇردى. بۇ ھەرىكەتلەر ئامېرىكا ئىمپېرىيىسىنىڭ غايەت زور كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئىسپاتلىدى.

1823 - يىلى، ئامېرىكا پۇتكۇل غەربىي يېرىم شارغا غەيرىي رەسمىي تىزگىنلەش ھوقۇقى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1898 - يىلىدىن باشلاپ چەت ئەلدە كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا كىرىشىپ كۇبا بىلەن فىلىپپىننى ئىسپانىيىنىڭ قولىدىن «ئازاد» قىلدى. نەتىجىدە، بۇ ئىككى دۆلەت ئەمەلىيەتتىكى ئامېرىكىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قالدى. ئامېرىكا ئاتالمىش ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي كۈچى ئارقىلىق دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرنى تىزگىنلەشكە كىرىشتى. 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 50 يىلىدا دوست دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتلەرنى رازى قىلىش، ئۆزىنىڭ سودا مەنپەئىتىنى قوغداش، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن نەچچە ئون قېتىم تەسىرى چوڭ چەت ئەللەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش ھەرىكىتى قوزغىدى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا تېخىمۇ زورايدى، دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە باي دۆلەتكە ئايلاندى. ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرقتە ھەربىي بازا قۇردى. خەلقئارا سودا ۋە خەلقئارا پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ بارلىق پرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ چىقىشقا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ پرىنسىپلار ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ چەت ئەلدىكى كېڭەيمىچىلىكى ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. سوغۇق ئۇرۇش داۋامىدا سوۋېت ئىمپېرىيىسى بىر مەزگىل ئامېرىكىغا خىرىس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن رەقىبىنىڭ زوراۋانلىق ئورنىنى تەۋرىتەلمىدى. بۈگۈن بېرلىن تېمى چېقىپ تاشلانغان 13 يىلدىن كېيىن ئامېرىكا ھېلىمۇ سوغۇق ئۇرۇش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن يەر شارى خاراكتېرلىك زومىگەرلىك ئورنىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ، ئازراقمۇ تەھدىتكە

ئۆچرىغىنى يوق. چەت ئەلدە نەچچە ئون يەردە ھەربىي بازىسى بار، غايەت زور قورال - ياراغ ئېكسپورتى بار (90 پىرسەنت قورالنى دېموكراتىك بولمىغان ياكـــى ھوقۇقنـــى كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىدىغان دۆلەتلەرگە سېتىپ بېرىدۇ). ھېلىمۇ دەرىجىدىن تاشقىرى ئاتوم تەھدىت كۈچىگە ئىگە. ئۇنىڭ 22 يادرو ئوق بېشى ئېلىپ يۈرىدىغان سۇ ئاستى ئۇرۇش پاراخوتى بار، ھەربىـــر پاراخوتتىكى يادرو ئوق بېشى 400 شەھەرنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ. بۇلار ئۇنىڭ يادرو قوراللىرىنىڭ كىچىك بىر قىسمى، خالاس. قىسقىسى، بۈگۈنكى ئىمپېرىيـــــنىـــڭ ئورنىـــدا ھېچقانداق ئاجىزلىشىش ئالامىتى يوق.

چەت ئەللىكلەر ئامېرىكىنىڭ بۇ قاتارلىق ئەمەلىي كۈچىدىن قورقامدۇ، يوق؟ شۇ سەۋەبتىن شەكىللەنگەن ئامېرىكىنـــىـــڭ ئىقتىسادىنىڭ ئەۋزەللىكىگە ھەسەت قىلامدۇ، يوق؟ ئۇلار ئۆز كەمچىلىكىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئامېرىكىنى قۇربان قىلىـــشقا ئۇرۇنامدۇ، يوق؟ ئۇلار چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ. پسىخولوگلار بۇنداق پسىخىكا ھادىسىنى ئىنسانىيەتنىڭ ماھىيىتى دەپ قارىغان.

ئامېرىكا مەملىكەتلىـــك ئامـــۋى رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ چەت ئەللەرگە قارىتىلغان قىسمىنىڭ تەھرىرى لورېن جېنكىنس مۇنداق دەيدۇ: «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بېرىپ بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن مەن رۇسىيىنىڭ دۆلەتلىك ئاخبارات ئورگىنى تا س س ئاگېنتلىقىنىڭ بىر مۇخبىرى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ مۇنداق دېدى: سىزگە مەلۇم، سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدە دۇنيانىڭ يېرىمى سوۋېتقا، يېرىمى ئامېرىكىغا ئەگەشكەنىدى. ھازىرقى مەسىلە شۇكـــى، ھازىر پۈتۈن دۇنيا سىلەرگە ئەگىشىۋاتىدۇ. دېمەك، ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر جايىدىكى بىر ئادەم ئۆز تۇرمۇشىدىن رازى بولمىسا سەۋەبىنـــى سىلەردىن كۆرىدۇ.»

پارىژدا فرانسۇزچە «يېڭى كۆزەتكۈچىلەر» نامىلىق ھەپتىلىك

ژۇرنالنىڭ تەھرىرى لاۋورونتى دوفلان ماڭا مۇنداق دېدى: «زور كۆپچىلىك فرانسىيىلىك ئامېرىكا ۋە ئامېرىكىلىقلارنى ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتىنى جاھانگىرلىك سىياسەت دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئامېرىكىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىدىن نەپرەتلىنىدۇ.» ئۇ يەنە مۇنداق دەپ قوشۇمچە قىلدى: «بۇنداق نەپرەتلىنىشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، فرانسىيىمۇ ئۆتمۈشتە بىر جاھانگىر دۆلەت ئىدى، شۇڭا ئۇلار ھەسەت قىلغان گەپ.» ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «فرانسىيىدىكى بارلىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دەرسلىك ئارقىلىق فرانسىيىنىڭ تارىختا ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغانلىقىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇلار يەنە ئۆتكەن ئەسىردىكى ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا ئامېرىكىنىڭ فرانسىيىنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. شۇڭا، بىر تەرەپتىن ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە رەھمەت ئېيتساق، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىمىز. چۈنكى، ھەممە ئادەم ساخاۋەتچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، قۇتقۇزۇلغۇچى بولۇشنى خالىمايدۇ ـ دە.»

دوفلاننىڭ پىكرىدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىمپېرىيىلەر تۇغما ئالۋاستى ئەمەس. توغرا، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپانى قۇتقۇزۇشىدا مەقسىتى بار. مەيلى ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا بولسۇن، ياكى ئۇرۇشتىن كېيىن بولسۇن، تامامەن شۇنداق: مارشالل پىلانى ياۋروپانىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ياردەم بېرىپلا قالماي، ئامېرىكا شىركەتلىرى ئۈچۈنمۇ ياۋروپادا يېڭى بازا ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ياۋروپا ئىقتىسادى ئورتاق گەۋدىسىنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى تەسىر كۈچىنى ئازايتتى. ئاقىۋەتتە قانداق بولدى؟ گەرچە بىزنىڭ تارىخقا قوشقان تۆھپىمىزنى مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئويىمىز بولمىسىمۇ، ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپادىكى سىياسىتى ياۋروپادىكى ھەرقايسى قاتلام خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى. ناۋادا

ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياپونىيىنىڭ ئەھۋالىنى قوشۇپ قويساق بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەر تېخىمۇ موللىشىدۇ. گەرچە ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ ئەمەلىي خاراكتېرلىك قايتا قۇرۇش ۋە تېخنىكا ياردىمىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى چاۋشيەن ئۇرۇشى جەريانىدا ئامېرىكىدىن زور ئۇرغۇن زاكاسقا ئېرىشكەندە، ئاندىن ھەقىقىي ياخشىلىنىشقا باشلىدى، ئىقتىسادى قايتا گۈللەندى ۋە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. ئەينى چاغدا ئۇلار جىپ ناملىق ئاپتوموبىل ياساش زاكىسىغا ئېرىشكەنىدى. بۇ زاكاس ئەينى چاغدا ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان فېڭتيەن ناملىق كىچىك ئاپتوموبىل شىركىتىنى قۇتقۇزۇۋالدى. ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىدىكى سىياسىتىمۇ ئوخشاش نەتىجىگە ئېرىشتى. بىر تەرەپتىن، ياپونىيىلىكلەرنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن بويسۇندۇرۇلغان بىر دۈشمەن قايتا تىرىلدى.

ئامېرىكىنىڭ چەت ئەلدىكى ھەممە ھەربىي ئارىلىشىش ھەرىكىتىنى رەزىل دېيەلمەيمىز. 90 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە، سابىق يۇگوسلاۋىيە زېمىنىدا سىربىيىنىڭ مۇستەبىتى مىلوشېۋىچ سان ـ ساناقسىز بىگۇناھ خەلققە چوڭ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشنى پىلانلاۋاتقاندا غەربىي ياۋروپادىكى كۈچلۈكلەر يالغاندىن توۋلاپ قويۇپلا بولدى قىلدى. گەرچە ئامېرىكا شۇ چاغدا تېز سۈرئەتتە ئىنكاس قايتۇرالمىغان بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىردا ھەربىي كۈچ بىلەن مىلوشېۋىچنىڭ پىلانىنى توختاتتى. 1991 ـ يىلى مەن شەرقىي ئافرىقىدا تۇنجى قېتىملىق يەر شارىنى ئايلىنىش سەپىرىمنى باشلىغاندا، ئامېرىكا باش ئەلچىسىنىڭ كېنىيىدىكى چىرىك ھۆكۈمران دەننىس ئاراپ مويىنانىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن قارشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى مەغرۇرلۇق بىلەن كۆردۈم. شۇ يىلى موسكۋادا ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى زىيارەت قىلىۋاتقىنىمىزدا، ئۇلار سابىق سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ۋە ئاممىۋى ساغلاملىققا سالغان ئاپەت

خاراكتېرلىك زېيىنىغا يېقىندىن دىققەت قىلىشۋاتقانىكەن. نەچچە يىلدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىدىمۇ ئۆزگىرىش كېلىپ چىقتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى كىشىلىك ھوقۇقتا ھۆرمەت قىلىشقا قىستىسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ تەلەپنى ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك كېڭىيىش ئېھتىياجىغا بويسۇندۇرۇپ بېرىۋاتاتتى. چۈنكى، ئامېرىكا تاۋارلىرى جۇڭگو بازىرىغا كىرىشكە جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. ئەينى چاغدا مۇشۇنداق سىياسەت يۈرگۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغاندا بىر مەيدان تالاش ـ تارتىش پارتلىدى. 2001 ـ يىلى مەن زىمبابۇۋېنى زىيارەت قىلغاندا روبېرت موجابې زۇڭتۇڭنىڭ سۆز ئەركىنلىكىنى زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇۋاتقانلىقىنى، قانۇنسىز ۋاستىلەر بىلەن دېھقانلارنىڭ يېرىنى تارتىۋېلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. خۇددى كىشىلەر پەرەز قىلغانغا ئوخشاش، موجابې 2002 ـ يىلى سايلام نەتىجىسىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ھۆكۈمىتىمىز دەل ۋاقتىدا شۇ قېتىمقى بىلەت تاشلاشنى ئەركىن، ئادىل بولمىدى دەپ ئەيىبلىدى.

تارىختا بۇنداق مىساللار كۆپ. ئۇلار ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسىنىڭ نوقۇل ھالدا مۇستەبىتلەرگە ياردەم بېرىپ دېموكراتىيىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بىزنىڭ چەت ئەلدىكى ھەرىكىتىمىزنىڭ زور كۆپچىلىكى ئەڭ ئاخىرقى نىشانىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بىز ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن توغرا ئىشلارنى قىلدۇق. مېنىڭ ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتىنى ئادىل دەپ قارىشىمنىڭ سەۋەبى بىزنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پرىنسىپال ۋەدىمىزنىڭ ساختا ئەمەسلىكىدىن كېلىپ چىققان.

بىزنىڭ تارىخىمىز، قانۇنىمىز، ئەدلىيە سىستېمىمىز ۋە ئالغان رولىمىز بىزدىن ھەمىشە دېموكراتىيە، ئەركىنلىك،

كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئادالەتكە ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بەزىدە باشقا مەقسەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشى تۈپەيلىدىن تاشقى سىياسەتنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر يېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. ھەرقايسى زۇڭتۇڭلارنىڭ ئوخشىمىغان سىياسىتى شۇنداق نەتىجە پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، بازار رۇخسىتىگە ئېرىشىش، تەبىئىي بايلىقتىن پايدىلىنىش، مۇۋاپىق مەبلەغ مۇھىتى يارىتىش، جۇغراپىيىلىك سىياسەتنىڭ تەسىرىنى قوغلىشىش دېگەندەك. لېكىن، بۇ مەنپەئەتلەر ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە ھەممە ئىش يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىدۇ. توقۇنۇش سىياسەت چىقىرىش ھوقۇقى بار ۋاشىنگتوندىكى ئەمەلدارلار ئارىسىدا ھەتتا ئاددىي ئاۋام ئارىسىدىمۇ يۈز بېرىشى مۇمكىن، لېكىن پۈتۈن خەلق بۇ سىياسەتنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك.

خۇددى بىر پۈقرالار ھوقۇقى پائالىيەتچىسى ئاساسىي قانۇننى نەقىل قىلىپ ھەممە ئامېرىكا خەلقى ئۈچۈن ئادالەت تەلەپ قىلغانغا ئوخشاش، تاشقى سىياسەت تەنقىدچىلىرىمۇ ۋاشىنگتوننىڭ ھۆكۈمەت سىياسىتىنى تەنقىد قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ ياكى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن، ئۇلار چوقۇم ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسەت كىشىلىك ھوقۇقى سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە ۋە جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ھۆكۈمەت بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاشلىرى كېرەك. ئامېرىكا گوۋۋېيۇەنى ئۆزۈندىن بېرى كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ھەر يىلى بىر قېتىم دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى ئېلان قىلىپ كەلدى. 2002 ـ يىلىدىكى دوكلاتتىن قارىغاندا، ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن ئىتتىپاقداشلىرى ھوقۇقىدىن ھەددىدىن ئارتۇق پايدىلىنىپ كەتكەن. بۇ دوكلات ئامېرىكا ئاممىسى، مەتبۇئاتى ۋە دۆلەت مەجلىسىنى بىر پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. ئۇلار ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى سىياسەتتە تېخىمۇ

زور دەرىجىدە بىردەكلىككە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. 70 ـ يىللىرى ئامىنىڭ بىسمى تۇپەيلىدىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋېيتنامدىن ئەسكەر چېكىندۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئامىنىڭ قارشى تۇرۇشىدىن قورقۇپ چەت ئەلگە ئەسكەر چىقىرىشتا ئىنچىل ئېھتىياتچان بولدى. 80 ـ يىللاردا يۈز بەرگەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان نامايىش ۋە يازما قارشىلىقلار رېگان ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلەر ھاكىمىيىتىنى قوللاش مۇقامىنى تۈۋەنلىتىشكە مەجبۇر قىلدى. 90 ـ يىللاردىكى مۇشۇنداق بېسىملار ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن «قان ـ تەر زاۋۇتى» نىڭ خوجايىنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ساغلام بولمىغان مۇناسىۋەتنى ھەم چەت ئەللەردىكى جىنايى ھەرىكەتلىرىنى ئاشكارىلىۋەتتى.

بەزى ئەھۋالدا، ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتى ھەقىقەتەن دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ۋە ئادىل رىقابەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. بۇنداق ئادالەتلىك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشتا ھېچقانداق دۆلەت ئامېرىكا بىلەن بەسلىشەلمەيدۇ. لېكىن، ئادەمنى ھەسرەتكە سالىدىغىنى، ئامېرىكىنىڭ بۇنداق ھەرىكەتلىرى ناھايىتى ئاز. ھازىر بۇنداق ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشكە باشلىساقمۇ كېچىكمەيمىز. بايا دېگەندەك، نۇرغۇن ساغلام بولمىغان يۈزلىنىشلەر ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتىگە تەسىر قىلىدۇ. ئامېرىكا خەلقى ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيىسىنىڭ، چەت ئەلدىكى شىركەتلىرىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىگە كۆپرەك دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىپادىسىنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇشىنى تەلەپ قىلسا نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن.

# بەشىنچى باب ئاخبارات ئەركىنلىكى



## ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنۋېتىلگەن ئاخبارات ئەركىنلىكى

«كۆپ سانلىق ئامېرىكىلىق ياخشى، بۇ تەرەپكە گۇمانسىز ئىشىنىمەن، — دېدى ب د ت نىڭ ئىراقتىكى ئىنسانپەرۋەرلىك ياردەم پىلانىنى ئىجرا قىلىۋاتقان سابىق باش ئەمەلدارى دەننىس خالد، — ئىراقنىڭ 25 مىليون پۇقراسىنىڭ ھەممىسى سادام ھۈسەيىندەك ئادەملەردىن تەركىب تاپقان ئەمەس، ھەربىر ئائىلىدە بالىلار، ئاتا ـ ئانىلار بار. ئۇلارنىڭمۇ ئۆز كەلگۈسىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدىكى ئارزۇ ـ ئۈمىد، خام ـ خىياللىرى بار. ناۋادا ئامېرىكىلىقلار بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەن بولسا چۆچۈگەن ھالدا ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئاشۇ بىگۇناھ پۇقرالارنى قىرغىن قىلىۋاتقىنىنى بايقىغان بولاتتى.»

مەن خالدنى زىيارەت قىلغان ۋاقىت 2002 ـ يىلى 3 ـ ئاي ئىدى. ئەينى چاغدا مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ چېينىي ياۋروپادا بۇش زۇڭتۇڭنىڭ «ئىراق ھۆكۈمىتىنى ئالماشتۇرۇش» پىلانى ئۈچۈن قوللىغۇچى ئىزدەپ يۈرەتتى. خالدنىڭ قارىشىچە، ئاقسارايىنىڭ قىلمىشى ھەقىقەتەن ئەخلاقسىزلىق بولۇپ، خەلقئارا قانۇننى ئاياغ ئاستى قىلىشتىن باشقا ئىش ئەمەس ئىدى. ئاۋۋال ئامېرىكا ئىراق خەلقىنى جازالاۋاتقان ئىقتىسادىي قامالنى بار كۈچى بىلەن قوللاپتۇ، ئارقىدىن 1991 ـ يىلى پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى ئىراقتا قۇرۇلغان ئۇچۇش چەكلەنگەن رايون ئاسمىنىدا كېچە ـ كۈندۈز چارلاش ئېلىپ بېرىپ ئىراقنى تەلۋىلەرچە بومباردىمان قىپتۇ. خالدنىڭ بىلگۈسى كەلگەن ئىش مۇشۇ ئىدى. ئامېرىكا جامائىتى نەگە كەتتى؟ ئۇلار نېمىشقا تەلۋىلەرچە گۇناھ قىلىۋاتقان ھۆكۈمەتنى نازارەت قىلمايدۇ؟ زۇرۇر

تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللانمايدۇ؟
مەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دائىم چەت ئەللىكلەرنىڭ ئامېرىكا ئۇرۇشتىن باشقىنى ئويلىمايدۇ دەپ ئاغرىنغانلىقلىرىنى ئاڭلىدىم. بولۇپمۇ ياۋروپا ۋە باشقا بىر قىسىم جايلاردا پىكىر ئاساسەن شۇنداق ئىدى. چەت ئەللىكلەر خەلقىمىزنى ياخشى، دوستانە دەپ قارايدۇ، لېكىن بىزنىڭ تاشقى دۇنيا ھەققىدىكى قارىشىمىز گۆدەك ۋە ساددا، ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا سەھنىدە قانداق رول ئېلىۋاتقىنىنى بىلەن كارىمىز يوق. بۇنداق قىلىش بەكمۇ شەخسىيەتچىلىك. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بېرىپ بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن بارسېلونادىكى ئاننا ئىسىملىك بىر زىيالىي ماڭا مۇنداق دېدى: «تۇرغۇنلىرىمىزنىڭ ئامېرىكىلىق دوستلىرىمىز بار، بىز ئۇلارنى ھۆكۈمىتى ئۈچۈن بەزى مەسىلىلەرنى ئويلىشىپ باقسا دېگەن ئۈمىدتە. بىز ئامېرىكىنىڭ سىياستىنى قوبۇل قىلالمايمىز. لېكىن، ماڭا بەكمۇ چۈشىنىشلىك، بۇنداق قىلماق بەكمۇ تەس، بولۇپمۇ ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان مۇشۇنداق چاغدا.»
ناۋادا چەت ئەللىكلەر ئامېرىكا خەلقىنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى سىياستىدىن بەكمۇ خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسا بىزنى ئەپۇ قىلارمۇ؟ ئامېرىكا مەتبۇئاتى پەقەت ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئەمەلىيەت دەپ قارىغان ئىشلارنىلا خەۋەر قىلىدىغان تۇرسا، ئامېرىكا خەلقىنىڭ قانداقمۇ تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش ھەققىدە ئۆز كۆزقارىشى شەكىللەنسۇن؟ 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى بولۇپ كۆپ ئۆتمەي ئاقسارايىنىڭ ئاخبارات باياناتچىسى ئاللي فىلايشېر ھەرقايسى مەتبۇئاتلارنى ئېھتىيات بىلەن پىكىر قىلساڭلار دەپ ئاگاھلاندۇردى. فىلايشېر بۇنداق ئاگاھلاندۇرمىسىمۇ بولغانىكەن، چۈنكى رېئاللىق شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئامېرىكىنىڭ مەتبۇئاتلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچۈرىنى كېڭەيتىپ بېرىش رولىنى ئېلىش كويىدا ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى. ئامېرىكىدىكى ئەڭ تەسىرى بار

نوپۇزلۇق مۇخبىرلارنىڭ بىرى بولغان دان. لاس مۇنداق دېدى: «جورجى بۇش بىزنىڭ زۇڭتۇڭىمىز، ئاۋادا ئۇ بىزنى رەتكە تىزىمىز دەپ ئويلىغان بولسا يىغىلىدىغان جايىنى دەپ بەرسىلا كۇپايە.»

ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ سىياسىي يۇمۇر دەل بىز ئەركىن دەپ قاراۋاتقان ئاخبارات ساھەسىدۇر. ئادەمنى چۆچۈتىدىغىنى، نۇرغۇن ئامېرىكىلىقنىڭ بۇ يۇمۇرغا تۇتقان ئەستايىدىل پوزىتسىيىسى. ئامېرىكىدىكى تەسىرى بار ئوچىل ئاز سانلىق ئەربابلارمۇ شۇنداق ئەستايىدىل (ئەمەلىيەتتە ھەر تۆت ئامېرىكىلىق بىلەن تاشلىغۇچىنىڭ بىرى ئوچىل). ئامېرىكىلىقلار بوناد گېدىنبورگ ئىسىملىك بىر ئاپتورنىڭ «بىتەرەپلىمە قاراش» دېگەن كىتابىنى سېتىۋېلىشقا ئامراق. 2002 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئەڭ بازارلىق بولغان بۇ كىتاب ئامېرىكا مەتبۇئاتىنىڭ ئەپسانىلىرىنى ئېچىۋېتىشكە ئۇرۇنغانىدى. ئەركىن ئاخبارات دۇنياسى ھەققىدىكى ئۇقۇمنى رىچارد نىكسون 30 يىل ئىلگىرى ئامېرىكىلىقلارنىڭ كاللىسىغا قۇيۇۋەتكەنىدى. نىكسون ۋېيتنام ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئاخبارات دۇنياسىدىكى ئەركىنلىككە ئارتىپ، ئۇ ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلغان ئۇچىنچى دەرىجىلىك ئوغرىلىق قىلمىشىنى «سۇ ۋەقەسى سەتچىلىكى» گە ئايلاندۇرۇۋەتتى، دەپ ئاخبارات دۇنياسىنى ئەيىبلىگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئەركىن ئاخبارات ئەپسانىسى ئىزچىل ھالدا مۇتەئەسسىپلەر ۋە ئوڭچى كۈچلەرنىڭ سىياسىي قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار ئامال قىلىپ ھۆكۈمەت ۋە كارخانا باشلىقلىرىغا قارىتىلغان تەنقىد خاراكتېرلىك خەۋەرلەرنى جىددىي توسماقچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاخبارات مۇخبىرلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى پاتقاقتا پاتتى. ئۇلار، ھازىر دائىم ئۆزىنى بىزنىڭ خەۋىرىمىز بەك ئەركىن بولۇپ كەتتىمۇ نېمە، دەپ ئەيىبلەيدىغان بولدى، لېكىن خەۋەرلىرىمىز بەك مۇتەئەسسىپ بولۇپ كەتتىمۇ دېگەن مەسىلىدىن زادى گۇمانلىنىپ باقمىدى.

چەت ئەللىكلەرگە ئېنىق بولمىسا كېرەك، ئامېرىكىدا ئەركىنلىك سولچىللىق دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى، هۆكۈمەتكە، كارخانىلارغا، سودا ـ سانائەتكە قارشى دېگەنلىكتۇر. ئامېرىكىدىكى گېزىت، تېلېۋىزىيە، رادىئو، ئىنتېرنېت ۋە باشقا ئاممىۋى مەتبۇئاتلارنىڭ رېئاللىقنى خەۋەر قىلىشى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق چوڭ پەرق يوق.

ئامېرىكا ئاخبارات ساھەسى ھۆكۈمەتكە قارشىمۇ؟ ئامېرىكا ئاخبارات ساھەسىنىڭ ھۆكۈمەت ھەققىدىكى خەۋەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھۆكۈمەتنىڭ كۆزقارىشىنى تەكرارلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. سىز ھەرقانداق بىر گېزىتنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، ھەرقانداق رادىئونى ئەستايىدىل تىڭشاپ باقسىڭىز بېرىلىۋاتقان خەۋەرنىڭ زور كۆپىنىڭ زۇڭتۇڭنىڭ مەلۇم ئىش ھەققىدىكى كۆزقارىشى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىنىڭ مەلۇم مەسىلە ھەققىدىكى كۆزقارىشى، پارلامېنت ياكى پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىق پارتىيە داھىيلىرىنىڭ مەلۇم لايىھىنى قانداق قوبۇل قىلغانلىقى ھەققىدىكى ئوردا خەۋەرلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى بايقايسىز ياكى بولمىسا سىياسىي ئەربابلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم ئىش ھەققىدە پەيدا بولغان تالاش ـ تارتىشلارنى ئاڭلايسىز. تالاش ـ تارتىش خەۋەرلەردە كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇن. بۇنداق كۆزقاراش ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىش بايان قىلىنىدىغان خەۋەرلەر خەۋەر قىلغانسېرى كۆپىيىدۇ ياكى بولمىسا ئىستراتېگىيە تۈسىنى ئالغان تالاش ـ تارتىش ئويۇنغا ئايلىنىدۇ ۋە بارغانسېرى راستىنەك تۈس ئالىدۇ. گېزىتلەر ۋاشىنگتوننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئادەملەرنىڭ مەلۇم مۇنازىرىسى ھەققىدىكى ھەقىقىي خەۋەرلەرنى، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسىغا تەھدىت سالغان يامان خەۋەرلەرنى ئاز خەۋەر قىلىدۇ ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرى ھەققىدىكى قىممىتى بار ھەقىقىي تەھلىللەرنى ناھايىتى ئاز تىلغا ئالىدۇ.

ۋاپات بولغان مەشھۇر ئاخبارات مۇخبىرى جېمس رىستون ئېتىراپ قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ كۆپىنچە ۋاقىتتا قىلىدىغان ئىشىمىز ئەمەلىيەتتە يەتكۈزۈپ بەرگۈچى رېلىس رولىنى ئويناشتۇر.» رىستون ۋاشىنگتوندا «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»گە نەچچە ئون يىل مۇخبىرلىق قىلغان. ئەلۋەتتە، مەتبۇئاتنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ كۆزقارىشىنى تەپسىلىي خەۋەر قىلىشى ناھايىتى زۆرۈر. لېكىن، ھەممە خەۋەر شۇ بىر مەزمۇننى تەكرارلىسىچۇ؟ ئاخبارات ھۆكۈمەتنىڭ كانىيى بولۇپ قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇ ئاگاھسىز ھالدا كىشىلەرنىڭ خاتا چۈشىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ئاخىردا ئېرىشكەن ئۇچۇرىنى يالغان گەپ دەپ قارىغىلى بولمىسىمۇ، يالغان گەپتىن پەرقى يوق ھالغا كېلىپ قالىدۇ. مەسىلەن، مەتبۇئات بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە تەدبىر قوللىنىپ ئافغانىستان ئۇرۇشىدا پۇقرالارنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىمدىن ساقلانماقچى بولغانلىقى ھەققىدىكى باياناتىنى تەكرار خەۋەر قىلدى. پەقەت ناھايىتى ئاز ئەھۋاللاردا ھەقىقىي ئەھۋال پۇتونلەي ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن بىز ئېرىشكەن خەۋەرلەرنىڭ باش خەۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇ سەۋەبتىن ئافغانىستان ئۇرۇشى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنىڭ كىشىلەردە قالدۇرغان تەسىرى بىگۇناھ پۇقرالاردىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى بىر نەچچىگە يەتمەيدىكەن، دېگەندىن ئىبارەت بولدى. لېكىن، ھەقىقىي ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس، پۇقرالاردىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدە ئۆلگەنلەردىنمۇ كۆپ.

خۇددى ساقلاپ ئامېرىكىنىڭ ئاخبارات دۇنياسى ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدە بولۇپ قالماپتىكەن. ئاخبارات ساھەسىنىڭ ھۆكۈمەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى بەكمۇ دوستانە، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئاخبارات دۇنيايىمىز ھازىرقى سىياسىي تۈزۈلمە ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي تەسەۋۋۇرى ۋە ھوقۇق ـ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى، بۇ ھوقۇق ئورگانلىرى تۈزگەن ئىقتىسادىي سىياسەت ۋە تاشقى سىياسەتنى

قوللايدۇ. لېكىن، بۇ سىياسەتلەرنىڭ لىبېرالىزمغا تەۋەلىرى ناھايىتى ئاز.

مەيلى ئامېرىكىلىق، مەيلى چەت ئەللىك بولسۇن، نۇرغۇن كىشىنىڭ ئامېرىكىدەك جايدا مەتبۇئاتنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن شۇقەدەر دوستانىلىقى ئەقىلغا سىغمايدىغان ئىش دەپ قارايدىغانلىقىنى بايقىدىم. كىشىلەر ئەركىنلىك ئۇقۇمى ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتتى دەپ قارايدۇ. ئۇلار مۇرەككەپ تۇرمۇشتا كىشىلەرنىڭ ناھايىتى تەبىئىي ھالدا دائىم ئۆزىنىڭ سىياسىي كۆزقاراشلىرى بىلەن مول ئىجتىمائىي ئۇچۇرلارنى ئالماشتۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمايدۇ. ئاخبارات ئەركىنلىكى ئامېرىكىنىڭ «ھوقۇق ئەركىنلىك قانۇنى» نىڭ بىرىنچى تۈزۈلگەن لايىھەسىگە كىرگۈزۈلۈپتىكەن. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇگۈنكى ئامېرىكىدا بۇنداق ئەركىنلىك نەزەرىيىدىلا مەۋجۇت، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىنىشى بولمايدۇ. ئەنگلىيىنىڭ بىر ئاخبارات مۇخبىرى ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «مەن ھەمىشە سىلەر ئامېرىكىلىقلارنىڭ قىلمىشىدىن چۆچۈپ كېتىمەن، ئەنگلىيىدە تۆھمەت قىلىش جىنايىتىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى ئېنىق بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بىز يەنىلا نۇرغۇن تەتقىقات خاراكتېرىدىكى خەۋەرلەرنى باسىمىز. سىلەر ئامېرىكىلىقلاردا دۇنيادىكى ئەركىنلىك ھەققىدىكى غايىلەرنىڭ ھەممىسى بار، لېكىن ئۇلاردىن تولۇق پايدىلانمايسىلەر.»

لىببىرون ئىسىملىك بىر ئامېرىكىلىق ئاخبارات دۇنياسى ھەققىدە: «ئاخبارات دۇنياسىدىكى ئەركىنلىك پەقەت ئۇنىڭغا ئىگە بولغان كىشىلەرگىلا مەنسۇپ» دېگەن ھېكمەتلىك گەپنى قىلغانىدى. بۇگۈنكى ئامېرىكا ئاخبارات دۇنياسى بىر ئوچۇم سودا ماگىناتلىرى ۋە چېكرا ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ قولىدا. بۇ شىركەتلەرنىڭ خوجايىنلىرى ئۇچىغا چىققان چېكىدىن ئاشۇرۋەتكۈچىلەر، ئىش تېرىپلا يۈرۈيدىغان سولچىلار. ئۇلار

ئارىسىدا خاتىرجەملىكىمىز بۇزۇلمىسۇن دەپ قارايدىغان ھۆرىيەتچىلەرمۇ بار. بۇنداق كىشىلەر ئۇلار نورمال دەپ قارىغان چەكتىن ھالقىپ كەتكەن ھەرقانداق كۆزقاراشنى ئوڭايلىقچە قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۇلار كارخانا ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئەربابلىرىغا قارىتىلغان كەسكىن تەنقىد خاراكتېرىدىكى خەۋەرلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئىگىلىك تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىسىز ھەرقانداق خەۋەرنى باسمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ قەيسىرى غەلىتە؟

ليېبىرون «كىشىلەرنىڭ ئۆز كۆزقارىشىنى ئەركىن بايان قىلىشىغا رۇخسەت قىلىش كېرەك. ئاخبارات دۇنياسىنىڭ رولى ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلىنغان ھوقۇقنى تەكشۈرۈپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش» دەپ قارايدۇ. ئۇ 50 يىلدىن بېرى مەتبۇئاتنىڭ ھوقۇقى ئاز ساندىكى ئادەملەرنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قالدى دەپ قاقشايدۇ. چۈنكى، ئۆتمۈشتىكى ئامېرىكىنىڭ ئاساسلىق چوڭ شەھەرلىرىدە ئەڭ بولمىغاندا ئۆزئارا رىقابەت قىلىدىغان گېزىتلەر بار ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھازىر كۆپىنچە شەھەرلەر بىر ـ ئىككى گېزىت تەرىپىدىن مونوپول قىلىنغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. ئامېرىكىدىكى 50 پىرسەنت مەتبۇئاتنىڭ بازىرى 10 نەچچە كارخانىنىڭ تىزگىنلىشىدە ئىكەن. بۇ چوڭ شىركەتلەر ئىچىدە ھەممە بىلىدىغان ئېلېكتر ـ گاز شىركىتى (يىللىق كىرىمى 120 مىليارد 990 مىليون دوللار) ئۈچ ئاخبارات تورى ۋە 13 تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنى، سونى شىركىتى (يىللىق كىرىمى 50 مىليارد 380 مىليون دوللار) كىنو ۋە مۇزىكا ئىشلەش بازىرىنى، ئامېرىكا تېلېگراف ـ تېلېفون شىركىتى (يىللىق كىرىمى 60 مىليارد 660 مىليون دوللار) ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ نۇركابىل تەمىنلەش سودىسىنى، ئامېرىكا سىملىق دەۋر ۋانا شىركىتى (2002 ـ يىلىدىكى يىللىق كىرىمى 6 مىليارد 660 مىليون دوللار) «ئامېرىكا سىملىق ئاخبارات تورى»، «باشتىكى خەۋەر» «دەۋر» قاتارلىق بىرنەچچە مەتبۇئاتنى، دىسنېي شىركىتى

(يىللىق كىرىمى 20 مىليارد 540 مىليون دوللار) ئامېرىكا رادىئو شىركىتى، تېلېۋىزىيە ۋە رادىئو تورى بولۇپ 60 رادىئو ئىستانسىسىنى كونترول قىلغان.

دۆلەت ئاتالغان بۇ شىركەتلەر بىلەن ئەركىن ئاخبارات دۇنياسىنىڭ قانداق باغلىنىشى بار؟ بۇ ئاخبارات ئورگانلىرى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بۇ كارخانىلارنىڭ سودىسى ۋە سودا ئورگانلىرىغا قارشى تۇرمايدۇ، ئۇلار سودا ئورگانلىرىنىڭ ھەقىقىي تۈۋرۈكى. ئۇلار ئارىسىدىكى سونى، بېتاسمان ۋە ئاخبارات شىركەتلىرى چەت ئەللەر پېيىنى تىزگىنلەيدىغان كارخانىلار. ئۇلار چېگرا ئاتالغان شىركەت بولغاچقا ئۇلارنىڭ سودا نىشانى بىر دۆلەت بىلەن چەكلەنمەيدۇ، ئىلاجى بار پايدا ئالغىلى بولىدىغان دۇنيا بازىرىنى كۆپرەك ئىگىلىسەك دەپ قارايدۇ. دۇنيادا ئامېرىكا بازىرى بىلەن تەڭلەشكۈدەك باي بازار يوق. قىسقىسى، ئامېرىكا مەتبۇئات سىستېمىسىنىڭ بىر قىسىم پېيىنى تىزگىنلىگەن بۇ چوڭ شىركەتلەر ئۇرمانلىقتا رىقابەت ئېلان قىلىپ ھۆركۈرەپ تۇرغان بىر يىلغا ئوخشاش، ئامېرىكىنىڭ مەتبۇئات بازىرىغا چىشىنى بىلەپ تۇرۇۋاتىدۇ.

ئاخبارات تەشكىللەش ئۇچۇن كارخانىلار مۇخبىر ياللىماي ئامال يوق. تېلېۋىزىيە ئۇچۇن ئېيتقاندا، مۇخبىرنىڭ رولى ئارتىستىن ئوشۇق. ئەركىن ئاخبارات دۇنياسى بۇنداق مۇخبىر ياللايدىغان تۈزۈلمىنىڭ ماھىيىتىدە مەسىلە بار دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ باشلىقى كېسىپلا: مۇشۇ مۇخبىرلارنىڭ بىتەرەپلىمە قارىشى تۇپەيلىدىن خەۋەرلەر بىتەرەپلىمە بولۇپ كەتتى دەيدۇ. بۇ سۆز قارىماققا لوگىكىغا ئۇيغۇن، لېكىن ئېسىڭىزدە بولسۇن، مۇخبىر مەڭگۈ ئۆزىنىڭ رەھبىرىگە جاۋابكار بولۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ رەھبىرى تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇندىكى رەھبەرگە جاۋابكار بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ھەممەيلەن ياللانما خادىم، ياللانما خادىمنىڭ بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپىسى شىركەتنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ

چوقۇم خوجايىننىڭ دىتىغا مۇۋاپىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، بولمىسا ياللانغۇچىسىنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرايدۇ. كولومبىيە رادىئو شىركىتى تورىنىڭ مۇخبىرى لەيسىل موس مۇنداق دەيدۇ: «ئاپقان پۇلنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى مېنى ھۆكۈم قىلىش پاكىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.» ئۇ 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن پايدىلىنىپ شىركەتنىڭ ئاخبارات خادىملىرىنى قىسقارتىش پىلانىغا سەۋەب تاپتى. لېكىن، شىركەتنىڭ خوجايىنى ھەربىر ئىشقا قەدەر ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ كېتەلىشى ناتايىن، ئۇلاردىمۇ يوچۇق بار. ھەر كۈنلۈك خەۋەرنىڭ سۈرئىتى شۇنداق تېز، ھەربىر ئىش ئۈچۈن خوجايىننىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، مۇخبىرنىڭ تاماق قاچىسى ۋە ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدىغىنى يەنىلا خوجايىندۇر. خوجايىنلار، ئەلۋەتتە، گەپ ئاڭلايدىغان خىزمەتچىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

بۇ ۋەقە ئاخبارات ئەركىنلىكى ھەققىدىكى ئەپسانىنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىدىن بېشارەت بېرىدۇ. مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ئىنكاسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان خەۋەر بالا چۈشۈرۈۋېتىش، قورال ـ ياراغ باشقۇرۇش، ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى ۋە دىنىي مەسىلە. 1998 ـ يىلى ۋاشىنگتوندا مەتبۇئات مۇخبىرلىرىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق راي سىناشتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلارنىڭ بۇنداق مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئىنكاسى باشقا ئامېرىكىلىقلاردىن كۆپ ئەركىن ئىكەن. ئۇلار تاللاش خاراكتېرلىك بالا چۈشۈرۈۋېتىشنى قوللايدىكەن، ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىگە سۈكۈت قىلىدىكەن، قورال ـ ياراغلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى قوللايدىكەن. لېكىن، مۇخبىرلار ئىقتىسادىي مەسىلىدە ئادەتتىكى ئامېرىكىلىقلاردىنمۇ مۇتەئەسسىپ ئىكەن. باج، سودا ۋە ھۆكۈمەت چىقىمى قاتارلىق جەھەتلەردە كارخانىلارغا مايىل مەيداننى قوللايدىكەن. كۆزقاراشتىكى بۇ خىل مايىللىق مۇخبىرلارنىڭ ئۆزى تەۋە كارخانىنىڭ خوجايىنىغا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئەكس

ئەتتۇرۇشى مۇمكىن. كۆپىنچە كارخانىلارنىڭ خوجايىنلىرى مۆتىدىل جۇمھۇرىيەتچىلەر ياكى ئوتتۇرا ئېقىمغا تەۋە دېموكراتلار. ئۇلار ئىقتىسادىي، سىياسىي مەسىلىلەرگە بەكمۇ قىزغىن، نىسبەتەن مۇتەئەسسىپ ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بۇنداق مۇقامغا قارشى خەۋەرلەر بىر قىسىم مۇتەئەسسىپلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئامېرىكىنىڭ ئاخبارات ئەركىنلىكىنى پەقەت چەكلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئەركىنلىك دەپ قارىسا توغرا بولىدۇ.

## ھۆكۈمەتكە تىز پۈككەن ئاخبارات ئەركىنلىكى

ھۆكۈمەت بەزىدە ئاشكارا تەكشۈرۈش تۈزۈملىرىدىن پايدىلىنىپ ئاخبارات مۇخبىرلىرىنىڭ خەۋەرلىرىنى تەرتىپكە سالىدۇ. لېكىن، كۆپ ئۇچرايدىغىنى، مۇخبىرلارنىڭ ئۆزىنى تىزگىنلىشى ۋە ئاڭلىق بويسۇنۇشى. ئۇلار خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقىغا ئادەتتىكىچە بويسۇنۇۋەرسە، نەتىجىدە بۇ خەۋەرلەر كارخانا دۇنياسىنىڭ كۆزقارىشى بىلەن كارخانىنىڭ بىر قىسىم ئاساسىي ئۇچۇرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەركىن شەخسىي كارخانا كاپىتالىست ۋە ئىشچىلار ئۇچۇن بىر تۈرلۈك بەخت دېگەن مەزمۇندىن نېرى كېتەلمەيدۇ. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەڭگۇ دۇنياغا ئىلھام بېرىدىغان بىر خىل كۈچ. يەر شارىلاشتۇرۇشقا قارشى چىققۇچىلار زوراۋان ھۆكۈمەتسىزلەر. شاد ـ خۇراملىق بىلەن توختىماي مال سېتىۋېلىش ئامېرىكىلىقلار ئۈتەشكە تېگىشلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك مەجبۇرىيەت.

مەن ئىگىلىگەن بىرىنچى قول ماتېرىيالغا قارىغاندا، باشقا مەزمۇندىكى خەۋەرلەر قارشى ئېلىنمايدىكەن. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا خوجايىنىم مېنى ئىشتىن بوشىتىمەن دەپ تەھدىت سالغانىدى.

چۈنكى، مەن مەملىكەتلىك رادىئو شىركىتى بىلەن ماك دونالد شىركىتى بىرلىشىپ ئىشلىگەن بىر تېلېۋىزىيە پروگراممىسىنى ھەجۋىي قىلىدىغان بىر پارچە ئەسەرنى ئاڭلاتقان. ئۇلار سېتىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر پىلان لاھىيىلەپ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ئارىسىغا مۇكاپات ئورۇنلاشتۇرغان، ھەر ئاخشاملىق مۇكاپات سوممىسىنى بىر مىليون دوللار قىلىپ بەلگىلىگەنىدى. مەقسىتى ئامېرىكىلىقلارنى تېخىمۇ كۆپ ئەخلەت يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىشقا قىزىقتۇرۇش ئىدى. خوجايىن ماڭا: «بىلىمەن، ئەسىرىڭ ھەقىقەتەن قىزىقارلىق ئىكەن، لېكىن ئۇنىڭدا ئەركىن كارخانىنىڭ ئاساسىي تۈزۈلمىسى تەنقىدلىنىپتۇ. سەن ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ» دېدى. ئەينى چاغدا ئامېرىكىنىڭ بىر ژۇرنىلى مېنى ياللاپ يېڭى سايلانغان جورجى بۇش زۇڭتۇڭ ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغۇزغانىدى. مەن شۇ چاغدا خۇلاسە چىقىرىپ: «يېرىم ئۆمۈر نېفىت سودىسى بىلەن ئۆتكەن بۇ ئادەم مۇھىت بۇلغاشنى كونترول قىلىشنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشى مۇمكىن» دېگەنىدىم. تەھرىرلەر شۇ چاغدا ماڭا ماقالىنى قايتا ئۆزگەرتىپ بەرگىن دەپ نەچچە قېتىم تەلەپ قويدى. ئەڭ ئاخىردا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇ ماقالەڭ بارلىق مۇشتىرىلارنى، بولۇپمۇ بىز ژۇرنالدا ئېلان بەرگەن ھەرىكەتچان، كۆپ ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئاپتوموبىلنىڭ شوپۇرلىرىنىمۇ جەلپ قىلسۇن.» دېمەك، ئۇلارنىڭ مەقسىتى باشقىلارنى ماشىنا سېتىۋېلىشقا، نېفىت ئىستېمال قىلىشقا قىزىقتۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

مەن دەسلەپتە ئېلان قىلىشقا تەييارلىغان، لېكىن ئېلان قىلىنمىغان باشقا ماقالىلەرنى ئىسپات قىلالايمەن. بۇ ماقالىلەر شەكىللىنىپ بولغان ئىجتىمائىي تەرتىپنى كەسكىنلىك بىلەن تەنقىد قىلغاچقا ئېلان قىلىنمىدى. لېكىن، مەن باشتىن كەچۈرگەن ئىشلار بۇ مەسىلىنىڭ بەكمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ

تۇراتتى. مەن «رېگان ھۆكۈمىتى ۋە مەتبۇئاتقا تىز پۈكۈش» دېگەن كىتابىمنى يېزىۋاتقان چېغىمدا مۇخبىرلار ماڭا ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك باشتىن كەچۈرگەن ئاخبارات تەكشۈرۈشكە ئائىت مىساللارنى سۆزلەپ بەردى. ئامېرىكا خەلقىنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى سىياسىتىنى نېمىشقا چۈشەنمەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن «نيۇ يورك يەرلىك ۋاقىت گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى راموند بوننارنىڭ ۋەقەسىنى ئوقۇپ بېقىڭ. 1983 ـ يىلى بوننار مەزكۇر گېزىت تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئامېرىكىدا قىلىۋاتقان مۇخبىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، چۈنكى ئۇنىڭ تېلېگراف خەۋىرى مۇۋاپىق بولمىغان بىر ئىشنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى. خەۋەردە ئاشكارا قىلىنىشىچە، ۋاشىنگتون ئارقا ھويلىسىدا دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى ئەمەس تېررورىزمنى قوللاۋاتاتتى. ئۇنىڭ پارتلاش كۈچىگە باي ماقالىسىدە سالۋادوردىكى ھەربىي تەرەپنىڭ مۇھىم ئەربابى ئاتلاسكاتلىن باتالىيونىنىڭ 1981 ـ يىلى نەچچە يۈزلىگەن ئاياللار ـ باللار ۋە قېرىلاردىن تەركىب تاپقان گۇناھسىز ئاممىنى قىرغىن قىلغان جەريانىنى تەپسىلىي تەسۋىرلىگەنىدى. بۇ كىشىنىڭ قوشۇنى ئامېرىكىلىقلار مەسلىھەتچى بولۇپ مەشىق قىلدۇرۇلغان چەت ئەل قوشۇنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. رېگان زۇڭتۇڭ كومپارتىيە كۈچلىرىنىڭ سالۋادور ھاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشىدىن چۆچۈپ، ئامېرىكا مەسلىھەتچىلىرىنى ئۇ يەرگە ئەۋەتكەنىدى. بوننارنىڭ ماقالىسى 1982 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتى» گە بېسىلدى. دەل شۇ كۈنى رېگان ھۆكۈمىتى دۆلەت مەجلىسىگە يازما ئىسپات بېرىپ ئامېرىكا قوللىغان سالۋادور ھازىرقى ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا ئەھدىنامە ۋە كىشىلىك ھوقۇق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى جاكارلىغانىدى. رېگان ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئاخبارات دۇنياسى «ۋارد ـ ستىرت

گېزىتى» نىڭ ئىجتىمائىي مۇنبەر بېتىدە ئۇڭچىلارچە تىل بىلەن بوننارنىڭ ماقالىسىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى كومپارتىيەپەرەس دەپ تەسۋىرلىگەنىدى. ئۇ ئالتە ئايدىن كېيىن ئىشتىن بوشىتىلدى، ئەمەلىيەتتە ئەڭ ئاخىرىدا بوننارغا قارىتىپ «ئوق» چىقارغىنى ئۇنىڭ خوجايىنى بولدى. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «قارىشىمچە، ھەقىقىي مەسىلە خەۋەرنىڭ نامۇۋاپىق دەپ قارالغان چاغدا ئېلان قىلىنىپ قالغىنى ياكى ئابېرلوستارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى 〈نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى〉نىڭ گېزىت چىقىرىش مۇقامىغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىققانىكەن.» لوستار گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ، ئۇ: «بوننارنىڭ ئىشىدا قىلچە سىياسىي مەقسەت يوق، ئادەتتىكى خىزمەت ئورنىنى ئالماشتۇردى، خالاس» دېدى. لېكىن، بۇ ئىشلارنىڭ مۇشۇنداق ئۇدۇل كېلىپ قېلىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. چۈنكى، بوننارنىڭ خەۋەرلىرى بىلەن ئاقسارايىنىڭ باياناتلىرى زىددىيەتلىك ئىدى، شۇنداقلا بۇ خەۋەر ھۆكۈمەت ۋە باشقا سىياسىي ئىتتىپاقداشلار ھەم «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» نىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، باشتا كومپارتىيەپەرەس دەپ قارالغانىدى. بوننارنىڭ ئورنىنى ناھايىتى تېزلا ئامېرىكا ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئۇرۇش ھەققىدىكى كۆزقارىشىنى يەتكۈزۈشكە رازى بولىدىغان مۇخبىرلار ئىگىلىدى. بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ لوستار دەم ئېلىشقا چىققاندا ئاندىن بوننار مەزكۇر گېزىت تەرىپىدىن ئىشلىتىلدى. ئۇ ھازىرمۇ شۇ ئورۇندا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

ئاخبارات دۇنياسىنىڭ ھۆكۈمەتكە قۇللۇق قىلىشى رېگان دەۋرى بىلەن چەكلەنگەن ئەمەس. ھۆكۈمەت ھەمىشە يوشۇرۇن ھالدا مەتبۇئاتقا بېسىم قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئاخبارات دۇنياسى 1988 ـ يىلى رېگان ئاقسارايدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ رېگاننىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا مۇداپىئە سىستېمىسى چۈشىنى خەۋەر قىلىشتىن توختىمىدى ھەتتا بۇ خەۋەرلەرنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ

تۇزۇتلۇكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مەن نېمىشقا «تۇزۇت» دېگەن گەپنى ئىشلىتىمەن؟ چۈنكى بۇ خەۋەرلەردە ئۇ سىستېمىنىڭ زادى قۇرغىلى بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئادەمنى ئويغا سالىدىغان ئاجىزلىقى ئاساسەن بايان قىلىنمىدى، دېسەك لاپ ئۇرغان بولمايمىز. بۇ سىستېما كۆپ يىللاردىن بېرى تەتقىقات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتاتتى. سۇرئىتى ۋە يۆنىلىشى ئېنىق بولغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى توسۇشتەك ئادەتتىكى تۆۋەن دەرىجىلىك سىناق ئېلىپ بېرىلغانىدى. ئامېرىكا مېلان ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەيدىغان فىزىكا ئالىمى، ئامېرىكا فىزىكلار جەمئىيىتىنىڭ باياناتچىسى روبېرت پۇكىنىڭ كۆرسىتىشىچە، رېئال دۇنيادا باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىر خىل قاچقاق جىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئازدۇرۇش ئۇسكۇنىسى بار باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى سوقۇپ چۈشۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

لېكىن، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىكى ئوڭچىلار ئىچىدە بۇ سىستېمىغا بولغان ئىشەنچ ئاللىقاچان بىر خىل مۇستەھكەم ئېتىقادقا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. بەش بۇرجەكلىك بىنا بىلەن تۈزگەن توختامدىن ئادەمنى چۆچۈتكىدەك غايەت زور پايدىغا ئېرىشكەن لەتۇن شىركىتى ۋە باشقا ئوڭچىلارنى قوللايدىغان شىركەتلەر ھەققىدە گەپ قىلىشنىڭ ئورنى يوق. بۇ پىلاننىڭ غايەت زور سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈرتكىلىك كۈچى بار ئىدى. بۈگۈنگە قەدەر ئامېرىكىلىق باج تۆلىگۈچىلەر بۇ سىستېما ئۈچۈن 100 مىليارد دوللار سەرپ قىلدى. 2025 ـ يىلىغا قەدەر يەنە 238 مىليارد دوللار سەرپ قىلىنماقچى. 1996 ـ يىلى دېموكراتلار پارتىيىسىدىن بولغان كلىنتون ھۆكۈمىتى بۇ سىستېمىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن 13.5 مىليارد دوللار خەجلىدى. لېكىن، 1999 ـ يىلىغىچە بۇ سىستېمىنى يولغا قويۇش قارار قىلىندى. ئامېرىكا مەتبۇئاتى بۇ ھەقتە خەۋەر بەرگەندە باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىنىڭ بىر ئېنىقلىق

ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدى، ھەربىر خەۋەر بۇنداق سىستېمىنى قۇرۇش مۇمكىن دېگەندىن بېشارەت بېرىپ تۇردى. مەتبۇئات دىققىتىنى كلىنتون بىلەن پارلامېنت ئەزاسى دولنىڭ ئىستراتېگىيىلىك جېڭى بىلەن كۆزلۈك سايلامدا بولىدىغان رىقابەت قاتارلىق ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈۋالدى. مەتبۇئاتنىڭ بۇ سىستېما ھەققىدىكى خەۋەرلىرىنىڭ مەزمۇنى، كىم بۇ سىستېمىنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە قۇرۇپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىدۇ؟ كىمنىڭ بۇ سىستېما ھەققىدىكى پوزىتسىيىسى ئەڭ قاتتىق؟ تەۋرىنىپ تۇرغان بېلەت تاشلىغۇچىلار قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك؟ دېگەندىن ھالقىمىدى.

ئامېرىكىنىڭ ئاخبارات ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلە ئۇلارنىڭ قايسى پارتىيىنى ھىمايە قىلىشى ئەمەس قانداق رول ئېلىش مەسىلىسى. ۋاشىنگتوندىكى ئاخبارات دۇنياسى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت بىلەن سىياسىي ئوتتۇرىسىدىكى بىتەرەپلىكنى ساقلىدۇق دەپ چۇقان سالىدۇ. خەۋەر مەنبەسى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، تەسىرى بار پارلامېنت ئەزالىرى، «ئىدىيە ئامبىرى» نىڭ مۇتەخەسسىسلىرى قاتارلىق ۋاشىنگتوندىكى ھوقۇق چەمبىرىكى بىلەن چەكلىنىپ قالىدۇ. دېمەك، بۇ، مۇنازىرە دېموكراتلار پارتىيىسى ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدا چەكلىنىدۇ، دېگەنلىكتۇر. مەيلى قانداق كۆزقاراش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — مىسالى، باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسى تېخنىكا نۇقتىسىدىن بىر خىل ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىك — ۋاشىنگتوندىكى ئۇلۇغلارنىڭ مۇنازىرىسىدە تىلغا ئېلىنمىسا جەمئىيەتنىڭ ئازراقمۇ دىققىتىنى قوزغىيالمايدۇ.

قىسقىسى، ۋاشىنگتوننىڭ ئاخبارات دۇنياسى ھازىر بىر ئوردا ئەدىبىنىڭ رولىنى ئېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئوردىدىكى سىياسىي ھىيلە ـ مىكىر: زۇڭتۇڭ قانداق تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويىدى؟ دۆلەت مەجلىسى قانداق ئىنكاس قايتۇردى؟ بۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كۈرەشتە

غەلىبە كىمگە مەنسۇپ بولىدۇ؟ ھوقۇقنىڭ تەڭپۇڭلۇقى زادى نەدە؟ دېگەندەك مەسىلىلەرنى تەسۋىرلەشكە شۇنچىلىك ماھىر. بۇ ئۇچۇرلارنى مۇھىم ئەمەس دېيەلمەيمىز. لېكىن، خەلقنىڭ كۇتۇۋاتقىنى ھەرگىزمۇ بۇنداق خەۋەرلەر ئەمەس. قارىماققا مۇخبىرلارنىڭ سىياسىي ھەققىدە قىلچە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى يوقتەك بىلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئاخبارات دۇنياسى ئەزەلدىن نوپۇزلۇقلارنىڭ ئۆزى خەۋەر قىلىۋاتقان مەزمۇنغا بولغان تەسىرىدىن قۇتۇلۇشنى خالىمىغاچقا، ئۆز مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ قويدى. دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئۈمىد قىلغاندەك، ھۆكۈمرانلارنى نازارەت قىلىش ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق مۇناسىۋىتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى.

بىر تۈرلۈك مۇقەررەر ئاقىۋەت شۇكى، ئاخبارات دۇنياسى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆكتىچى پارتىيىگە ئوخشاش مەلۇم زوڭتوڭنىڭ ھوقۇقىغا قارشى چىقىدۇ. گەرچە مۇخبىرلار شەرەپ مەيدانىدا تۇرۇشى كېرەك دېيىلسىمۇ، ئۇلار ئۆكتىچى پارتىيىنىڭ سولغا مايىل قاراشلىرىدىن پايدىلىنىپ، خەۋەرنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ. ئاۋادا قارشىلىق ساداسى كۈچلۈك بولسا، زوڭتوڭ بىلەن قارشىلىشىدىغان خەۋەرلەر ماس ھالدا كۆپىيىدۇ. زوڭتوڭ ئوبرازىنى يارىتىش بىلەن مەتبۇئاتنىڭ باشقا ئامىللىرىنىڭمۇ مۇناسىۋىتى بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر بۇ تەڭپۇڭلۇق تەجرىبە قانۇنىغا تايىنىپ رېگان زوڭتوڭ ھەققىدىكى پايدىلىق خەۋەرلەرنىڭ نېمىشقا شۇقەدەر كۆپ بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. چۈنكى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى رېگاننى زادى تەنقىد قىلىشنى خالىمايتتى. لېكىن، كلىنتوننىڭ ئەھۋالى تامامەن باشقىچە بولدى. ئۇ تەختكە چىققان كۈندىن باشلاپ شىددەتلىك تەنقىدكە ئۇچرىدى. ئاساسلىقى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئوڭچىلىرى ئۇنىڭ بىلەن جان تىكىپ قارشىلاشتى.

ئۇنداقتا جورجى بۇشنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟ ئۇ ۋەزىپىگە

ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرى كىشىلەر ئۇنى چوقۇم ئاخبارات دۇنياسىغا زومىگەرلىك بىلەن قارشى تۇرىدۇ، دەپ پەرەز قىلغانىدى. چۈنكى، فلورودادىكى بىلەت تاشلاش نەتىجىسىدىن نۇرغۇن دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى رازى بولمىغانىدى. لېكىن، بۇش ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن دېموكراتلار پارتىيىسىگە ئاداۋەت ساقلىماي، ئىككى پارتىيە ھەمكارلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ نۇرغۇن ئەزاسى بۇشنىڭ كارخانىلار ۋە بايلارنىڭ بېسىمىنى ئازايتىش پىلانىنى قوللاپ ئاۋاز بەردى، شۇڭا ئۇنى مەتبۇئاتنىڭ تەنقىدلىشىگە ئۇچرىمىدى دەپ قارىسىمۇ بولىدۇ. قىسقىسى، بۇش زۇڭتۇڭ ھەققىدىكى خەۋەرلەر 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇرۇنلا، ناھايىتى ياخشى بولۇپ قالماي ۋەقەدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ خەلق ئىچىدىكى قوللاش نىسبىتى تۇز سىزىق بويىچە ئۆرلىدى، دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن مۇخبىرلارنىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ كەتتى. رېئاللىق شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ بازا تەشكىلاتىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇش پىلانلاۋاتقانلىقى ھەققىدىكى بايانلىرى ۋە شۇ ئارقىلىق خەلقنى قايمۇقتۇرۇشى 2002 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ مەتبۇئاتنىڭ كۈچلۈك تەنقىدلىشىگە ئۇچرىدى. سىياسىي سەرخىللار ۋە دۆلەت مەجلىسىدىكى پېشقەدەم جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تۇيۇقسىز بىلىشنى خالاپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن شۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقتى.

## مەنىسىز كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان ئاخبارات ئەركىنلىكى

20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇلۇغلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى خەۋەرلەر مەتبۇئاتنى قاپلاپ

كەتتى. سىياسىي، ئىقتىسادىي ساھەدىكى مەشھۇر ئەربابلارنىڭ ئوبرازى ھەققىدە تەنقىدىي بىر نەرسىلەرنى دېيىش بىر ئامېرىكا مۇخبىرى ئۈچۈن ناھايىتى كەم كۆرۈلىدىغان رادىكال قىلمىش ئىدى، بۈگۈنمۇ ئاقىل مۇخبىرلار ھەرگىز بۇنداق رادىكال قىلمىشلاردا بولۇشنى خالىمايدۇ.

1995 ـ يىلى مەن چەت ئەلدە بەش يىل يۈرگەندىن كېيىن ئامېرىكىغا قايتىپ كېلىپ، ئامېرىكا ئاخبارات ساھەسىنىڭ ھازىر ھېچقانداق ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بايقاپ ھەيران قالدىم. ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا نيۇ يورك كېنېدى ئايرودرومىنىڭ كۈتۈش زالىدىكى ژۇرناللارنى ۋاراقلاپ ھەربىر خەۋەرنىڭ مەلۇم مەشھۇر ئادەمنىڭ ھېكايىلىرى، بولۇپمۇ جىنسىيەت ئارىلاشقان ھېكايىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ مەشھۇر شەخسلەرنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىدىكى مەخپىيەتلىكلەرنى ئاشكارىلاش ئارقىلىق كىتابخانلارنى جەلپ قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. تېلېۋىزىيىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ناچار ئىدى ھەتتا «كېچىلىك خەۋەر» دېيىلىدىغان، بىر مەزگىل ناھايىتى مودا بولغان پروگراممىنىڭ يېرىمى دېگۇدەك سىمپسوننى سوتلاشقا ئالاقىدار مەزمۇن بىلەن تولغان، گېزىتلەر تېتىقسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق يۈزلىنىش تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. 2001 ـ يىلى 30 مىنۇتلۇق كەچلىك خەۋەرلەر پروگراممىسىدا بېرىلگەن خەلقئارا خەۋەرنىڭ ۋاقتى ئوتتۇرا ھالدا ئىككى مىنۇتقا يەتمىدى. ئېسىڭىزدە بولسۇن، بۈگۈنگە قەدەر ئامېرىكىدا تېلېۋىزىيە ئەڭ مۇھىم ئۇچۇر مەنبەسى. ئەمدى سىز نېمىشقا بىز ئامېرىكىلىقلارنىڭ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋەرسىز قېلىۋاتقانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىشكە باشلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 25 يىلىدا ئامېرىكا مەتبۇئاتى چۈشكۈنلىشىپ يۇلدىن باشقىنى خىيال قىلمايدىغان گىگانت ئادەمگە ئوخشاپ

قالدى. ئۇ تارقاتقان ساختا خەۋەرلەر جامائەتنىڭ بېشىنى قايدۇرۇۋەتتى، ئۆزىنىڭ كىملىكىگە ئېتىبارسىز قارايدىغان قىلىپ قويدى. ئاخبارات ساھەسىدىكى مونوپوللۇق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەت شۇ بولدىكى، تېخىمۇ پايدا يارىتىش ہەسسى كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ، ئاخبارات خەۋەرلىرىنىڭ سۈپىتى ئادەمنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالدى. 2002 ـ يىلى «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» نىڭ ئىككى نوپۇزلۇق مۇخبىرى لېئونارد دوۋنىي بىلەن روبېرت كىزېر بىرلىشىپ «خەۋەر ھەققىدىكى خەۋەر» ناملىق كىتابنى ئېلان قىلدى. ئۇلار كىتابتا «زور كۆپچىلىك ئامېرىكا كارخانىلىرى 10 پىرسەنتلىك پايدا نىسبىتىدىن بەكمۇ رازى، لېكىن گېزىت ـ ژۇرنال سودىگەرلىرى كەسىپى مونوپوللۇق ئارقىلىق ئېرىشكەن 15 — 20 پىرسەنتكىچە بولغان يۇقىرى پايدا نىسبىتىنى كارخانىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىدىكى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيە دەپ قارايدۇ» دەپ يازدى. بۇنداق پەقەت پايدا قوغلىشىپ كەسپى ئەخلاق بىلەن ھېسابلاشمايدىغان قىلمىش تېلېۋىزىيەچىلىكتىمۇ ناھايىتى مودا. ساختا خەۋەرلەر ناھايىتى ئوڭاي ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدۇ، تېخىمۇ كۆپ تاماشىبىننى جەلپ قىلالايدۇ، ساختا خەۋەرلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن چەت ئەلگە چىقىشنىڭ، چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ھەتتا ئۇنىڭ تەننەرخىمۇ تۆۋەن، سىياسىي ساھەمۇ بۇ خەۋەرلەرگە ئىنكاس قايتۇرۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، بۈگۈنكى مۇخبىرلار لايىھىلەشكە قاتناشقان كارخانىلارمۇ مۇشۇنداق شەكىلدىكى مەھسۇلاتلارنى ياقتۇرىدۇ.

بۈگۈن ئامېرىكا بىلەن باشقا ئىلغار كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ مەتبۇئاتىنى سېلىشتۇرساق چوڭقۇر ئويغا چۆكىمىز. ئەنگلىيە، فرانسىيە، شۋېتسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە قاتارلىق مەملىكەتلەرنىڭ مەتبۇئاتىدىمۇ ئادەمنى شۈركەندۈرىدىغان ساختىلىقلار يوق ئەمەس. لېكىن، ئۇلاردىكى مەتبۇئات سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغىنى

يەنىلا بىرقەدەر ئىشەنچلىك خەۋەر مەنبەلىرى. ئۇلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى ئادەمنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ. گېرمانىيىدە «ئەينەك» ۋە «قىزىق نۇقتا» ناملىق ئىككى پارچە يېتەكچى ئورۇندىكى خەۋەر ھەپتىلىك ژۇرنىلى بار. بۇ ئىككى ژۇرنالدىكى ئۇچۇر مىقدارى ئامېرىكىدىكى خاراكتېرى ئوخشاش ژۇرناللارنىڭ ئۇچۇر مىقدارىدىن بىر ھەسسىدەك كۆپ. ئۇلارنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ژۇرنالنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق پايدا يارىتىش. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار ھەم پايدا ئالالايدۇ، ھەم ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتەلەيدۇ. ياۋروپا ۋە ياپونىيىدىكى كەچلىك خەۋەرلەر نۇرغۇن تاماشىبىنىنى جەلپ قىلىدۇ. ئۇلاردىكى مۇخبىرلار ئامېرىكىدىكى كەسپداشلىرىدەك چۈشكۈنلىشىپ كەتمىگەن. ئامېرىكا مەتبۇئاتىدا قىممەتسىز خەۋەرلەر سامانىدەك. ياۋروپا ۋە ياپونىيىدە بىر قىسىم خەۋەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا قويۇلغان تەلەپ بەكمۇ يۇقىرى. ئۇلاردىكى مەتبۇئات كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى دۆلەتتە بولغاچقا، پايدا نىسبىتى ئۇچۇن باش قاتۇرمىسىمۇ، 1/3 كۆرسىتىش ۋاقتىنى قۇربان قىلىپ ئېلان بەرمىسىمۇ بولىدۇ. 2001 ـ يىلى ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقىنىغا بىر يىل بولغان ياپونىيىلىك ئوقۇغۇچى رېداۋ شىياۋلىن ماڭا، ئامېرىكا تېلېۋىزىيە كەسپىنىڭ سودا تەلىپى بىلەن ئۇچۇر سۈپىتىنىڭ ناچارلىقىغا ھەيران قالدىم، دېگەنىدى. ئۇ مۇنداق يازغان: «ھەتتا ئامېرىكىنىڭ ئاممىۋى رادىئو شىركىتىنىڭ ئېكسون شىركىتىنىڭ ئېلانلىرىنى تارقاتقانلىقىدىن بەكمۇ ھەيران قالدىم.»

ئامېرىكا مەتبۇئاتى بۇرۇن نىسبەتەن ياخشى ئىدى، كەسپىي ئەخلاقنى خېلى ئوبدان دېيىشكە بولاتتى. لېكىن، 1980 ـ يىلى رېگان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئەھۋالدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. رېگان ئەركىن كارخانا بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ دۆلەتنىڭ ئېلان كەسپىگە بولغان باشقۇرۇشنى بوشىتىۋەتتى. ھۆكۈمەت

ئىلگىرى، دۆلەتنىڭ رادىئو تېلېۋىزىيىسى ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلىشى كېرەك، چۈنكى ئۇلار ئومۇمنىڭ مۈلكى، دەپ بەلگىلىمە چىقارغانىدى. ئەمما، بۇ بەلگىلىمىنىڭ كۈچى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىلدى ياكى دائىرىسى تارايتىۋېتىلدى. رېگاننىڭ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادقا بولغان ئارىلىشىش دائىرىسىنى تارايتىۋېتىش سىياستى ئەمەلىيەتتە رادىئو، تېلېۋىزىيە رۇخسەتنامىسىنى ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. شۇڭا، شىركەتلەر ئىلگىرىكىدەك رۇخسەتنامە ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئامالسىز ساپ خەۋەرلەرنى بېرىدىغان، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە پايدىلىق پروگراممىلارنى ئىشلەيدىغان ئەھۋالدىن قۇتۇلدى. رېگان ئېگىدارچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھوقۇق چەكلىمىسىنى كېڭەيتتى، بۇ كارخانىلارغا ئەڭ پايدىلىق بولدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇنىدا ئاتالمىش 7 ـ 7 ـ 7 چەكلىمە پرىنسىپى ئېنىق بەلگىلەنگەنىدى. بۇ، ھەربىر شىركەت ئامېرىكىدا پەقەت 7 تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، 7 رادىئو ئىستانسىسى ۋە 7 دولقۇنلۇق ئىستانسىغا ئىگە بولسا بولىدۇ، دېگەنلىك ئىدى. دېموكراتىك سىياسىيدا مۇشۇنداق ئىدىيىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مەقسىتى ھەرقانداق بىر ئورگاننىڭ ئاخبارات سىستېمىسىدا بەك چوڭ نىسبەتنى ئىگىلەپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن، رېگان زۇڭتۇڭ ھەممىنى بازار بەلگىلىسۇن دەپ قارىدى. ئۇ ئەسلىدە ھەممە چەكلىمىنى بىكار قىلىپ تاشلىماقچى بولغانىدى، لېكىن نەتىجىدە 7 ـ 7 ـ 7 بەلگىلىمىنى 12 ـ 12 ـ 12 گە قەدەر كېڭەيتىشكە ئاران ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ، يېڭى كۆپەيگەن 15 تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ياكى رادىئو ئىستانسىسى رادىئو تېلېۋىزىيە كەسپىگە بېرىلگەن قىممەتلىك سوۋغا بولۇپ قالدى. بۇ، كەلگۈسىدىكى بىرنەچچە يىلدا بۇ كارخانىلار نەچچە مىليارد نورمىسىز كىرىمگە ئىگە بولىدۇ، دېگەنلىك ئىدى.

ئەينى چاغدا بەزى تەنقىدچىلەر رېگان يولغا قويغان دۆلەتنىڭ

ئاخبارات كارخانىلىرىغا بولغان ئارىلىشىش سىياسىتىنى بوشاشتۇرۇش مەتبۇئات خوجايىنلىرىنى بىيىتىپ دۆلەتنى كەمبەغەللەشتۇرۇۋېتىدۇ دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى. ھەقىقەتەن شۇنداق بولدى. ئەڭ ئېنىق ئاقىۋەت شۇ بولدىكى، ھازىر تېلېۋىزىيىدە ھېچقانداق ئېنىق ئەھمىيىتى يوق بىلجىرلاشمۇ خەۋەر قىلىنىدىغان بولدى. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن مەتبۇئات نەچچە ئاي سەگەكلەشتى، لېكىن 2002 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن كېيىن ئۇلارنىڭ كونا كېسىلى قايتا قوزغالدى. ھوللىۋودنىڭ روبىرىت كلوك ئىسىملىك ياشانغان كىنو چولپىنى ياش خوتۇنىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە چېتىلىپ قالدى دەپ ئەيىبلەنگەندە، ئامېرىكا سىملىق تېلېۋىزىيە ئاخبارات تورىنىڭ مۇخبىرلىرى تۇشمۇتۇشتىن بۇ ۋەقەنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. بۇ ۋەقە يەنە بىر سىمپسون دېلوسى بولۇپ قالدى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، مۇشۇنداق «پارتلاش خاراكتېرىدىكى خەۋەرلەر» نى خەۋەر قىلىشقا رازى ئىدى.

«پارتلاش خاراكتېرىدىكى خەۋەرلەر» نىڭ بۇنداق ھاقارەتلىك تەسىرى ئادەمنى ئەنسىزلىككە سېلىپلا قالماي، ئامېرىكىلىقلارنىڭ VT ئېكرانىدىن ئۆزىگە لازىملىق خەۋەرلەرنى كۆرەلمەسلىكى، مەتبۇئات كارخانىلىرىنىڭ ئۆز ئەھۋالى ھەققىدىكى سەممىي خەۋەرلىرىنى ئاڭلىيالماسلىقى ئادەمنى تېخىمۇ بىئارام قىلىدۇ. مەسىلەن، ھەممىباب ئېلېكتر ـ گاز شىركىتى دۆلەتلىك رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خوجايىنى بولۇپلا قالماي، بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ ئاساسلىق ھۆددىگەرى. بۇ شىركەتنىڭ يىللىق كىرىمى پۈتۈن ئامېرىكا خەلق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى خېجىللىققا سالىدۇ. لېكىن، دۆلەتلىك رادىئو شىركىتى ھەممىباب ئېلېكتر ـ گاز شىركىتىنىڭ پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا بولغان تەسىرى ھەققىدە تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىنى يوق. بۇ شىركەتنىڭ بىر مۇخبىرى ھەممىباب ئېلېكتر ـ گاز

شىركىتىنىڭ يادرو ئېنېرگىيە كەسپى ھەققىدە يەڭگىللىك بىلەن خەۋەر بەرمەكچى بولغاندا شىركەت ئۇنىڭ قايتا شۇ يەردە مۇخبىرلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. ئوخشاشلا ئامېرىكا رادىئو شىركىتىدە يۇقىرى قاتلامدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر مۇخبىر «دىسنېي دۇنياسى» نىڭ گۆدەكلەر بىلەن مۇھەببەتلىشىش خۇمارى بار كىشىلەرنى ياللاپ ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدىكى ئەھۋالنى ئاشكارىلايدىغان دوكلاتنى تەييارلىغاندا بۇ دوكلات پېچەتلەپ تاشلاندى، ئۇ مۇخبىر رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ساھەسىدە قايتا كۆرۈنمىدى. چۈنكى، «دىسنېي دۇنياسى» ئامېرىكا رادىئو شىركىتىنىڭ ئانا شىركىتى بولۇپ، سورد دىسنېي تەسىس قىلغان كۆڭۈل ئېچىش باغچىسى ئىدى. «60 مىنۇت» تاماكا شىركىتىنىڭ بىر تۈرلۈك ھەق ـ تەلەپ دېلوسىدا ئەڭ ئاخىرى گۇناھى بار دەپ بېكىتىلگەنلىكى ھەققىدىكى ئىش ئىدى. بۇ دېلونىڭ كولومبىيە رادىئو شىركىتى بىلەن غەربىي ئۆي شىركىتىنىڭ بىرلىشىپ كېتىشىگە خەۋپ يەتكۈزۈش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. بۇ ئاخبارات سەتچىلىكى 1999 ـ يىلى ئاران «ئەھۋالنى بىلگۈچى» دېگەن نامدا كىنو قىلىپ ئىشلەندى.

سىياسەت ۋە پەلسەپە دۇنياسىدا، كىم ساقچىلارنى كونترول قىلالايدۇ؟ دېيىلىدىغان، قەدىمدىن بېرى جاۋابى تېپىلمىغان بىر تېپىشماق بار ئىدى. 1996 ـ يىلى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە كەسپى ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۈرلۈك قانۇن تۈزۈشىگە ياردەملەشتى. بۇ قانۇن رادىئو ـ تېلېۋىزىيە كەسپىنىڭ بايلىقىنى كۆپەيتىشكە پايدىلىق ئىدى. ئەسلىدىكى 12 ـ 12 ـ 12 نىسبەتتە چەكلەش قانۇنى بىكار قىلىندى. 1996 ـ يىلىدىكى ئاخبارات قانۇن لايىھىسى ئۈچ 12 نىسبىتىنى چەكسىز كېڭەيتىش تەكلىپىنى بەردى. نەتىجىدە، مۇنداق بەلگىلەندى: ھەر ئۈچ ئائىلىنىڭ بىرىنىڭ ئىختىيارىي ھالدا ھەرقانداق ئامېرىكا رادىئو شىركىتىنىڭ تاماشىبىنى ياكى ئاڭلىغۇچىسى بولۇش ھوقۇقى بار. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ قانۇن

لايىھىسى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە كەسپى قىممىتى 7 مىليارد دوللار كېلىدىغان سىپىرلىق دولقۇن بوشلۇقى بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى. بۇ ھەقسىز سوغا بەكمۇ قىممەتلىك ئىدى ھەتتا سودىنى قوللاپ نام چىقارغان پائۇل دورمۇ بۇنداق قىلالمىغانىدى. ئۇ «نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتى» دە ماقالە ئېلان قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ كارخانىلارغا پاراۋانلىق يەتكۈزۈش قىلمىشى، دەپ ئەيىبلىدى. لېكىن، ئامېرىكا پۇقرالىرى ئەزەلدىن ئاممىۋى مەنپەئەتكە ئاسىيلىق قىلمىشى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

بۇش ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىشىنى تارايتىدىغان سىياسەت يەنە بىر مەزگىل ئەۋج ئالدى. فېدېراتسىيە ئاخبارات ھەيئىتىنىڭ يېڭى تەيىنلەنگەن مۇدىرى مىل پوۋىل ئاممىۋى تېلېۋىزىيە ۋە رادىئونىڭ كارخانىلارنىڭ تىزگىنلىشىگە چۈشۈپ قالماسلىقىنى قوغداش تەشەببۇسىغا ھاكاۋۇرلۇق بىلەن قارشى چىقتى. ئۇ ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى دېگەن ئۇقۇمغا قانداق تەبىر بېرىش كېرەك؟ دېگەن سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى: «مەن قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن شۇ كەچتىن باشلاپ ئاممىۋى مەنپەئەت ئىسىملىك پەرىشتەنىڭ زىيارەت قىلىشىنى بىر كېچە كۈتتۈم، لېكىن ئۇ كەلمىدى.» پوۋىل رادىئو ـ تېلېۋىزىيىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا قويۇلغان چەكلىمىنى پۈتۈنلەي بۇزۇۋېتىشنى تاشلاش كېرەك. ھەرقانداق بىر شىركەت، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى سىملىق تېلېۋىزىيە تورىنى مۇمكىن بولغۇدەك دەرىجىدە كۆپرەك سېتىۋالسا بولىدۇ، دەپ تەلەپ قىلدى. 2002 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى بىر سوت مەھكىمىسى ئامېرىكا ئاخبارات ھەيئەتلەر يىغىنىدىن بۇ چەكلىمە شەرتى ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ يەنە سىملىق تېلېۋىزىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئىگە بولىدىغان تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ سانىغا قويۇلىدىغان چەكلىمىنى بىكار قىلدى، ناۋادا ئالىي سوت بۇ لايىھەنى ئاغدۇرۇپ تاشلىمىسا بۇ لايىھەنىڭ ئىشكى ۋوگىت دېسنېي

شىركىتى، سىملىك دەۋردىكى ۋانا شىركىتى قاتارلىق مەتبۇئات كاتتىلىرىغا كەڭ ئېچىلىپ، ئۇلارنىڭ سانى چەكلىك ئامېرىكا مەتبۇئاتىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش بايلىق مەنبەسىنى يۇتۇپ كېتىشكە يول ئېچىلاتتى.

ئۆتكەنكى 20 يىلدا ئامېرىكا مەتبۇئاتىنىڭ ئاڭ شەكلى ئۇچىللىققا مايىل بولۇپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى، كارخانىلار ھەربىر ئامما بىلەن ئۇچرىشىدىغان ئاخبارات ئورگانلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. قارىماققا شەكىل جەھەتتە سودا تۇسىنى ئالمىدى دەپ قارىلىدىغان دۆلەت ئىچى ئاممىۋى سىمسىز رادىئو ئىستانسىسى ۋە ئاممىۋى رادىئو شىركىتىمۇ بۇ ئەھۋالدىن مۇستەسنا ئەمەس. 80 ـ يىللاردىن باشلاپ رېگان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر، شۇنداقلا 1995 ـ يىلىدىكى كىنلىيچ ئىنقىلابى باسقۇچىغا قەدەر پارلامېنت ئەزالىرى بۇ كارخانىلارنى نۆل خام چوت يۇرگۈزۈشكە مەجبۇرلىدى. ئوڭقانات سىياسىيونلار بۇ ئىككى شىركەتكە بېرىلىدىغان ياردەمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىكار قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى شىركەت بارغانسېرى سودا خاراكتېرىنى ئالدى. ئەمدى ئۇلار ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مەبلىغىگە تايانماي ئامال قالمىغاچقا، ئۆزىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغان كارخانىلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. كارخانىچىلار ئۇلارنى قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆزلىرىنى شادلاندۇرىدىغان ئاخبارات پروگراممىلىرىنى ئىشلەشكە مەجبۇر قىلدى. بۇنداق پروگراممىلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى ناھايىتى يۇقىرى، لېكىن تەنقىد خاراكتېرى يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئامېرىكا ھوقۇق مەركىزىنى، بولۇپمۇ ئامېرىكا ئىقتىسادى بىلەن ھۆكۈمىتىنى كونترول قىلىپ تۇرغان كارخانا ماگناتلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان مەزمۇنلار بىلەن تولدى. 2002 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاممىۋى رادىئو شىركىتى «يېڭى ئىقتىسادىي دەۋر» دەپ ئاتىلىدىغان كارخانىلارنىڭ يەر شارىلىشىشىنى مەدھىيىلەيدىغان

ھۆججەتلىك فىلىمنى قويدى. بۇ فىلىمگە ئاشۇ ئاتالمىش «شەخسىيەتسىز» كارخانىلاردىن ئەنگلىيە نېفىت شىركىتى، فرانسىيە تېز توشۇش شىركىتى، ئەندون نېفىت ۋە تەبىئىي گاز شىركىتى ياردەم قىلغانىدى. كېيىنكى شىركەت 2001 ـ يىلى 10 ـ ئايدا چىرىكلىك تۆپەيلىدىن ۋەيران بولدى. شۇنىڭ بىلەن، فىلىمدىكى بۇ شىركەتنى مەدھىيىلەيدىغان مەزمۇنلار چىقىرىپ تاشلاندى. ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە ئاسىيلىق قىلىشقا قارشى تۇرىدىغان مەتبۇئات ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق شەخسنى ئېلۋىس كوستېللو بىر ناخشىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «مەن ماڭا سەھنە سۆزى يېزىپ بېرىدىغان قۇللارنى چىشلىۋالىمەن، ئۇ قۇللارنى رەھىمسىزلىك بىلەن چىشلەيمەن.» لېكىن، دۇنيادا كۆپىنچە ئادەم بۇنداق قىلىشنى خالىمايدۇ.

## يالغان سۆز ئىلھام بېرىۋاتقان ئاخبارات ئەركىنلىكى

بۈگۈن ئامېرىكىلىقلار مەتبۇئاتنىڭ ھەرقانداق ھالىتىگە يۈزلەنسە ھامان ناچار نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. ئەڭ نوچى ئەھۋالدا مەتبۇئات شاتۇتىغا ئوخشاش ھۆكۈمرانلارنىڭ گېپىنى تەكرارلايدۇ. ناچار ئەھۋاللاردا مەتبۇئات ئاممىنى ئاساسىي كۆزقارىشىدىن باشقا ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ساختا خەۋەرلەرگە كالۋالارچە ئىشىنىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. ناۋادا دىگەنلىرىمگە ئىشەنمىسىڭىز تۆۋەندىكى ئىشنى ئاڭلاپ بېقىڭ: 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بېرىشتىن نەچچە كۈن ئىلگىرى مەتبۇئات لادىننىڭ ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى خەۋەر قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغان، بۇ راست. ئامېرىكا مەتبۇئاتىنىڭ سەككىز ھەپتە بۇرۇن لادىننىڭ ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى ھەققىدە خەۋەر بېرىپ ئامېرىكىلىقلارنى ئاگاھلاندۇرۇش پۇرسىتى بار ئىدى، لېكىن ئۇلار

خەۋەر قىلماسلىقنى قارار قىلغان.

بىر يىلدىن كېيىن، 2002 ـ يىلى مەتبۇئاتنىڭ تىغ ئۇچى بۇش ھۆكۈمەتكە قارىتىلدى، ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان تېررورلۇق ھۇجۇمىدىن ئاگاھلاندۇرمىدى دەپ ئەيىبلەندى. شۇ چاغدا مەتبۇئات بەكمۇ بىئارام بولدى، چۈنكى ئۆزلىرىمۇ ئوخشاش خاتالىق سادىر قىلغانىدى. ئەمەلىيەتتە 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى رۇتىر ئاگېنتلىقى تەرىپىدىن «سەرگەردان بولۇپ يۈرۈۋاتقان سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ئوخشاشمىغان سىياسىي كۆزقاراشتىكى بىن لادىن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىر قېتىملىق دەھشەتلىك تېررورلۇق ھۇجۇمى پىلانلاپ ئامېرىكا ياكى ئىسرائىلىيىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى نىشانلىدى» دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە خەۋەر تارقىتىلدى. بۇ خەۋەر رۇتىر ئاگېنتلىقىنىڭ تارقاتقان خەۋىرى بولغانىكەن، ئامېرىكىدىكى ئاساسلىق ئاخبارات تارماقلىرىنىڭ بۇ ئالاھىدە خەۋەردىن خەۋەردار بولۇشىدا گۇمان يوق. 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگە كەلگەندە، ئامېرىكا يۇنايتېد پرېس ئاگېنتلىقى شۇ مەزمۇندا خەۋەر تارقىتىپ ئابونتلىرىنى «سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ئوخشاشمىغان كۆزقاراشتىكى بىن لادىن ھازىر ئامېرىكىغا قارىتىلغان بىر قېتىملىق تېررورلۇق ھۇجۇمىنى پىلانلاۋاتىدۇ» دېگەن مەزمۇندىن خەۋەردار قىلدى. لېكىن، بۇ خەۋەر ئامېرىكا مەتبۇئاتىنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمىدى. سىمون ماركس ئىسىملىك بىر مۇخبىر كەسپىي مۇخبىرلار جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى «قاتتىق پەي» دە مۇنداق يازىدۇ: «ئامېرىكىدىكى ئاساسلىق گېزىت، رادىئو تورى ۋە ئېنتېرنېتنىڭ بېكەتلىرىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلسىڭىز ھېچكىمنىڭ بۇ خەۋەرنى كۆرۈپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ، دەپ قارىمىغانلىقىنى بايقايسىز.»

رېئاللىق ئامېرىكا مەتبۇئاتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىشقا يېتەرلىك ۋاقتى بارلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. لېكىن، ئاشۇ

كۆنلەردە، گارى كوندىتنىڭ جىنسىي سەتچىلىكىنى كەسكىن تەنقىد قىلىش مەتبۇئاتنىڭ قىزىق نۇقتىسى بولۇپ قالغانىدى. كوندىت نامى چىقمىغان، دېموكراتلار پارتىيىسىدىن بولغان پارلامېنت ئەزاسى ئىدى. شۇ چاغدا قىزىق نۇقتا بولۇۋاتقان يەنە بىر ئىش بۇشنىڭ بويىغا يەتمىگەن قىزى جېننىڭ هاراقكەشلىك قىلىپ قولغا ئېلىنغانلىقى هەققىدىكى خەۋەر ئىدى. ئوتتۇرا شەرقتىكى بۇ تېرروررچىلارنىڭ ئىشىغا كەلسەك، ئامېرىكىلىقلار هەتتا ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيتتى. هېچكىم يۇز بېرىش ئالدىدا تۇرغان تېررورلۇق هۇجۇمىغا دىققەت قىلمىغان، بۇ هەقتە ئاگاهلاندۇرۇش بەرمىگەنىدى. دۆلەت جىنسىي قىلمىش ۋە زەهەر چېكىشتەك «چوڭ ئىشلار» غا دۇچ كەلگەن چاغدا كىممۇ ئۇنداق هۇجۇم قىلىشقا ئائىت كىچىك ئىشلارغا قىزىقسۇن؟ كېيىن ماركس ماڭا مۇنداق دېدى: «مېنىڭچە، بۇنداق هادىسە ئامېرىكىدىلا مەۋجۇت ئەمەس. ئون يىل ئىلگىرى بىرەيلەن ماڭا رۇسىيىگە مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرگە جىنسىي تۇس قوشساڭلار، دېگەندە مەن رەت قىلغانىدىم. بۇ ئادەم هازىر ئەنگلىيە تېلېۋىزىيە كەسپىنىڭ داهىيلىرىدىن بىرى.»

ناۋادا مەتبۇئات شۇ چاغدا لادىننىڭ ئىشىنى دەل ۋاقتىدا خەۋەر قىلغان بولسا قانداق ئەهۋال يۇز بېرەر ئىدى؟ تېخىمۇ كۆپ تەكشۈرۈشلەرگە، فېدېراتسىيە هۆكۈمىتىنىڭ هوشيارلىقىنى قوزغاشقا پايدىسى بولارمىدى؟ لېكىن، هازىر بىز بۇ جاۋابنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مەڭگۈ بىلمەيمىز، بىلىدىغىنىمىز: مەتبۇئاتنىڭ شۇ چاغدا جىنسىي سەتچىلىككە ئائىت ئىشلارنى خەۋەر قىلىپ يۈل تېپىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ، بۇنداق ئىشلارنى خەۋەر قىلىشقا ۋاقتى يوق ئىدى.

11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ۋە مۇخبىرلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئاگاهلاندۇرۇش سىگنالى ياڭراتتى. ئۇلار بىن لادىن مەسىلىسىدە خاتالاشقانلىقىنى مەڭگۈ ئېتىراپ قىلماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، بۇ قېتىمقى تېررورلۇق هۇجۇمى

ئۆتمۈشتىكى ئەخمىقانە خەۋەرلىرى ھەققىدە ئۇلارنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. ئۇلار شۇ ھامان روھلىنىپ ئەستايىدىللىشىپ كەتتى، گەرچە خەۋەرلىرىنىڭ مەزمۇنى ئۇنچە ئەھمىيەتلىك بولۇپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەردى. ھازىر مەتبۇئاتنىڭ چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ئورگانلىرىنىڭ نۇرغۇنى تاقىلىپ كەتكەن بولۇپ، تەجرىبىلىك مۇخبىرلىرى يوق دېيەرلىك. ھازىردىن باشلاپ يۇقىرى سۈپەتلىك خەلقئارا خەۋەرلەرنى تارقىتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرماق ئوڭاي ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، مەتبۇئاتنىڭ ئۇل قۇرۇلمىسىدا چوڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىسا ئۇلارنىڭ ئوسال ئادەتلىرىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىغىلى بولمايدۇ.

بولۇپمۇ تېلېۋىزىيە ۋە رادىئودىن ئىبارەت مەتبۇئات ۋاستىلىرىنىڭ قىممەت قارىشى ھېلىمۇ قۇتراتقۇلۇق قىلىشقا مايىل بىر ھالدا كېتىۋاتىدۇ، قىممىتى يوق قۇرۇق گەپ بىلەن تولغان، ئىنچىكە تەھلىل ۋە ئەقلىي يەكۈنگە ئىگە بولمىغان خەۋەرلەر ھېلىمۇ ھۆكۈمران ئورۇندا. 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئامېرىكا ئافغانىستانغا تۇنجى قېتىملىق ھاۋا ھۇجۇمىنى قوزغاشتىن بىرنەچچە سائەت بۇرۇن ئامېرىكا سىملىق تېلېۋىزىيە ئاخبارات تورىنىڭ ئاقسارايدىكى مۇخبىرى بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ تالىبان بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سۆھبەتلىشىش تەكلىپىگە قايتۇرغان ئىنكاسى ھەققىدىكى خەۋىرىنى دانىمۇدانە قىلىپ ناھايىتى يۇقىرى ئاۋازدا بايان قىلدى. ماجور گارتېنىڭ يۈزى قىزىرىپ گېلى خىرىلداپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئىسمى ئادەمگە ساختىدەك تۇيغۇ بېرەتتى، ئاۋازى ئاقسارايدىكى تەڭتۇش كىشىلەرنىڭ ئاۋازىغا بەكمۇ ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ غەزەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە زادى بولمايدىغانلىقىنى، سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى بايان قىلدى. زوڭتوڭ تالىبان بىلەن ھېچقانداق سۆھبەت ئۆتكۈزمەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلدۈرگەنىدى. ئاخبارات تەھلىلى پروگراممىسىدىمۇ بۇ قارارنىڭ

ئاقسارايدىكىلەرنىڭ تەلەپپۇزىدا ئېلان قىلىنىشى ئادەمنى ئەجەبلەندۈرەتتى. ئەسلىي پروگراما تاماشىبىنلارنىڭ بۇ ۋەقەنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ پروگراممىلىرىنىڭ ئىسمىمۇ «گېرەلەشكەن ئوت كۈچى»، «قاتتىق كالتەك توپ»، «ۋاشىنگتوندىكى گۇرۇھلار» دېگەندەك ئەرلىك جاسارەتتىن بېشارەت بېرىدىغان ئىسىملار ئىدى. سوئال ـ سوراق پروگراممىسىغا چىققان ئادەملەرنىڭ سۆزىمۇ قاقشاش، ھاقارەت قىلىش ئىبارىلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، باشقىلارنىڭ گېپىنى خالىغانچە ئۈزۈپ تاشلايتتى. ئۇلار ھازىر بىر توپ قاۋاپ تۇرغان غالجىر ئىتقا ئوخشاپ قالغان، ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئىدىيىسىنى ئىپادىلەش بىلەن ئالدىراش ئىدى. بۇ پروگراممىغا ئىشتىراك قىلغان ئادەملەر ئىچىدە كۆزقارىشى ئوخشىمايدىغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى.

ئەلۋەتتە، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىنكى بارلىق خەۋەرلەرنى ئەخمىقانىلىك بىلەن تولغان، دېيەلمەيمىز. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»، «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى»، «لوس ـ ئانژېلېس ۋاقىت گېزىتى»، «ۋول ـ ستىرىت گېزىتى»، «دۆلەت ئىچى ئاممىۋى سىمسىز رادىئو ئىستانسىسى» قاتارلىق يۇقىرى ساپالىق ئاخبارات نەشرىيات كارخانىلىرى خەلقنى يۇقىرى سۈپەتلىك روھىي ئوزۇق بىلەن تەمىنلەشنى ئۈزۈپ قويمىدى. ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرى دەل ۋە توغرا، مەزمۇنى مول ۋە چوڭقۇر بولدى. مۇخبىرلارنىڭ كەسپىي قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇ مەتبۇئات كارخانىلىرىدا بىر تۈركۈم قابىل مۇخبىرلار قوشۇنى بولۇپ، ئۇلارنىڭ 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكى، ئامېرىكىنىڭ بۇ تراگېدىيە ۋە ۋەھىمىنى قانداق يەڭگەنلىكى، ئافغانىستان ئۇرۇشىنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلىرىنىڭ نوپۇزى بار، كەسپىي سەۋىيىسى ناھايىتى يۇقىرى، لېكىن مەسىلىمۇ يوق

ئەمەس. تۆگۆنلۈك مەسىلە، خەۋەرلەرنىڭ بىر قىسىم مۇھىم مەزمۇنلىرى قۇرۇق، بۇ ئەھۋال ئاخباراتتا قارىغۇلۇقنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان.

بۇنداق ھالەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدا سەۋەب بار بولۇپ، بۇش ھۆكۈمىتى جەڭ مەيدانىغا بارغان مۇخبىرلارغا بولغان چەكلىمىنى كۈچەيتىۋەتتى. ئۇلار ئەڭ ئاۋۋال مۇنداق كېلىشىم تۈزدى: جەڭ مەيدانىدىن ئەۋەتىلگەن ھەرقانداق خەۋەر تەكشۈرۈلىدۇ. بىن لادىن ۋە باشقا دۈشمەنلەرنى زىيارەت قىلىپ ئالغان ئۈن - سىن لېنتىلىرىنى ئېلان قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئەجەبا، ئامېرىكىلىقلار دۈشمىنىنىڭ ئەھۋالىدىن ئامال بار كۆپرەك خەۋەردار بولسا بولمامدىكەن؟ «ۋول - ستىرىت گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى بورنىڭ پاكىستاندا ئالدىنىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىق ۋەقەسى مۇخبىرلارنىڭ ھەقىقەت ئىزدەش ئۈچۈن ھايات - ماماتى بىلەن ھېسابلاشماي ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ خەۋەر بېرىشكە جۈرئەت قىلغانلىقىدەك پىداكار روھىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەر خىل خەۋپ - خەتەرگە تولغان ۋەزىيەتنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. جەڭ مەيدانى بەكمۇ خەتەرلىك، بەش بۇرجەكلىك بىنا شۇنىڭ ئۈچۈن مۇخبىرلارنىڭ جەڭ مەيدانىغا بېرىشىغا چەك قويغان. دوگ ستروك ئىسىملىك «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» نىڭ جەڭ مەيدانىدىكى مۇخبىرى ئامېرىكىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنىڭ مەلۇم كەنتكە چۈشۈپ بىر قىسىم پۇقرالارنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ مەخپىي خەۋەرنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئېنىقلاشقا ئۇرۇنغاندا، ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئۇنىڭغا مىلتىق تەڭلەپ ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا بارغىلى قويمىغان. كېيىن بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ باياناتچىسى ستروكنى توسۇپ قويۇشىمىز ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەندىشە قىلغانلىقىمىزدىن كېلىپ چىققان، دېدى. ستروك بۇ ئىشنى «ئۇچىغا چىققان يالغانچىلىق» دەپ قارىدى. ئۇ مۇنداق

دېدى: «بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى ھەربىي تەرەپنىڭ مۇخبىرلارنىڭ ئەينى ئەھۋالنى بىلىۋېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن چېكىدىن ئاشقان ۋاسىتىلەرنى قوللانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.»

بىز ۋاقتىنچە بۇ ئايرىم ئىشلارنى مىسال قىلىشتىن توختايمىز. ئامېرىكا ئاخبارات ساھەسى ئەزەلدىن ۋاشىنگتوننىڭ تاشقى سىياسىتىنى قوللاشقا مايىل ئىدى. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن بۇ مايىللىق بىر خىل ماھىيەتكە ئايلىنىپ، كۆپلىگەن خەۋەرلەرنىڭ بىتەرەپلىكىنىڭ كۆچىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىل كوۋاچ ۋە توم رونېسدېر كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئاخبارات خىزمەت پىلانى ئۈچۈن بىر پارچە دوكلات تەييارلىغان. ئۇلار دوكلاتتا: «ھۆكۈمەت سىياسىتىنى باھالاشنى نىشان قىلغان خەۋەرلەرنىڭ پەقەت 10 پىرسەنتىلا ھۆكۈمەت سىياسىتىگە نىسبەتەن باشقىچە كۆزقاراش ئوتتۇرىغا قويغان» دەپ يازىدۇ. بىر مەتبۇئات تەنقىدچىسى «مىللەت» دېگەن كىتابىدا: «ئۇلار ھۆكۈمەت ياكى يېرىم ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئۈچۈرىنى مەنبە قىلىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقىچە ئاخبارات ئۇسلۇبىدىن نەپرەتلىنىدۇ، بۇ ھالەت مەتبۇئاتنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت ۋە قىلمىشلىرىنى خەۋەر قىلغاندا ئەكسىچە يول تۇتمايدىغان، مەدھىيىدىن قۇتۇلالمايدىغان ھالىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.» دەپ يازىدۇ.

ئافغانىستان پۇقرالىرىنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى ھەققىدىكى سەزگۈر مەسىلىنى مىسال ئالساق، ھەقىقەتەن بەزى خەۋەرلەردە تاسادىپىي ھالدا پۇقرالارنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى تىلغا ئېلىنىپ قالدى. لېكىن، بۇ خەۋەرلەر ئۇرۇش غەلىبىسىنى مەدھىيىلەيدىغان خەۋەرلەرنىڭ ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالدى. ئافغانىستاندىكى ئۇرۇش ئاياغلىشىشتىن بۇرۇن بۇش ھۆكۈمىتى بۇ بىر مەيدان ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئۇرۇشىدا ئېنىق غالىب كەلدى. لېكىن، 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»

ئافغانىستان ئۇرۇشىدا ئۆلگەن پۇقرالارنىڭ ئومۇمىي سانىنى ئېلان قىلدى. ئامېرىكىغا قارىغاندا چەت ئەل مەتبۇئاتلىرى بۇ مەسىلىگە باشتىلا ئەھمىيەت بەرگەن ۋە مۇخبىرلىرىغا تايىنىپ بۇ ھەقتە كۆپ خەۋەرلەرنى بەرگەنىدى. ئامېرىكا يېڭى خامپىشىر شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق پەنلىرى بويىچە پروفېسسورى مارك خېلرود بىر تەتقىقات دوكلاتى تەييارلىغان. دوكلاتتا پروفېسسور ياۋروپا، ھىندىستان، پاكىستاندىن كەلگەن خەۋەرلەرنى توپلاپ، رەتلەپ، ئۇرۇشتا ئۆلگەن ئافغانىستان پۇقرالىرىنى تۆت مىڭدىن ئارتۇق دەپ قارىغان. خىلرود ئامېرىكىنىڭ بومباردىمانىغا قارشى تۇرۇپ ئۇنى جىنايەت دەپ ئاتىغان. بەلكىم ئۇنىڭ ستاتىستىكىسى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنى بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭكىدىن ياخشى دەپ قارىغىلى بولىدۇ. چۈنكى، بەش بۇرجەكلىك بىنا ئافغانىستان پۇقرالىرىنىڭ ئۆلۈم - يېتىمىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغان، ئاخبارات دۇنياسىمۇ قىلچە گۇمانلانماي ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ گېپىنى تەكرارلىغان.

ئامېرىكا مەتبۇئاتىنىڭ ئەكس تەسىر قايتۇرۇش شەكلىدە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن ئۇلار چوقۇم نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ بارلىق ئەھمىيىتى بار كۆزقاراشلارنى خەۋەر قىلىشى كېرەك ئىدى. مەسىلەن، ئاساسلىق مەتبۇئاتلار ھازىرغا قەدەر 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىگە نىسبەتەن غەيرىي ھەربىي نۇقتىدىن ئىنكاس قايتۇرغان بىرەر ماقالىنى ئېلان قىلىپ باقمىدى. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»، بولۇپمۇ «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» ئۆزىنىڭ ئاممىۋى پىكىر سەھىپىسىدە ھەر كۈنى ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنى تەخىرسىز بومباردىمان قىلىشنى تەلەپ قىلغان غەزەپلىك ئىنكاسلارنى باستى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان پىكىرنىڭ كەملىكىگە قايتۇرغان ئىنكاسى «ئۇرۇشقا قارشى تۇرىدىغان ھېچقانداق ئادەم تاپالمىدۇق.»

دىگەندىن ئىبارەت بولدى. بۇ بىر يالغانچىلىق، ئۇلار چوقۇم ئەستايىدىل ئىزدەپ باقمىغان. 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىگە قەدەر تېلېۋىزىيە دۇنياسى كۆپتىن بېرى كۆككە كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان مارتىن شىئېن، بون رىت ۋە مەشھۇر خەلقئارالىق زىيالىي ئىدۋارد سەيىد، فرانسىمى، مورلاف قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 200 گە يېقىن كىشى ئىمزا قويۇپ بىر پارچە بايانات ئېلان قىلىپ، ئادالەت قىساس ئېلىش ئەمەس، دەپ خىتاب قىلدى. بۇ باياناتنى باشقا بىرنەچچە گېزىت ئېلان سۈپىتىدە ئېلان قىلدى. قارىغاندا، ئامېرىكىدا بەزىدە بەزى نەرسىلەرنى پۇل خەجلەپ سېتىۋېلىش ئوڭاي بولسا كېرەك.

ئامېرىكا مەتبۇئاتى ئافغانىستان ئۇرۇشىنى تەنقىد قىلمىدى ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭ تاكتىكىلىق مەسىلىلىرىنىلا تەنقىد قىلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئوردىدىكى تالاش ـ تارتىشنىڭ ياخشى بىر ئۇلگىسى ئىدى. چۈنكى، ۋاشىنگتون ھۆكۈمىتىدە بۇ جەڭنى قانداق قىلىش ھەققىدە بىرلىك يوق ئىدى. ئامېرىكا مەتبۇئاتى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنى ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ھەممە ماقالىلەرنىڭ مۇھاكىمە تېمىسى بۇشىنىڭ ھاۋادىن زەربە بېرىش پىلانى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولامدۇ، يوق؟ دېگەندەك مەسىلىلەر ئۈستىگە مەركەزلەشكەنىدى. بۇ ئۇرۇش ئەقىلغا مۇۋاپىقمۇ، يوق؟ ئوخشىمىغان پىكىر بارمۇ، يوق؟ 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى ئامېرىكىلىقلارنىڭ دىپلوماتىيە ۋاستىسى ھەققىدە باشقىدىن پىكىر قىلىپ بېقىشىغا تۈرتكە بولامدۇ، يوق؟ دېگەندەك مەسىلەر مۇھاكىمە قىلىنىش ئەمەس، ئوتتۇرىغا قويۇلۇپمۇ باقمىدى.

ناۋادا ئامېرىكا خەلقى مەتبۇئات تەرىپىدىن يوشۇرۇلغان رېئاللىقنى چۈشىنىپ يەتسە دۇنيادا چوقۇم كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش يۈز بېرەتتى، خەلقئارا ئىشلار خەۋەر قىلىنغاندا قارىماققا قاتتىق كۆرۈنىدىغان دىپلوماتىيە سىياسىتىگە دائىر ماقالىلەر ئازراق ئېلان

قىلىناتتى. بۇنىڭ ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ چەت ئەلدىكى ئابرۇيىنىڭ نېمىشقا شۇنداق ئېگىز - پەسلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىغا ياردىمى بولاتتى. بىز چەت ئەللىكلەرنىڭ چۈشەنمەك تەس، جاھىل، ئابستراكت مەنىدىكى ئادەملەر ئەمەس، بىزدەك قان - گۆشى بار، كەمچىلىك ۋە ئارتۇقچىلىقى بار ئادەملەر ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتەتتۇق. بۇ بىزنىڭ ئاخبارات ئىدىيىمىزنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولاتتى. ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن بىزنىڭ دۇنيا قارىشىمىزنىڭ نېمىشقا ئوخشىمايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ نېمىشقا بىزگە قارىغاندا يەر شارىلىشىش مەسىلىسىگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنىڭ، ئۇلارنىڭ نېمىشقا ۋاشىنگتوننىڭ مۇھىت مەسىلىسىدىكى سۆرەلمىلىكى بىلەن زومىگەر ئىمپېرىيىگە خاس ھالىتىدىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنىڭ، نېمىشقا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئامېرىكا بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلاشقا تېخىمۇ پايدىلىق بولاتتى. ئەلۋەتتە، ئاخبارات خىزمىتىنى ياخشىلاش مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى ئەمەس، مول ئاخبارات ئۇچۇرلىرىمۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى سىياسىتىنىڭ ئۆزلۈكسىدىن ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالمايدۇ. لېكىن، بۇ بىر مۇھىم ئامىل. ناۋادا ئامېرىكا مەتبۇئاتى پۇل تېپىشتىن باشقا ئىشقا كۆڭۈل بۆلمىسە، ئۇردا خەۋەرلىرىنى بېرىدىغان قىياپىتىدە ئۆزگىرىش ياسىمىسا ئامېرىكا جامائىتى دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز قالىدۇ، بۇنداق قىلىش ھېچكىمگە پايدىلىق ئەمەس.

# ئالتنچی باب  مۇقەددەس تەڭری ۋە مۇقەددەس
# ئەمەس تەڭری



## هېچكىمنىڭ ئامېرىكىغا ماسلىشىپ بېرىش مەجبۇرىيىتى يوق

5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ھاۋا ھەممىلا ئادەمگە بەكمۇ يېقىشلىق ئىدى. قۇياش نۇرى پارىژنىڭ مېنشىمىل كوچىسىدىكى پوچتىخانىنىڭ تېگى سېرىق كۆك خەتلىك پوچتا بەلگىسىنى تېخىمۇ چىرايلىق تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. پوچتىخانىدا ئادەم كۆپ، ھەممىلا ئادەم ئىش بېجىرىشنى ساقلاپ تۇراتتى. كارىدورنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىرايىنى غەم قاپلىغان 40 نەچچە ياشلىق بىر ئايال ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىش يېشىغا يەتكەن قىزى بىلەن بىللە تۇراتتى. ئۇ ئايال سەۋرسىزلىك بىلەن ئۆچىرەتكە كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، ھېچكىم ئۆچىرەتتە تۇرمىغان بىر پەشتاختىنا ئالدىغا باردى. پەشتاختىنغا، مۇلازىمەت توختىتىلدى، دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى، پەشتاختىنىڭ كەينىدە بىر ئۈستەل قويۇلغان بولۇپ، دىرېكتور سىياقىدىكى بىر خىزمەتچى پۈتۈن دىققىتى بىلەن پۇل ساناپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئايال بۇ كىشىگە قاراپ ئىنگلىزچە بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ قولىدا بىر ساياھەت چېكى بار ئىدى. «ۋەي، بۇ يەردە بۇنداق ساياھەت چېكى ئالماشتۇرۇپ بېرىلمەمدۇ؟» ھېلىقى ئادەم چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. چىرايى ئۇنىڭدىن بىزار بولغاندەك كۆرۈنەتتى. نېمىشقا بۇ ئايال ئۇنىڭغا ۋارقىرايدۇ؟ ئەمدى ئۇ پۇل ساناشنى داۋاملاشتۇرالمىسا كېرەك. ئۇ بۇ ئايال ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئانچە ئۆلچەملىك بولمىغان ئىنگلىز تىلىدا: «كەچۈرۈڭ خانىم، بۇ يەردە ساياھەت چېكى ئالماشتۇرۇلمايدۇ، بۇ پوچتىخانا» دېدى. بۇ ئايال چۈشەنمىگەندەك: ئالماشتۇرۇپ بەرمەمسىلەر؟ نېمىشقا

ئالماشتۇرۇپ بەرمەيسىلەر؟ ئۇنداق بولسا نېمە ئالماشتۇرىسىلەر؟ دەپ سورىدى. باشقا خېرىدارلارنىڭ ھەممىسى ئايالغا تىكىلدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل بىزارلىق ئەكس ئېتەتتى. لېكىن، ھېلىقى خادىم ناھايىتى ئەدەپلىك ئىدى، ئورنىدىن تۇرۇپ ئايالغا ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى: «خانىم، بۇنداق مۇلازىمەت بانكىدىلا بېجىرىلىدۇ. بانكا يولنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى مېنشىمىل كوچىسىدا» دېدى. ئۇ خانىم يىغلىۋېتىشكە ئاز قېلىپ: «ئۇنداقتا مېنشىمىل كوچىسى نەدە؟ تالادىكى يول شۇمۇ؟» دەپ سورىدى. بۇ خانىم ئۆزىگە ياردەم قىلغان ئادەمگە رەھمەت ئېيتىشنىمۇ ئۇيلاپ قويماي، ئاغرىنغان ھالدا قىزىغا: «گېپىمنى ئاڭلا بالام، جىن ئۇرغان بۇ يەر مېنى بەكمۇ ئۇمىدسىزلەندۈردى» دېدى.

بەلكىم بۇ ئايالنىڭ شۇ كۈنى تەلىيى كەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئامېرىكىلىقلارنىڭ چەت ئەلدىكى ئىپادىسى ھەرگىزمۇ ئۇنداق مەدەنىيەتسىز ھالەتتە ئەمەس. مەن يولۇقتۇرغان ئادەمنى ئەڭ بىزار قىلىدىغان ساياھەتچى بىر بۆلۈك ئەنگلىيىلىك تەلۋە پۇتبول مەستانىلىرى. بۇ تەلۋىلەر ئامستېردامنىڭ قىزىل چىراغ رايونىنى ھاجەتخانىغا ئايلاندۇرۇپ قويغىلى تاس قالغانىدى. ئۇلار ئىرقچىلىق تۈسى بار ناخشىلارنى غىڭشىپ قوياتتى. ھەربىر دۆلەتنىڭ پۇقراسى ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلىگەندە بىر خىل راھەت تۇيغۇسىدا بولىدۇ. بىز ئامېرىكىلىقلار ئانا تىلىمىزدا سۆزلىگەندە بىر خىل كۈچلۈك ئەۋزەللىك تۇيغۇسىدا بولىمىز، باشقا كۆپىنچە دۆلەتلەرگە قارىغاندا ئامېرىكا ئىمپورت قىلغان چەت ئەل تىلىدىكى كىتابلار ۋە كىنولار بەكمۇ ئاز. بىزنىڭ رادىئو خەۋەرلىرىمىزدە چەت ئەل تىلىدىكى گەپلەرنى ئاساسەن ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. ئامېرىكىلىقلار، بىز ئەمەس، چەت ئەللىكلەر بىزگە ماسلىشىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

مېنىڭچە، بۇ بىر تارتقان زىيان. بىز نېمىشقا شۇنداق كۆزقاراشتا بولىمىز؟ چۈنكى، نۇرغۇن ياۋروپالىق ئىككى - ئۈچ

خىل تىلنى بىلىدۇ. ئافرىقىدا كۆپ تىللىق بولۇش ناھايىتى ئومۇملاشقان. ئېسىمدە قېلىشىچە، كېنىيەدىكى بىر كىچىك كەنتتىكى 12 ياشلىق بىر بالا تۆت خىل تىلنى، يەنى ئانىسى مەنسۇپ بولغان قەبىلىنىڭ تىلىنى، دادىسى مەنسۇپ بولغان قەبىلىنىڭ تىلىنى، سىۋاشىلىقلارنىڭ تىلىنى ۋە مەكتەپتە ئۆگەنگەن ئىنگلىز تىلىنى بىلىدىكەن. بۇ بالا بۇنى قالتىس ئىش دەپ قارىمايدۇ، ئۇنىڭ ماختىنىدىغىنى ئۆزى تاشلاندۇق باتارىيىلەردىن ياسىۋالغان بىر ئويۇنچۇق ماشىنا. ئۇ بۇ ماشىنىنى ھەيدەپ كەنتنىڭ كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئافرىقىلىقلار ۋە ياۋروپالىقلار توغما ھالدا ئامېرىكىلىقلاردىن ئەقىللىق ئەمەس، ئۇلاردا بار نەرسە دەل بىزدە يوق نەرسىلەر. ئىنگلىز تىلىنىڭ ئورنى ئامېرىكىدا تەڭداشسىز، لېكىن بىز چەت ئەلگە چىققان ھامان بىزدىن ناھايىتى يىراق جايلاردىكى ئىنگلىز تىلى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپەيگەنلىكىنى بايقايمىز. بولۇپمۇ ياۋروپادا، دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەردە ھەتتا گېرمانىيىدىكى پوچتىخانىلاردا ئىنگلىز تىلى خىزمەت تىلى قىلىنىدۇ. ناۋادا ئامېرىكا ساياھەتچىلىرى ئۆزلىرى بارغان يەرلەرنىڭ تىلىدىكى، ياخشىمۇسىز، خەيرى خوش، رەھمەت، بۇ يېمەكلىك بەك تەملىك ئىكەن، دېگەندەك ئادەت سۆزلىرىنى ئۆگىنىۋالغان بولسا شۇ يەردىكى مەدەنىيەت ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا كېلەلىگەن بولاتتى.

ئەلۋەتتە، ئۇلار ھازىرلا ئۆگىنىۋالغان يېڭى تىل بىلەن كېكەچلەپ سۆزلەپ ۋاقتىنى ئالىدۇ. ئامېرىكىلىقلار ئىزچىل ھالدا كەم دەپ قاراۋاتقان نەرسە دەل ۋاقىتتۇر. ئىتالىيىنىڭ توسكانا رايونىدىكى مېنتارچىنو دەپ ئاتىلىدىغان، ھەممە يېرى شېغىل تاش بىلەن قاپلانغان بىر شەھەر بار. بۇ شەھەردە 1808 ـ يىلى تىجارەت باشلىغان، 200 يىلدەك تارىخى بار بىر مەيخانا بار. بۇ مەيخانىدا چاققان ۋە ئوچۇق، ئۈمىدۋار بىر ماراكەشلىك خىزمەتتە بولدى. بىز ئىتالىيە تىلىدا ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن پاراڭلاشقاندۇق.

كېيىن مەن ئۇنىڭ باشقا خېرىدارلار بىلەن ئىنگلىز تىلىدا ناھايىتى راۋان پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. شۇ كۈنى ئۇ جىددىي خىزمەتتىن بىكار بولغان قىسقا ئارام ئېلىش ۋاقتىـــدا بەزىدە ئامېرىكىلىق خېرىدارلار بىلەن قىزىرىشىپ قالىدىغانلىقىنـــى ئېتىراپ قىلدى. «ئامېرىكىلىقلار ناھايىتى ئالدىراش، 15 مىنۇتتا ھاراق ئىچىدۇ، يەنە 15 مىنۇتتا چېركاۋلارنى ساياھەت قىلىدۇ. ئاندىن يەنە 15 مىنۇتتا باشقا بىر شەھەرگە كېتىدۇ. ئۇلار بەكمۇ ئالدىراش، قىزىققان، ئازراق ئېھتىيات قىلمىسىڭىز قىزىرىشىپ قالىسىز. ئۇلار ئىشىكتىن كىرىپلا ئۇسسۇزلۇققا ئېرىشىشنـــى ئويلايدۇ ھەتتا ئۇسسۇزلۇقنى ئىچىپ بولماي تۇرۇپ ھېساب - كىتاب قىلىشقا كىرىشىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ بۇ يەرنىڭ ھارىقىنىڭ مەززىلىك تەمىدىن بەھرە ئالىدىغانلىقىدىن گۇمانلىنىمەن.» دېدى ئۇ ئاغرىنىپ. ئاشۇ ئامېرىكىلىقلار ھەقىقەتەن خاتالاشقان، چۈنكى ئۇلارغا ئەكېلىپ بېرىلگىنى ئىتالىيىنىڭ ئەڭ ئېسىل بولۇنەيلۇ ئۈزۈم ھارىقى ئىدى.

يۇرتىڭىزدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئىشلارنى مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ كۆزەتسىڭىز، ئاندىن ئامېرىلىكىلىقلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ساراڭلىقتا قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرەلەيسىز. ئون يىل ئىلگىرى مەن تۇنجى قېتىم دۇنيانى ئايلىنىش زىيارىتىنى باشلىغاندا سان - فرانسىسكو شەھىرىگە بارغانىدىم. دوستلار بىلەن بىرگە تاماقلانغاندا ئىچىش ئۈچۈن بىر بوتۇلكا ھاراق ئالغىلى بىز تۇرغان رايوندىكى بىر ماگىزىنغا كىردۇق. ماگىزىندىكـى ماللارنـــىڭ تولىلىقى كۆزۈمنى قاماشتۇرۇۋەتتى. مەن ئۆتكەندىكى ئالتە ئاينى شەرقىي ئافرىقا ۋە تايلاندتا ئۆتكۈزگەنىدىم. ئۇ يەردىكى ماگىزىنلار بەكمۇ ئاددىي ئىدى. مەن ئاخىردا بىر بوتۇلكا ھاراقنى تاللاپ كاسسىرنىڭ يېنىغا باردىم. دەل شۇ چاغدا يەنە بىـــر خېرىدار كېلىۋاتقانلىقىمنـى كۆرۈپ ئالدىراپلا، كاسســـىرنـــىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى ۋە ھېچنېمە دېمەي قولىدىكى ھاراقنى پەشتاختىـــغا

قويدى. پۇل ئالىدىغان خانىم گەپ قىلماي هاراقنىڭ باهاسىنى پۇل ئېلىش ماشىنىسىغا كىرگۈزدى. ئاندىن بېسىپ چىققان تاۋارنىڭ باها جەدۋىلىنى خېرىدارغا بەردى. بۇ ئالدىراش خېرىدار ئاللىبۇرۇن ئىناۋەتلىك كارتوشكىنى تەييارلاپ بولغانىدى. شۇ ئالدىراشچىلىقتا ئۇلارنى بىر ئېغىز سۆز قىلىشمىدى دېسەك يالغان بولىدۇ. ئەڭ ئاددىي تاق سۆزلەرنى ئىشلىتىپ ئالاقە قىلدى. قىسقىسى، مەن ئۇلارنىڭ سۆزىنى چۈشەنمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ. مەن شۇ چاغدا هاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم، چۈنكى مەن هېلىمۇ ئافرىقىلىقلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئىچىدە ئىدىم، ئافرىقىدا بۇنداق ئىش يۈز بەرسە بەكمۇ مەدەنىيەتسىزلىك هېسابلىنىدۇ، كىشىلەر ئۇلارنى نېرۋىسىدا مەسىلە بار نېمە دەپ قارايدۇ. كۆزنىمۇ ئۇچراشتۇرماي، سالام - سائەتمۇ قىلماي، رەهمەتمۇ دېمەي گاچىلاردەك ئالاقىلىشىش ئافرىقىلىقلارنىڭ نەزىرىدە ياۋايىلارنىڭ ئىشى.

تەكىتلەپ قوياي، ئافرىقىلىقلار تۇغما دوستانە مىللەت ئەمەس، مۇۋاپىق شارائىتتا ئامېرىكىلىقلار ناهايىتى دوستانە. تۈپ پەرق، ئافرىقىلىقلار ياشايدىغان شارائىت ئۇلارنى ئالاقە قىلىشقا، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىققا، ئاممىۋى پاراۋانلىقنى شەخسىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن قويۇشقا ئىلهاملاندۇرىدۇ. سانائەتلەشمىگەن جەمئىيەتتە ۋاقىت قۇياشنىڭ ئورنى ۋە پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن پەرەز قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ پاراڭلىشىشقا ۋاقتىنىڭ بارلىقى ئېنىق. هېچكىم ئالدىراپ مېڭىپ يۈرۈشنى خالىمايدۇ. ئافرىقىنىڭ كۆپىنچە جايلىرىدا پىژغىرىم ئىسسىق ۋە نەم هاۋا هۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدىراقسانلىق ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەخمەق ئادەملەرنىڭ ئىشى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئۇنچە رومانتىكمۇ ئەمەس، كۆپىنچە ئافرىقىلىقلارنىڭ تۇرمۇشىدا كۆڭۈل ئېچىش، ئۇچرىشىش كەم، ئۇلاردا بۇرچ تۇيغۇسى يېتەرسىز. ئەلۋەتتە، ئەنئەنىنىڭ

بوغۇشىدىن قۇتۇلۇش پۇرسىتى تېخىمۇ ئاز. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ يەردىكى كىشىلەر بىر ئۆمۈر بىللە ياشايدۇ. ھەسەت، ئالدامچىلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي تويلار ئىچىدە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولىدىغان ئىنسانىيەتنىڭ باشقا ئاجىزلىقلىرىمۇ بۇ يەردە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت، لېكىن ئۇ يەردىكى ھەرقانداق ئىشتا كوللېكتىۋىزملىق روھنىڭ تەۋرەتكۈسىز تەسىرى بار. ئۇلار ئاكتىپ ھەمكارلىشىپ، بىمەكلىك ۋە باشقا ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئاز ئۇچرايدىغان نەرسىلەردىن ئورتاق بەھرىمەن بولغاچقا، ئۇزۇن ۋە جاپالىق تارىخ جەريانىدا قەيسەرلىك بىلەن ياشاپ بۈگۈنگە ئۇلاشقان. ئۇلار بېشىغا كۆن چۈشكەندە باشقىلارنىڭ ياردەم قولىنى سۇنىدىغانلىقىدىن گۇمانلانمايدۇ. ئافرىقىدا ئىجتىمائىي ئالاقە ئىتتىپاقلىق ئەڭ ئەقەللىي ئىش. ئامېرىكىدا ھەممە ئادەم ئۆزىگە ئۆزى كۆڭۈل بۆلىدۇ، سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشنى خالىمايدۇ، بولمىسا ئۇلار دەۋرنىڭ كەينىدە قالىدۇ.

قاھىرەدە ياش بىر ئىشخانا خىزمەتچىسى جىناھ ماگا مۇنداق دېدى: «مەن ئامېرىكىغا بارغاندا ئامېرىكا بىلەن بۇ يەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ بەكمۇ چوڭلۇقىنى ھېس قىلدىم. ئامېرىكىلىقلار گېرمانىيىلىكلەردەك ئۇرۇشقاق ئەمەس. كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ئازاد، لېكىن ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ناھايىتى كۆچلۈك. ئامېرىكىدا ئاجرىشىش نىسبىتى 50 پىرسەنت ئىكەن. ئامېرىكىلىقلارنىڭ شەخسىي ئارزۇنى ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇشى بۇ ھادىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى چۈشەنمەيدۇ. ناۋادا ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتىنى ھەرقانداق ئىش قىلىشتىن چەكلىسە ئۇلار ئەڭ ئاخىردا ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدۇ. مىسىردا ئائىلە ھەممىدىن مۇھىم، بىز كۆپىنچە ۋاقتىمىزنى ئائىلىدىكىلەر، دوستلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزىمىز. بىزنىڭ تەسىراتىمىزدىن قارىغاندا، ئامېرىكىلىقلار نىسبەتەن تەنھا، بېسىم ھېس قىلغان، كەيپىياتى سىقىلغان ھالەتتە

ياشايدۇ. بۇ ھالەتنى بىزنىڭكىدەك ئازادە ئىجتىمائىي ئالاقە تورىنىڭ بولماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان.»

«يېڭى كۆزەتكۈچىلەر» نىڭ تەھرىرى لاۋرېنت روفلان ماڭا مۇنداق دېدى: «مېنىڭچە، كۆپىنچە فرانسىيىلىك ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئىجتىمائىي كۈچىگە مەپتۇن، ئەمما ئامېرىكىلىقلاردىن گۇمانلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار ئامېرىكىلىقلارنى چىڭ، پىخسىق، نام - مەنپەئەت قوغلىشىدۇ، تۇرمۇشنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دېگەندەك تەرەپلىرىگە ئېتىبار بەرمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. كۆپىنچە فرانسۇز پۇرسەتكە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ ئامېرىكىلىقتەك ياشاش شەكلىنى تاللىمايدۇ. بەلكىم ئۇلار ئامېرىكىلىقلارنىڭ مىڭ دوللارلىق ئاشخانىغا بېرىپ غىزالىنىشى ياكى ئازادىرەك پىكاپ سېتىۋېلىشىنى ياخشى كۆرۈشتەك بەزى ئادەتلىرىنى دورىشى مۇمكىن، ئەمما ئومۇمىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۆز ئۇسۇلىدا ياشاشنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.»

دۇنيادىكى فرانسىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرنەچچە دۆلەتتە ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بىرگە تاماق يېيىش ئائىلىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنى كۈچەيتىدىغان تۈپ ئۇسۇل بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئامېرىكىدا ھازىر ھەر خىل شەكىلدە تېز تاماقلىنىش شەكلى ئەنئەنىۋى تاماقلىنىش شەكلىنىڭ ئورنىنى ئالدى، ھەر خىل تۇرمۇش پىلانلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا توقۇنۇش كۆپىيىپ كەتتى. فرانسىيىنىڭ مۇھىم زىيالىيلىرىدىن بىرى بولغان سوزان جورجى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يىل يازدا 13 ياشلىق نەۋرەم ئامېرىكىدا دوستلارنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە ھەپتە تۇرۇپ كەلدى. ئۇ بۇ جەرياندا بۇ ئائىلىدىكى تۆت قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە تاماق يەيدىغان پۇرسىتىنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى، ھەممەيلەن خالىغانچە تاماق يەيدىغانلىقىنى ھەيرانلىق بىلەن بايقاپتۇ. ئۇلار توڭلاتقۇنى بىردەمدىلا قۇرۇقداپ قويىدىكەن. ئاندىن مىكرو

دولقۇنلۇق ئوچاق بىلەن تەييار يېمەكلىكلەرنى قىزىتىشقا كىرىشىدىكەن. » «فرانسىيە يېشىل تىنچلىق تەشكىلاتى» نىڭ رېژىسسورى برونۇ لېبلانىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، فرانسىيىلىكلەر گېپىنى ئۆزگەرتىلگەن يېمەكلىكلەرنى ئامېرىكىلىقلاردىن بەكرەك تەتقىق قىلىدىكەن. بۇ پەقەت ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ يېمەكلىككە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىش. ئۇ مەسخىرە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكىدا يېمەكلىك ئېنېرگىيە دېمەكتۇر، فرانسىيىدە يېمەكلىك مۇھەببەت ھېكايىسى دېمەكتۇر. »

ئامېرىكىلىقلارنىڭ بىنا ۋە ئاممىۋى بوشلۇققا تۇتقان پوزىتسىيىسى بەكمۇ ئەمەلىيەتچىل. مەن ھەر قېتىم چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندە، سانسىزلىغان ماشىنىلارنىڭ قىستىلىشلىرىدىن كېلىپ چىققان سەت مەنزىرىنى كۆرسەم لاسىىدە بولۇپ قالىمەن. ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن جايلارنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل، لېكىن بىزنىڭ نۇرغۇن ئاممىۋى سورۇنلىرىمىز چېكى يوق سودا بەلۋاغلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە ماگىزىن، ئاشخانا دېگەندەك جايلارغا ئايلىنىپ ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرغۇدەك قىستاڭ، پاسكىنا بولۇپ كەتتى. بۇ بىنالارنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبىنىڭ بىر خىللىقى تۇيەيلىدىن ناھايىتى ئوڭاي ئېزىپ قالىمىز. بۇ ئادەتتىكى ئابىدىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىنالار ئالللىقاچان ئۆزى تەۋە رايونلارنىڭ ئەسلىدىكى گۈزەللىك ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىۋەتتى. ئۇلار قارىماققا بىزنىڭ مال سېتىۋېلىشىمىزنى قولايلاشتۇرغاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى يوقاتتى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ روھىنى بەربات قىلىۋەتتى.

تېلېۋىزىيىدىن ئىبارەت ئۆيدىكى تۇرمۇشىمىزنى كونترول قىلىدىغان نەرسىمۇ ئوخشاش رول ئويناۋاتىدۇ. تېلېۋىزور ئامېرىكىلىقلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مەست قىلىش دورىسى.

ئامېرىكا دۇنيادىكى تېلېۋىزىيە ئىستېمالــــى ئەڭ زور دۆلەت، كۆپىنچە ئائىلىدە ئىككى ياكى ئۈچتىن ئارتۇق تېلېۋىزور بار. گەرچە تېلېۋىزوردا بېرىلىدىغان پروگراممىلارنىــڭ تايىنـــــى بولمىسىمۇ، ئۆيدىكى ھەربىر تېلېۋىزور ھەر كۈنى تەخمىنەن يەتتە سائەت قويۇقلۇق تۇرىدۇ. برۇئېس سپرىنگستېن بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئېيتقان ناخشىدەك: 57 قانال بار، لېكىن ھېچقايسىسىدا كۆرگۈدەك نەرسە يوق.» لېكىن، تېلېۋىزىيە ھازىر ئەنئەنىۋى تۇرمۇشنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى. بىز ئۇنى سۆيىمىز، شۇنداقلا ئۆچ كۆرىمىز. بالىسىغا قارىغۇدەك ۋاقتى يوق ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن تېلېۋىزىيە ھەق ئالمايدىغان بالا باققۇچىغا ئايلىنىپ قالدى. قېرىلار ۋە كېسەل سەۋەبىــــدىن ئۆيىـــدىن چىقالمايدىغانلار تېلېۋىزورنىڭ ھەمراھلىقىـــدا كۈن ئۆتكۈزىدۇ، تېلېۋىزور ئارقىلىق تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقە قىلىدۇ. ھەر خىل ياشتىكى تاماشىبىنلار بىر كۈنلۈك ئالدىراشچىلىقتىن كېيىـــن تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ ناھايىتى سەمىمىيلىك بىلەن «قانال دولقۇنىدا ئۈزۈپ يۈرۈش» توغرۇلۇق پاراڭ سېلىشىدۇ. ئۇلار بىر كۈن چېپىپ يۈرگەندىن كېيىن تېلېۋىزور ئارقىلىق روھىـــي تەسەللىي ئىزدەيدۇ.

تېلېۋىزورنى كۆپ كۆرگەنلىكنىــڭ ھېچقانداق پايدىســـى يوقلۇقىنى بىلىمىز ھەتتا تېلېۋىزورنى «ئەخمەق سۈرەت كۆرسىتىش قۇتىسى» دەپ مەسخىرىمۇ قىلىمىـــز. تەتقىـــقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، چوڭ مېڭىنىڭ ئويغۇلۇق ھالەتتىكى پائالىيىتـــى تېلېۋىزور كۆرگەن چاغدىكىدىن ئاكتىپ بولىدىكەن. تېلېۋىزور كۆرگەن ۋاقىتتىكى ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىمىز كىتاب كۆرگەن چاغدىكىدىن تۆۋەنلەپ كېتىدىكەن. شۇڭا بىز ئويلاپ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئامېرىكىنىڭ سىياسەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تېلېۋىزور ئارقىلىق خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ، شۇڭا پاسسىپ ھالدىكى بۇ خىل تېلېۋىزور كۆرۈش ھالىتى بەكمۇ خەتەرلىك. تېخىمۇ ئادەمنى

ئەنسىزلىككە سالىدىغىنى، بىز ھازىر تېلېۋىزوردىن ئالغان پاراۋانلىق، ئىستېمالچىلىق، ئاچ كۆزلۈك، ئۆز ـ ئۆزىنى تەشۋىق قىلىش، تالاش ـ تارتىش قىلىش دېگەندەك قىممەت قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتىمىز ياكى ئۇنداق قىممەت قاراشلىرىنىڭ سادىق ئەگەشكۈچىلىرىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىمىز. 12 ياشقا كىرگەن بىر بالا تېلېۋىزوردىن تەخمىنەن 8 مىڭ قېتىم قاتىللىق مەيدانىنى كۆرىدىكەن. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بالا چاغلاردا سەزگۈ ئەزالارنىڭ بۇنداق غىدىقلىنىشى چوڭ بولغاندا خاراكتېردىكى زوراۋانلىق ۋە ھۇجۇم قىلىش قىلمىشىنىڭ روشەن كۆپىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. ئەلۋەتتە، ئامېرىكا تېلېۋىزىيىسى ئەخلاق ھەققىدىكى پروگراممىلاردىن باشقا كۆڭۈل ئېچىش پروگراممىلىرى ۋە ئويغىنىش خاراكتېرلىك تەربىيە نومۇرلىرىنىمۇ تارقىتىدۇ، لېكىن بۇنداق ئەھۋال ناھايىتى ئاز. مەتبۇئات ۋاستىلىرىنىڭ ئاساسىي نىشانى تېخىمۇ كۆپ تاماشىبىننى جەلپ قىلىپ مېلىنى سېتىش. شۇڭا، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئېلان ۋە ئالدامچىلىق ئەقىل ۋە پاراسەتنى يېڭىۋالىدۇ. تېلېۋىزىيە خۇمارىمىز مەدەنىيىتىمىزنى پۇچەكلەشتۈرۈۋېتىدۇ، كاللىمىزنى تېخىمۇ ئىشلىمەس قىلىپ قويىدۇ، جەمئىيىتىمىزنىڭ پارچىلىنىپ شەخسىيەتچىلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. قارىغاندا، بىزدە بۇنداق يامان ئادەتتىن قۇتۇلغۇدەك كۈچمۇ قالمىغان ئوخشايدۇ.

## تېخىمۇ ياخشى تاختا مۇشۈك ياسايلى

1908 ـ يىلى سىگموند فرېۋد ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىپ قايتقاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ مەدەنىيەت پۇرىقى بەك ئاجىز ئىكەن، دەپ توختىماي ئاغرىنغان. بىر خىزمەتدىشى ئۇنىڭدىن:

«ئامېرىكىدىن نېمىشقا بۇنداق نەپرەتلىنىسىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ئامېرىكىدىن نەپرەتلىنەمدىكەنمەن؟ ياق، مەن، بۇ جاينى كولومبو نېمىشقا بايقىغان بولغىيتى، دەپ ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

روھىي ئانالىز تەلىماتىنىڭ بۇ ئاتىسى چەت ئەللىكلەر دېيىشنى ئارزۇ قىلىدىغان نۇرغۇن گەپنى قىلغان، ئامېرىكىلىقلار ئۆز بايلىقىدىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلمەيدىكەن دەپ قارىغان. ئۇ ئامېرىكىلىقلارغا: «دوستانە، لېكىن چاكىنا، ئەقىللىق، لېكىن ئالدىراڭغۇ، باي، لېكىن تەنھا ئىكەن. ئۇلار ماددىي بايلىق دېڭىزىغا غەرق بوپتۇ، لېكىن ئائىلە، دوست ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىللىقلىقىدىن مەھرۇم ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئەخلاق قارىشى ناھايىتى غەلىتە بولۇپ، جىنسىي قىلمىشنى نومۇسلۇق ئىش، زوراۋانلىقنى شان ـ شەرەپ دەپ قارايدىكەن. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ ياشاش مەقسىتى خىزمەت قىلىش، لېكىن خىزمەت قىلىشنىڭ مەقسىتى تۇرمۇش ئۈچۈن ئەمەس. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمىدىن قارىغاندا، ياۋروپالىقلارنىڭ ھەر يىلى ئىككى ھەپتە ئارام ئېلىش مەدەنىيىتى ئۆزىنى خارلاش قىلمىشى ھېسابلىنىدىكەن» دەپ باھا بەرگەن. ئەنگلىيىلىك ئارتىس يالىڭ جىنسىنىڭ قېرىندىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان شۋېتسىيىلىك ئىجتىمائىي خىزمەتچى شورىز ماڭا: «بىز ئارام ئېلىش تۈزۈمىمىزدە چىڭ تۇرىمىز. ھايات بەك قىسقا، بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق» دېدى. ئۇ توغرا دەيدۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ دۇنيادىكى بىرىنچى خىزمەت تەلۋىسىگە ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ تارىخىي سەۋەبى بار. بىز كىچىكىمىزدىن باشلاپ ئالغان تەربىيىدىن شەكىللەنگەن قىممەت قارىشى ھازىرقى مەدەنىيىتىمىزنى رەھىمسىزلىك بىلەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان بىر تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئىتتىرىپ، قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي قورۇلما ۋە تېخنىكىلىق ھازىرقى جەمئىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

دېمەكچى بولغىنىم، ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇلارنى ياخشى كۆرۈپ كېتىشى ناتايىن، لېكىن بىز بۇنداق تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ كەتتۇق. ئارىمىزدىكى بەزىلەر توختىماي ئىلگىرىلەۋاتقان جەمئىيەت تەرىپىدىن هاردۇرۇۋېتىلدى. بۇ جەمئىيەتتە ئېلېكترونلۇق يوللانما، سىمسىز تېلېفون، قول كومپيۇتېرى دېگەندەك يېڭى نەرسىلەر بىزگە نۇرغۇن ئەركىنلىكلەر ۋە قۇلايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. لېكىن، پەن - تېخنىكىلىق جەمئىيىتىمىز بىلەن ئىچكى دۇنيايىمىزنىڭ ئارىسى بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتتى. بىز دائىم بېسىم كۆپ، بالىلىرىمىزغا هەمراھ بولۇپ ئوينىشىپ بەرگۇدەك ۋاقتىمىز يوق، دەپ ئاغرىنىمىز، ئۆتمۈشتىكى گۈزەل كۈنلىرىمىزنى ئەسلەيمىز، تېخىمۇ تىنچ تۇرمۇش شەكلىگە ئىنتىلىمىز. لېكىن، ئاخىردا جەمئىيەتنىڭ قورچىقىغا ئايلىنىپ قالدۇق، بۇ جەمئىيەت بىزگە سالغان پۈتۈن زىياننى ئېتىراپ قىلمىدۇق، تۇرمۇشتىكى تاللاشقا تېگىشلىك بوش ئورۇنلارنى كۆرەلمىدۇق.

«ۋاقىت پۇل دېمەكتۇر» دېگەن ئامېرىكىلىقلار چوقۇنىدىغان هېكمەتلىك سۆز مەسىلىنىڭ ماهىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. باشلىنىشتىلا مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئاساسي يۇكى تىنىم تاپماي بايلىق قوغلىشىش بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، تۇرمۇشنىڭ باشقا قىسىملىرىغا كېتىدىغان ۋاقىت تەبىئىي ئازىيىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دۆلىتىمىزدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان پروتېستانتىيە دىنىي خىزمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، هۇرۇن ئادەم باشقىلارنىڭ كەينىدە قېلىش ئازابىغا قالىدۇ، دەپ قارايدىغان بولغاچقا، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا شۇنداق ئالاهىدىلىك كېلىپ چىقتى. بۇنداق قىلىش ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. پۇل - مال هەممىدىن ئۈستۈن دەيدىغان قىممەت قارىشى پۇل - مالغا بولغان چەكسىز ئىنتىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن، ئامېرىكا ئىقتىسادى غايەت زور

ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئېرىشىپ ئىجادىيەت ۋە كەشپىيات ئارقىلىق دۇنيانى ئۆزگەرتتى. لېكىن، بىز بەزى جايلاردا ھېرىپ ھالسىرىغان كەتكەندەك ھالغا كېلىپ قالدۇق.

كىشىلەر ئامېرىكىنى دىنىي ئەركىنلىك بار پاناھ جاي دەپ قارايدۇ. ئىلگىرى ئامېرىكا چىقىش يولى ئىزدەيدىغان ئادەملەر چوقۇنىدىغان جاي ئىدى. 1540 ـ يىلى ئىسپانىيىلىك ئېكىسپېدىتسىيىچى كىرونا باي بولۇش ئارزۇسىدا بۇ يېڭى دۇنياغا تۇنجى قېتىم كىرگەنىدى. كېيىن ئۇ بۇ يەردە ئۈچ يىل تۇرۇپ مەۋھۇم يەتتە ئالتۇن شەھەرنى ئىزدىدى. تارىخىي كىتابلاردا 1620 ـ يىلىدىن بۇرۇن بۇ مۇقەددەس يەرگە كەلگەن زىيارەتچىلەرنىڭ ئەھۋالى كەڭ كۆلەمدە خاتىرىلەنگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن ياۋروپالىق كۆچمەن ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئارزۇسىدا ئامېرىكا قىتئەسىگە كەلگەن. بايلىق چۈشى تارىخىمىزدىكى ئەڭ چوڭ كۆلەملىك، سۈرئىتى ئەڭ تېز كۆچمەن ھەرىكىتىنى قوزغىدى. 1849 ـ يىلى ئالتۇن كان ئېچىش قىزغىنلىقى مىليونلىغان كىشىلەرنى كالىفورنىيىگە جەلپ قىلغاندەك، 20 ـ ئەسىردە ياۋروپالىقلار ئارىسىدا گۈزەل تۇرمۇش ئۈچۈن ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

بۈگۈنكى ئامېرىكىلىقلار بىلەن باشقا دۆلەت خەلقىنىڭ پەرقى قورالغا بولغان مۇھەببەتتە كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ يىلتىزىنى تارىخىمىزدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، بىز بايلىق قوغلاشقاندا قورال ئىشلىتىش تۇرمۇشىمىزنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەتكەن. چەت ئەللىكلەر قورقۇنچ ھېس قىلىدىغان ئىش، ئامېرىكا ئاددىي پۇقرالارنىڭ قورال ئېلىپ يۈرۈشىگە يول قويىدۇ ھەتتا قورال تۇتۇشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسىمۇ تارقاتتى. چەت ئەللىكلەر بۇنداق قىلىش دۆلەتتىكى جىنايەت نىسبىتىنى، مەكتەپلەردىكى قورال ئىشلىتىش ھادىسىلىرىنى ۋە باشقا قەست قىلىش دېلولىرىنى ئاۋۇتۇۋېتىدۇ دەپ قارايدۇ. 11 ـ سېنتەبىر

ۋەقەسىدىن كېيىن، قورال ـ ياراغنىڭ سېتىلىش مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشتى. بىزنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا بولغان تەلۋىلەرچە قىزغىنلىقىمىز ياۋرپالىقلارنى ۋەھىمىگە سالىدۇ. لېكىن، قورال ـ ياراغ ۋە زوراۋانلىق ئاللىقاچان ئامېرىكا تارىخىدىن ئورۇن ئېلىپ بولغان. بۇ يەردىكى قورال ـ ياراغ مەدەنىيىتى ئەزەلدىن سۇسلاشقىنى يوق، چەت چېگرالاردا كىشىلەر ئۆزىنى قوغدايدىغان قورالغا موھتاج، ئۇ يەردە يەرلىكلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا مۇداپىئەلىنىش قوراللىرى كەم بولسا بولمايدۇ. ئامېرىكىدا ئەركىنلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقى هوقۇقتىن بۇرۇن بولغىنىدەك، ئۇنىۋملۇك مەجبۇرلاش قانۇنى چىقىشتىن بۇرۇن قورال ـ ياراغ ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. هاياتنى ۋە مال ـ مۈلۈكنى قوغداش، زېمىن چېگرىسى ۋە سۇ تالىشىش جېدەللىرىدە قورال ـ ياراغنىڭ ياردىمىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. غەربتىكى پايانسىز قاقاسلىقتا كۆپكۆندۈزدە بۇلاڭچىلىق دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىش. كان رايونىدا بۇنداق ئىش تېخىمۇ تولا، چۈنكى ئۇ جايلاردا بايلىق تېخىمۇ كۆپ .

چېگرىدا يۈرگەن ئادەملەر تىلىدىكى مەسخىرە ۋە مەدھىيىلەشنىڭ نازۇك پەرقىگە بەكمۇ پىسەنت قىلىپ كەتمەيدۇ، ئامېرىكىلىقلار بەكمۇ ئوچۇق ـ يورۇق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بايلىق قوغلىشىش ئارزۇسىدىن خىجىللىق هېس قىلمايدۇ. ئامېرىكىغا بېرىپ باققان سانسىزلىغان كىشىلەر «ئامېرىكىلىقلار پۇل ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ قىممىتىگە باها بېرىشكە ئامراق» دەپ مۇھاكىمە قىلىشىدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ئۆتكەن ئەنگلىيە دىپلوماتى هېنرى گېلفىن مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكىلىقلار هەجمى چوڭ نەرسىگە ئامراق، بىر نەرسىنىڭ هەجمى چوڭ بولمىسا، ئەمما كۆپ پۇلغا يارىسا، ئاندىن قارشى ئېلىشقا ئېرىشەلەيدۇ . چىكاگو شەھىرىنىڭ مىشكىن كوچىسىدا ناهايىتى چىرايلىق ئىككى يۇرۇش ئۆي بار ئىكەن. مېنى باشلاپ زىيارەتكە كەلگەن كىشى بۇ

ئۆيلەرنىڭ بىرى 500 مىڭ دوللار دېدى. بىر ئېسىل ئاتنى ماختىغاندا ئۇنىڭ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىگە قارىمايمىز، بەلكى ئۇنىڭ نەچچە مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى خەجلىۋەتكەنلىكىگە قارايمىز.»

ناۋادا ئامېرىكىلىقلارنى پۇلنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ھەددىدىن ئارتۇق پەخىرلىنىدۇ دەپ قارىساق، سەۋەبى، بۇ ئۇلارنىڭ شۇ پۇلنى قان تەرى بەدىلىگە تاپقانلىقىدىن. لېكىن، ياۋروپادا مال ـ مۈلۈك مىراس قالىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ناھايىتى چەكلىك. ئادەتتە تۇغۇلغاندا قايسى قاتلامغا تەۋە بولساڭ ئۆلگەندىمۇ شۇ قاتلامغا تەۋە ھالدا ئۆلىسەن، پەرزەنتلىرىڭنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئائىلىلىرىدىمۇ مەۋجۇت. كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ تاللاش ھوقۇقى يوق. بەزىدە قانۇن ۋە ئەنئەنىگە ئاساسەن چوڭ ئوغۇل ئاتىنىڭ ھەممە مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ ھېچقانداق مىراسخورلۇق ھوقۇقى بولمايدۇ. چۈنكى، مىراس تەكشى بۆلۈنسە بۆلۈنمە بەك ئاز بولۇپ قېلىپ تۇرمۇشنى قامدىغىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئامېرىكىلىقلارنىڭ يۈزلىنىدىغىنى ھەر خىل خەۋپ ـ خەتەر ۋە ئادەمنى شادلاندۇرىدىغان پۇرسەت. چېگرا رايونلىرىدىكى بايلىق ھەممە ئادەمگە ئېچىۋېتىلگەن، ھەرقانداق ئادەم كۈرەش قىلغۇدەك باتۇرلۇقتا ۋە جۈرئەتكە ئىگە بولسىلا بۇ بايلىققا ئېرىشەلەيدۇ، ئامېرىكىدا ئەھۋال ئەنە شۇنداق. بايلىقنىڭ ئىشىكى ھەممە ئىزدەنگۈچىگە داغدام ئوچۇق، ئىزدەنگۈچىلەر ئىچىدىكى ئەڭ سەرخىل كىشىلەر كەڭ كۆلەمدە بايلىققا ئېرىشەلەيدۇ.

شۇڭا، ئامېرىكىدا سودا ياۋروپادىن مۇھىم، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر. ياۋروپانىڭ ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىدىكى بايلار سودا پائالىيىتىنى ئابرۇيىمىزنى چۈشۈرۈۋېتىدىغان خىزمەت دەپ قارايدۇ. لېكىن، بۇ خىزمەت ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ بىكار ئولتۇرغاندىن كۆپ ياخشى. ئامېرىكىدا

سودىنىڭ ھېچقانداق كەمستىش مەنىسى يوق، ئەكسىچە ئۇ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە بېيىش يولى، ئىجادىيلىق ۋە كەسپچانلىققا مەبلەغ سالغاندەك مۇھىم. رىقابەتچىڭىزنىڭكىدىن ئېسىل ۋە ئەرزان مال ئىشلەپ چىقارسىڭىز تېخىمۇ كۆپ خېرىدارنى جەلپ قىلالايسىز، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەممە ئادەم ئارزۇ قىلىۋاتقان يېپيېڭى بىر مەھسۇلاتنى ئىشلەپ چىقىرالىسىڭىز كىشىلەر مەردلىك بىلەن پۇل خەجلەپ تالىشىپ تۇرۇپ مەھسۇلاتىڭىزنى سېتىۋالىدۇ.

شۇڭا، سېتىش تېخنىكىسى ئامېرىكىدىكى سودا پائالىيىتىنىڭ يادروسى. مەسىلەن، مەلۇم مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى قايتا يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولمىغۇدەك ياخشى بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنى تېخىمۇ ياخشىلاندى دەپ تەشۋىق قىلىپ سېتىش سېتىش تېخنىكىسى بولىدۇ. شۇڭا، ئامېرىكا ئەڭ ئاخىردا دۇنيادىكى سودا ئېلانچىلىقى، ئاممىۋى مۇناسىۋەت ۋە سېتىش جەھەتتىكى يول ئاچقۇچىغا ئايلاندى. بۇ بىر تاسادىپىيلىق ئەمەس. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تىلى تاتلىق خام ـ خىيالچىلار بىلەن ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان ئالداش سەنئەتكارلىرى دۆلىتىمىزدە ناھايىتى مۇھىم روللارنى ئويناپ كېلىۋاتىدۇ. باس مېلىنىڭ «مال ساتقۇچىنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن درامىسىدىكى تەلىيى كاج ۋېل لومان، مارك تۋېننىڭ كىتابىدىكى دائىم چاتاق تېرىپ يۈرىدىغان سېرك ئۆمىكىنىڭ باشلىقى T. P بارنۇم دەل شۇنداق كىشىلەر. بارنومنىڭ مۇنداق بىر مەشھۇر گېپى بار: «ھەر مىنۇتتا بىر ئەخمەق تۇغۇلىدۇ.» مارك تۋېننىڭ كىتابىدىكى باش قەھرىمان تام سويىر ئەنە شۇنداق ئوبراز. ئۇ قوشنىلىرىنىڭ باللىرىنى: «سىلەر ۋادەك سىرلايدىغان ئويۇننى ئۇقمايسىلەر» دەپ ئالداپ ئۆزىنىڭ ۋادىكىنى سىرلاشقا سالىدۇ.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ بايلىق قوغلىشىش قىزغىنلىقى ئەمەلىيەتچىللىككە ياردەم بەردى. ناۋادا مەلۇم بىر چارىنىڭ پۇل

تېپىش رولى بولمىسا ئۇنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. بىلىمنىڭ قىممىتىمۇ ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلىشىدە كۆرۈلىدۇ. ۋىلىيام جامىس ئۆزىنىڭ «ئەمەلىيەتچىلىك» دېگەن كىتابىدا بۇ ئۇقۇمنى كەسپىي تىللار بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. بۇ كىتاب 1907 ـ يىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ پەلسەپە خەزىنىسىگە قوشۇلغان گۆھەردۇر. بۇ كىتاب ئامېرىكىلىقلار تېخىمۇ ياخشى تاختا مۇشۇك ياساش ئارزۇسىدا دېگەن ئالىي نەزەرىيىنى كېيىنكىلەرگە قالدۇردى.

ھازىرقى دۇنيادا ئامېرىكىنىڭ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ. لېكىن، دەل مۇشۇ ئامىباب پەن ـ تېخنىكا بىزنىڭ تۇغما ئىدراكىمىزنى ئەكس ئەتتۈردى. ئامېرىكا تارىخىدىكى نۇرغۇن دەۋر بۆلگۈچ كەشپىياتلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ تالانتلىق ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلىدى. تارىخىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم كەشپىيات 1807 ـ يىلى روبېرت فولتون تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ئەمەلىي ئىشلىتىشچان سودا پاراخوتى بولدى. بۇ تېخنىكا ئامېرىكىنىڭ سۇ قاتنىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئامېرىكىنىڭ چوڭ تىپتىكى سودا ترانسپورتىنىڭ يادورسىغا ئايلاندۇردى، ئامېرىكا سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. بۇنداق تەرەققىيات كېيىن غەربكە كېڭەيدى. ئامېرىكا ئاخىر بىر ئىقتىسادىي جەھەتتىكى گىگانت ئادەمگە ئايلاندى. 1834 ـ يىلى سىرۇس ماك كورمىك ئىجاد قىلغان كومبايىن يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئىسلاھ قىلدى، بۇغداي ئورۇشنىڭ ئۈنۈمى ئىككى ھەسسىدىن كۆپ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن يوھان دېيىخل ئىجاد قىلغان پولات چىشلىق ساپان قاتتىق تۇپراقتا ئاشلىق تېرىش ئىمكانىيىتىنى پەيدا قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ دۇنيانىڭ ئاشلىق ئامبىرى بولۇشىغا ئاساس سالدى. 1844 ـ يىلى سامئۇل R. F مورس تېلېگراممىنى كەشىپ قىلىپ ئامېرىكىنىڭ شەرق ـ غەرب تەرىپىنى

تۇتاشتۇردى. كېيىن ئامېرىكىلىقلار شۇ ئەسىردە ئەڭ مۇھىم دەپ ھېسابلىغان، تېخنىكىدىكى غايەت زور ئىلگىرىلەش دەپ قارالغان ئىككى تېخنىكىنى ئىجاد قىلدى: 1876 ـ يىلى بور تېلېفوننى، 1879 ـ يىلى ئېدىسون لامپۇچكىنى كەشىپ قىلدى.

يېڭى ئەسىردە ۋرايت ئاكا ـ ئۇكىلار 1903 ـ يىلى تۇنجى ئايروپىلاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچۇردى. 1911 ـ يىلى فىدرىك تايلىر زاۋۇتتىكى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىدا ئىسلاھ ئېلىپ بېرىپ ھەربىر ئىشچىنى بىر باسقۇچ خىزمەتكە مەسئۇل قىلدى. بۇ ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھېنرى پوت بۇ تېخنىكىنى يېڭىلاپ ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى، ئىشچىلارنىڭ سانى زور دەرىجىدە ئازايتىلدى، ئۇلار دۆلەت ماشىنىسىنىڭ ۋىنتىلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى، ھەربىر ۋىنتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئورنى ۋە رولى بار بولدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سودا ـ سانائەت ساھەسىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتىغا سالغان مەبلىغى بارغانسېرى كۆپەيدى، شۇ ئارقىلىق ئېرىشكەن نەتىجە سانائەت ساھەسىدە ئومۇميۈزلۈك چېچەك ئېچىپ يېڭى ئىجاد قىلىنغان تۈرلەر ناھايىتى تېز كۆپەيدى. سىمسىز تېلېگراف، تېلېۋىزور، كىنو، سۇلياۋ، ئىنسۇلىن، شۇنداقلا تېبابەت ساھەسىدە ئادەم ئىشەنگۈسىز يېڭى مەھسۇلاتلار بارلىققا كەلدى. يادرو ئېنېرگىيىسى، ئېلېكترون ئىلمى، X نۇرى، كومپيۇتېر قاتارلىقلار دەل شۇنىڭ جۈملىسىدىن. بۇ بۆسۈشلەر ئانا شىركەتكە پايدا ئەكېلىپلا قالماي ئامېرىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۆلچىمىنى يۇقىرى كۆتۈردى، تاۋار ئېكسپورتىنى غىدىقلاپ ھازىرقى زامان سانائەت مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدى.

ئەڭ زور نەتىجە 1969 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن

ئامېرىكا ئايغا چىقىشتا مۇسابىقىلەشكەندە كۆرۈلدى. ئامېرىكا غەلىبە قىلىپ تۇنجى قېتىم ئىنسانىيەتنى ئاي شارىغا قوندۇردى. قاھىرەدە مۇخبىر ۋە ئالىم ئابدۇل مۆمىن سەيدەلى ماڭا مۇنداق دېدى: «ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئايغا چىقىشى مىسىرلىقلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بۇ ئامېرىكىنىڭ پەن - تېخنىكا ۋە ئىقتىساد ئەمەلىي كۈچىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك. ئايغا چىقىش مۇسابىقىسى 21 - ئەسىرنىڭ پەن - تېخنىكا ئېچىش تۈرلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. سۇنئىي ھەمراھ، كومپيۇتېر تېخنىكىسى بارلىققا كەلدى. بۇلار ئىنسانىيەتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى جىددىيلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.»

ئەلى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «گېزىتلىرىمىز ھەر كۈنى ئامېرىكىلىقلارنىڭ كەشپىياتى ۋە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىسىملىرىنى بېسىپ تۇرىدۇ» ئۇ يەنە تولۇقلاپ مۇنداق دېدى: «بىر قىسىم مىسىرلىقلار ئامېرىكا يۇقىرى پەن - تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ بىزنى شۇلۇۋاتىدۇ دەپ گۇمانلىنىدۇ، مەن ئۇنداق قارىمايمەن. مەن ھازىر ئىشلىتىۋاتقان كومپيۇتېرغا بىل گاتېسنىڭ يېڭى بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى قاچىلانغان. بۇ سىستېمىنىڭ ماڭا بەك كۆپ پايدىسى تەگدى. قىسقىسى، مەن ئۇنىڭ مېنى قانداق شۇلۇۋېلىۋاتقانلىقىنى بايقىيالىدىم.»

بىل گاتېسنى ئامېرىكا بازىرىنىڭ سىمۋولى دېيىش مۇمكىن. ئۇ يۇمشاق دېتال ئېچىشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارى تۆۋەن كۈلكىلىك بىر كومپيۇتېرچىغا ئايلىنىپ قالدى، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بايغا ئايلاندى. بۇ ھەرگىز ئاددىي ئىش ئەمەس. 90 - يىللىرى سىئاتىل بىلەن سىلىكوندا پارتلىغان كومپيۇتېر ئىنقىلابى ئامېرىكىنىڭ تېخنىكا ساھەسىدە داۋاملىق ئالدىدا كېتىۋاتقانلىقىنىڭ بىر روشەن دەلىلى. ئامېرىكا تەتقىقاتچىلىرى ھازىر گېن قۇرۇلۇش ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئىنقىلاب پات يېقىندا بارلىق شەيئىلەرنى

ئۆزگەرتۋېتىدۇ. نۇسخىلاپ كۆپەيتىش تېخنىكىسى يېزا ئىگىلىكىدە قوللىنىلىپ ئىنسانىيەت ۋە ھايۋانلار دۇنياسىغا كېڭەيتىلىدۇ. بۇ ياخشى ئىشمۇ ياكى يامان ئىشمۇ، ھازىر ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ. ئامېرىكىلىقلار بىئولوگىيىلىك تېبابەت تەتقىقاتى جەھەتتىمۇ ئالدىنقى ئورۇندا كېتىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئىنسانىيەتنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتتى. كەلگۈسىدە بىز قېرىپ كەتكەن چاغدا ھەتتا بەدەن ئەزالىرىمىزنى ئوڭايلا ئالماشتۇرۇۋېتىشىمىز، بۇنداق ئالماشتۇرۇش ئاپتوموبىلنىڭ ماتورى ۋە باشقا زاپچاسلىرىنى ئالماشتۇرغاندەك ئاددىيلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. بىز ئامېرىكىلىقلار ئەقىللىق ئىرق، گەرچە بىزنى بەكمۇ ئاقىل دېگىلى بولمىسىمۇ. ئاقىللىق ئىجاد قىلغان مەلۇم تېخنىكىنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەشتىن ۋاز كېچىشنى ياكى پايدىلىنىشنى قارار قىلىشنى بىلىش دېگەنلىكتۇر. مەيلى نېمىلا دېيلى، بىز ھەقىقەتەن ئەقىللىق.

## يىڭنىنىڭ قۇلىقىدىن تۆگە ئۆتكۈزۈش

بۇ يەردە ئادەمنى ئويغا سالىدىغان بىر مەسخىرىلىك ئىش بار. ئامېرىكا تارىختىكى ئەڭ باي، تېخنىكىسى ئەڭ ئىلغار دۆلەت بولۇپلا قالماي يەنە سانائەتلەشكەن دۆلەتلەر ئىچىدە دىنىي ئېتىقادى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت. نېمىشقا شۇنداق؟ «ئىنجىل»دا بايلىق توپلىغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرىدىغان: بايلارنىڭ جەننەتكە كىرمىكى يىڭنىنىڭ قۇلىقىدىن تۆگە ئۆتكۈزمەكتىنمۇ تەس، دەيدىغان بىر سۆز بار.

ئۆتكەن ئىككى ئەسىردە كۆپىنچە سانائەتلەشكەن دۆلەتلەردە ئىلىم ـ پەننىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى چېركاۋلارنىڭ تەسىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن تۆۋەنلىتىۋەتتى. ئالەم پەلسەپىسى،

گېئولوگىيە، خىمىيە، فىزىكا ساھەسىدىكى بۆسۈشلەر «ئىنجىل» دىكى مەزمۇنلارنىڭ تەسىرىنى تەدرىجىي ئاجىزلاشتۇردى. ئامېرىكىدىكى ئاساسىي خەۋەرلەردە دىنىنىڭ ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇرمۇشىغا بولغان تەسىرىنى دائىم تۆۋەن مۆلچەرلەيدۇ. بەلكىم ئامېرىكىدىكى زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ كۆپ قىسمى مەتبۇئاتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بىر خىل دىنىنىڭ چەكلەش كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان دۇنيا قاراشنىڭ تەسىرىدە تۇرغاچقا شۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، يېڭى نيۇيورك شەھىرى ۋە دۇنيانىڭ باشقا ھەممە جايى ئوخشاش، دېگەن ئەقىدىگە ئەگىشىدىغان ئاراللاردىن باشقا جايلاردا، ئامېرىكىنىڭ مەركىزىي جايلىرىدا دىنىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە بولغان تەسىرى ناھايىتى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ جەنۇب ۋە غەربتىكى ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى ئىسپانىيىلىكلەر ۋە ئافرىقىلىقلار رايونىدا دىنىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئامېرىكىدىكى ماتورلۇق قاتناشنىڭ بىخەتەرلىك توساقلىرىغا: «ناۋادا سىز ئىسانى سۆيسىڭىز، ماشىنىڭىزنىڭ سىگنالىنى بېسىڭ» دەپ يېزىپ قويۇلغانلىقى ئادەمنى شادلاندۇرىدۇ، ھەتتا «خۇدا كەلدى، تەييارلىنىپ بولدۇڭمۇ؟» دېگەندەك يازمىلارمۇ بار. بۇ ھادىسىنىڭ يوشۇرۇن مەنىسى ناھايىتى ئېنىق. 94 پىرسەنت ئامېرىكىلىق خۇداغا ئىشىنىدۇ، تەخمىنەن 85 پىرسەنت ئادەم خرىستىئان دىنىي مۇرىتى. بۇ كىشىلەر ئارىسىدا تەخمىنەن يېرىمىدەك ئادەم ئۆزىنى قايتا تىرىلدىغان خرىستىئان مۇرىتى دەپ قارايدۇ. ئۇلار قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ئىسا دۇنيانى ۋە بىزنى قۇتقۇزىدۇ، بىز سىمۇوللۇق ھالدا قايتا دۇنياغا كېلىمىز، دەپ چوڭقۇر ئىشەنچ قىلىدۇ. ئىسا بۇنداق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا دائىم پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ھەر دائىم ئۇلار چوڭ ـ كىچىك مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ئۆز ـ ئۆزىدىن: «بۇ مەسىلىگە ئىسا ئۇچرىغان بولسا قانداق قىلار بولغىيدى؟» دەپ سورىشىدۇ. گەرچە كۆپىنچە كىشىلەر قايتا

تىرىلدىغان خىرىستىئان دىنىنىڭ مۇرىتى ئەمەس، بەلكى ئورتودوكسىئال خىرىستىئان دىنىنىڭ ئىخلاسمەنلىرى بولسىمۇ، باشقا دىن مۇرىتلىرىنى قارغىشقا ئۇچرىغانلار دەپ قارايدۇ. ئامېرىكىدىكى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ دىنىي كىتابلار بازىرىدا ئۆتكەن بەش يىلدا ئەڭ كۆپ سېتىلغان بازارلىق كىتاب «ئاخىرەتنىڭ ھەسرىتى» دېگەن قىسىملىق رومان بولغان. بۇ رومان سەككىز قىسىم بولۇپ، ئەسەردە خۇدانىڭ ئىنسانلارنى جەننەتكە ئېلىپ كەتكەنلىكىدەك «ئېلىپ كېتىش» نەزەرىيىسى تەشۋىق قىلىنىدۇ. نۇرغۇن ئەسلىيەتچىلەر بۇ نەزەرىيىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ نەزەرىيىگە ئاساسلانغاندا «ئىنجىل. دەۋەتلەر» قىسمىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن ئەھۋال مەيدانغا كەلگەندە خۇدا پۈتۈن دۇنيانى ۋەيران قىلىپ، ئاندىن 12 مىڭ خىرىستىئان مۇرىتىنى جەننەتكە ئېلىپ كېتىدۇ، باشقا ئادەملەر دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

ئامېرىكىدا دىنىنىڭ تەسىرىنىڭ بۇ دەرىجىدە كۈچلۈكلىكىدىن ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى دىن بۇ دۆلەتنى تىنچلاندۇرالايدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئەڭ دەسلەپكى يىللاردا دىنىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى مەسىلىسىدە جىددىي ھالەت كېلىپ چىققان. ئەينى چاغدا بىر لاگېردا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پاك دىن مۇرىتلىرى بولغاچقا، بۇ دىنىي ئەركىنلىك ئۈچۈن ئامېرىكىغا كەلگەن سادىق مۇرىتلار تۆۋۈقسىز پروتېستانت دىنىدىن باشقا ھەرقانداق دىننى قانۇنسىز دەپ جاكارلىغان. يەنە بىر لاگېردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس جايغا چوقۇنىدىغان، لېكىن كەسكىن ئەمەس مۇرىتلار بولۇپ، ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي قارار چىقىرىشىغا قاتنىشىشىغا يول قويغان. لېكىن، داھىيلىرىمىز بۇ ھەقتە ھەل قىلغۇچ خۇلاسە چىقىرىپ، دىنىي ئېتىقادنى ئېتىراپ قىلىش، دىنىي ئېتىقادقا يول قويۇشنى قارار قىلغان، لېكىن ئاساسىي قانۇندىن خۇدا دېگەن سۆزنى چىقىرىۋەتكەن. ئۇلار نەچچە ئەسىردىن بۇيان ياۋروپا ۋە باشقا

جايلاردىكى دىنىي ئېتىقاد تالاش ـ تارتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆرۈشلاردىن ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن شۇنداق قارارغا كەلگەن. دىنىي جەمئىيەت بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى كەسكىن ئايرىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويغان. نەزەرىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كۆزقاراش يول ئاچقۇچى داھىيلار ئۈچۈنمۇ غەلىتە تۇيۇلاتتى. چۈنكى، مادىزونىدىن باشقا داھىيلار خۇدا بار دېگەن قاراشقا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەردىن ئىدى.

لېكىن، دىن بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىش ئەزەلدىن بىز دەۋاتقانغا ئوخشاش مۇتلەق بولغىنى يوق. ئورتودوكسئال خرىستىئان دىنى بىلەن باشقا كەڭ قورساق دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ھېلىمۇ تىنچلانغىنى يوق. ھۆكۈمەت چېركاۋلارنىڭ مال ـ مۈلۈك بېجىنى كەچۈرۈم قىلغان. بۇ تەدبىر ماھىيەتتە دىنىي جەمئىيەتلەرگە بېرىلگەن يىللىق قىممىتى نەچچە مىليارد دوللارلىق ياردەم. ئامېرىكىنىڭ پۇلىدا «بىز خۇداغا ئىشىنىمىز» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. قانۇن، سىياسەت، مائارىپ سىستېمىمىزدا دائىم تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى، ھامىلە چۈشۈرۈۋېتىش، مەكتەپتە دۇئا قىلىش ۋە جەمەتلەر ئېتىقادى دېگەندەك مەسىلىلەردە كەسكىن تالاش ـ تارتىش يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. پاك دىن مۇرتى بولغان ئەجداتلىرىغا ئوخشاش، خرىستىئان دىنىنىڭ پروتېستانت تەرىقەتچىلىرى، ئۇلار تەشەببۇس قىلىۋاتقان دىنىي كۆزقاراشلىرىدا دۆلەتنىڭ قانۇن ـ بەلگىلىمىلىرى ئەكس ئېتىشى كېرەك، دەپ تەلەپ قىلىدۇ. ئاخبارات ئورۇنلىرى خارى پورتېرنىڭ رومانىنى تارقىتىشنى چەكلەش (چۈنكى ئۇلار روماندا بىدئەت مەزمۇن بار دەپ قارايدۇ) دېگەندەك مەزمۇنلاردىكى تىرىشچانلىقلارنى خەۋەر قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسىدىن تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى چىقىرىپ تاشلاپ ئورنىغا ئالەمنىڭ

يارىلىش تەلىماتىنى دەسسەتتى (1999 ـ يىلى كانساس شتاتىدا شۇنداق بولدى) . لېكىن، بۇنداق تىرىشچانلىق ئۇلارنىڭ تەلۋىلەرچە قىزغىنلىقىنى پەسەيتمەي، ئەكسىچە 1999 ـ يىلى 16 شتاتتا 26 خىل مۇشۇنداق قاراشلارغا ئىگە تەلەپلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەمەلىيەتتە، زور كۆپچىلىك خرىستىئان مۇرىتلىرى تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى ئېتىراپ قىلدى. ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىگە سۈكۈت قىلدى، پەقەت ھامىلە چۈشۈرۈۋېتىش مەسىلىسىدىلا ئوخشىمىغان كۆزقاراشتا بولدى، لېكىن، بىر تۈركۈم تەۋرەنمەس ئاز سانلىق مىللەت كۈچلىرى پەيدا قىلغان تەسىرگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. مەكتەپتە ئىبادەت قىلىش قىلمىشى ئىزچىل سوتنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ كېلىۋاتىدۇ، چۈنكى بۇ قىلمىش ھۆكۈمەتنىڭ دىن بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىش پرىنسىپىغا خىلاپ. شۇڭا، ھازىر مەكتەپلەردە ئىبادەت قىلىش «بىردەملىك جىم تۇرۇۋېلىش» دېگەن نامدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. 2001 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئوھىئو شتاتلىق مائارىپ كومىتېتىنىڭ بىر ئەزاسى مەجبۇرىي گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئەقلىي ئىقتىدارنى لايىھىلەش مەسىلىسىنى سۆزلەش كېرەكمۇ، ئەمەس، دېگەن مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلدى. ئۇنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئاممىۋى دەرسخانىلاردا سۆزلىنىۋاتقان يېڭى نۇسخىدىكى ئالەمنىڭ يارىلىش تەلىماتى ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى بېلەت تاشلاش نەتىجىسى ئۇنىڭ لايىھىسىنى رەت قىلىپ تاشلىدى. لېكىن، باشقا جايلاردىمۇ بۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلدى. بۇنداق لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسىدۇر.

ۋاشىنگتوندىكى زېھنى ئۇرغۇپ تۇرغان سىياسىيونلارمۇ شۇنداق ئېتىقادقا ئىشىنىدىكەن. كىشىلەر جورجى بۇشتىن، قايسى پەلسەپىنى ئەڭ ياخشى كۆرىسىز، دەپ سورىغاندا، ئۇ، خرىستىئان پەلسەپىسىنى، دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇمۇ قايتا دۇنياغا كەلگۈچىلەر مەزھىپىدىكى خرىستىئان مۇرىتى. ئورتودوكسئال خرىستىئان

مۇرتلىرى ناھايىتى زور سىياسىي قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن خرىستىئان ئوڭ قانات مەزھىپىنىڭ داھىيلىرى ئىزچىل ئاقسارايدا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىش ئورنىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇلار 2000 ـ يىللىق سايلامدا قىلچە نومۇس قىلىشنى بىلمەيدىغان فوبىن مەزھىپىدىكى پروتېستانت دىنىي مۇرتى گارى بوۋېرنى ئەمەس بۇشنى قوللاشنى قارار قىلدى. بۇش بۇ ئادىمگەرچىلىك قەرزىنى ئاللىقاچان تۆلەپ بولدى. ئۇ مەجبۇرىي ھالدا «دىنىي ئېتىقادنىڭ ئۇلى» نى يېڭىلاش پىلانىنى تەستىقلاپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەسئۇلىيىتىنى ھۆكۈمەتتىن چېركاۋلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، خرىستىئان پروتېستانت دىنىي تەرىققەتچىلىرىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان كىشىلەرنى سوتچى ۋە فېدېراتسىيە ئەمەلدارى قىلىپ تەيىنلىدى . گەرچە 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن كېيىن خرىستىئان ئوڭقاناتلىرىنىڭ ھوقۇقى يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەش يۈزلىنىشىدىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوڭقاناتلارنىڭ دۆلەت مەجلىسنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە كلىنتون زۇڭتۇڭنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا ئۇرۇنۇش جەريانىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ھېلىمۇ ئۇلار بىر مۇھىم ئاساسىي كۈچتۇر. بولۇپمۇ، جەنۇبتا ئۇلارنىڭ ياردىمىسىز جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ سايلامدا غەلىبە قىلالىشى ناتايىن. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسى ئىچىدىكى ئىككى ئەمەلىي ھوقۇقلۇق جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى. بۇ كىشى پارلامېنتتىكى ئاز سانلىق گۇرۇھلار داھىيسى تېلنوت لوت ۋە ئاۋام پالاتا ئەزاسى دىۋىزور تام. ئۇلار كلىنتوننى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھەرىكىتىدە ئەڭ ئالدىدا ماڭدى. نەچچە مىليون ئورتودوكسىئال خرىستىئان مۇرتى زۇڭتۇڭنىڭ نىكاھتىن سىرت جىنسىي قىلمىشىدىن بەكمۇ غەزەپلەندى. ئۇلار بۇ ئىشنى دۆلەتنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىق دەپ قارىدى. لېكىن، دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ سىرتىدىكىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ

دىنىي ئېتىقادنى جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭكىدىن تۆۋەن تۇرمايدۇ دەپ جاكارلىدى. ئامېرىكىدا مەيلى كىم بولسۇن، ئۆزىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىسا سايلامدا غەلىبە قىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلماق مۇمكىن ئەمەس. كلىنتون بىلەن ئارل گور ئېپتىخارلىق بىلەن ئۆزلىرىنى قايتا دۇنياغا كېلىدىغان يېڭى دىن مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرى دەپ ئاتايتتى، لېۋىنىسكى سەتچىلىكىدىن كېيىن كلىنتون خرىستىئانلارنىڭ توۋا قىلىش ۋە ئەپۇ قىلىش مۇراسىمىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئابرۇيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى.

ئامېرىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىشتە دىن ھەل قىلغۇچ ئامىل. بىزدە فىلىس دەپ ئادەم ئىسمى بار، بۇ ئىسىم ئىنجىلدىن كەلگەن، پۇل ۋە بايلىق قوغلىشىشقا ئامراق ئامېرىكىلىقلارنىڭ قوپال ئوبرازىنى تەسۋىرلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. بىز، بايلىق قوغلىشىش خاتا ئەمەس دەپ قارايمىز، چۈنكى بىز دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەت. كىشىلەر ئامېرىكىدىن ئىبارەت زىددىيەتلىك دۆلەتنى چۈشىنىپ يېتىش ئۈچۈن پىكىر قىلىشقا باشلىغاندا دېگولنىڭ گېپى بىزنىڭ تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تېپىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن دۇنيادىكى ھېچقانداق مىللەتنىڭ ئامېرىكىغا ئوخشاش دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلالمىدىم. ئۇلارنىڭ ئەخلاق، ئىجتىمائىي، سىياسىي فورماتسىيىلىرى دىنىنىڭ تەسىرىگە بەكمۇ چوڭقۇر ئۇچرىغانىكەن.» بۇ فرانسىيىلىك ياشنىڭ قارىشىچە، كەسكىن دىنىي ئېتىقاد بىلەن پۇلغا بولغان قىزغىنلىق زىددىيەتلىك ئەمەس، بەلكى دىن تەڭپۇڭلاشتۇرۇش رولىنى ئويناپ ئادەمنىڭ پۇلغا بولغان ئارزۇسىنى پاكلاشتۇرىدۇ. دېگول مۇنداق دەپ يازىدۇ: «دىنىي ئېتىقاد ئادەملەرنىڭ بايلىققا بولغان قىزغىنلىقىنى مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەتلىك توسالمايدۇ، بەلكى كىشىلەرنى بىر خىل سەممىي ئۇسۇلدا بايلىققا ئېرىشىش يولىغا باشلايدۇ.»

لېكىن، دېگول توكۋىر بۇ فورمۇلانىڭ بىر ھەل قىلغۇچ ئامىلغا، يەنى ئامېرىكىدىكى پروتېستانت مۇرتىلىرىنىڭ كارۋىنىزملىق تۇسكە سەل قارىغان. كارۋىنىزىم ئامېرىكىلىقلارنىڭ بايلىققا ئىنتىلىشىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۇرۇۋەتتى. كارۋىنىزمنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق ئادەم تىرىشىپ ئەمگەك قىلسا، خۇداغا بولغان ئېتىقادىدىن تەۋرەنمىسە بۈيۈكلۈك بابىغا يېتەلەيدۇ. پەقەت خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىلا بۈيۈكلۈككە يېتىشنىڭ بىردىنبىر يولى بولۇشى ناتايىن. بايلىققا ئىگە بولۇش خۇدانىڭ مەلۇم ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنىڭ بېشارىتى. بىر ئادەمنىڭ نامراتلىقى دەل خۇدانىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنىڭ بېشارىتى. بۇنداق ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ روھىنىڭ تۇرمۇشى قىلچە مەپتۇن بولۇشقا ئەرزىمەيدۇ.

ئۇزۇندىن بېرى كارۋىنىزمنىڭ تەسىرى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەخلاق قارىشىغا سىڭىپ كىردى ھەتتا دىنغا ئانچە قىزغىن پوزىتسىيە تۇتمايدىغان ئادەملەرمۇ بۇ خىل قاراشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. بايلار ئۆزلىرىنىڭ بايلىقىنى خۇدانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، ئۇلار تۇغۇلۇشىدىنلا شۇنداق ئەۋزەل شارائىتقا ئېرىشكەن دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، پۇلى بار ئاتا ـ ئانا، ساغلام بەدەن، ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى دەل شۇنىڭ مىسالى. بۇ ھال كىشىلەرگە قېرى بۇشىنىڭ بىر چاقچىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ: «مانا، دادىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئامەت ئوغلىنىڭ بېشىغىمۇ كەلدى» دەپ چاقچاق قىلغانىدى.

بىز توغرا يولغا ماڭغاچقا باي. بۇنداق قاراش نۇرغۇن جەھەتلەردە رېئال ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. ئامېرىكىلىقلار يەرلىكلەرنىڭ زېمىنىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغاندا، ئافرىقىلىقلارنى قۇل قىلغاندا مۇشۇنداق پىسخىكا ئارقىلىق ئەخلاقىي جەھەتتىكى جىنايەت تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالىغان.

لېكىن، ھازىر ئامېرىكا مەدەنىيىتىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇ قاراش ئامېرىكىلىق خىزمەت تەلۋىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىسپاتلاندى، ئۇلار پەقەت جاپالىق ئەمگەك قىلىش، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەش ئارقىلىقلا ماددىي، ئەخلاقىي بايلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىز ئامېرىكىلىقلار ئىچىدە شۇنچە كۆپ خىزمەت تەلۋىلىرىنىڭ بولۇشىنىڭ مۇنداق بىر سەۋەبى بار: ئۇزۇن مەزگىللىك خىزمەت بىزنى باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ياخشى ئادەم دەپ قارىلىدىغان قىلىپ قويغان. بۇ خىل پەرەز بىزنىڭ كەمبەغەللەرگە ئۇتقان كەمسىتىش پوزىتسىيىمىزنى ئىزاھلىشىمىزغا پايدىسى بار. نۇرغۇن ئامېرىكىلىقنىڭ نەزىرىدە نامراتلىق نامراتلارنىڭ ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھادىسە.

ئەلۋەتتە، ئامېرىكىنىڭ دىنىي ئېتىقادى پەقەت كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئارمىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نۇقتىسىدىنلا چەكلىنىپ قالغىنى يوق. ھەر تۈرلۈك دىنىي مۇرىتلار چېركاۋنى ئۆزلىرىگە خاتىرجەملىك ۋە دوستلۇق مېھرى بېرىدىغان جاي بولسا، دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. ھەر تۈرلۈك مەزھەپلەر ھازىرغا قەدەر ناھايىتى ئەمەلىي رول ئالدى ھەتتا باتۇرلارنىڭ رولىنى ئوينىدى. ئۇلار نامراتلارنىڭ ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىككە قارشى كۈرىشىگە ياردەم بەردى. نېگىرلارنىڭ چېركاۋى پۇقرالار ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلانسا، ئىلغار كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى كىشىلەرنى نامراتلىق بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يول ئاچقۇچى داھىيلار ئىزچىل چىڭ تۇرغان دىنىي كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتى بۈگۈنمۇ ئۈزلۈكسىز مېۋە بېرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ رەڭدار دىنىي مەنزىرىدۇر. بۈگۈنكى ئامېرىكىدا 37 مىڭدىن ئارتۇق ھەر خىل شەكىلدىكى دىنىي ئېتىقادلار بار. كۆپ يىللاردىن بېرى بەزىدە كەسكىن مۇنازىرىلەر ۋە قانۇن توقۇنۇشلىرى كېلىپ چىققان بولسىمۇ، دۆلىتىمىز باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش دىنىي قان تۆكۈش

ياتقنقىغا يېتىپ قالمىدى. بۈگۈنكى دۇنيادا بۇنى بىر قالتىس نەتىجە دېيەي مۇمكىن ئەمەس.

تەكىتلەپ قوياي، كەلگۈسى بىزگە ئېلان قىلىدىغان رىقابەت دەل بىزنىڭ تارىخنى مەھكەم ئەستە تۇتۇشىمىزدۇر. دىنىي توقۇنۇش پۈتكۈل دۇنيانى هالاك قىلىشى مۇمكىن. ئامېرىكىدىكى دىنلارنىڭ ئورتاق مەۋجۇت بولۇشى دىن بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىشنىڭ بەك ياخشى بولمىسىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ نەتىجىسى تېخىمۇ كۆپ دىنىي ئەركىنلىك، ئەپۇچانلىقنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولدى. ئامېرىكىدا مۇقەددەس ۋە مۇقەددەس بولمىغان نۇرغۇن خۇدالار بار. ئىسا، ساكيامۇنى قاتارلىقلاردىن باشقا يەنە بىر خۇدايىمىز بار، ئۇ تېلېۋىزىيە، تېخنىكا، سېھىرگەرلىك ۋە ھەممىگە قادىر ئامېرىكا دوللىرى. بىز ئۇلارغا چوقۇنىمىز. بىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر يۇقىرىقى خۇدالارنىڭ قايسىبىرىنى تاللاش زىددىيەتلىك ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئامېرىكىلىقلار ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ھەر خىل قالايمىقان، شۇنداقلا مۇقەددەس ئېتىقادقا ئىگە، شۇڭا بىز يۆنىلىشتىن ئېزىپ تۇرىمىز. بەزىدە ناھايىتى ئاددىي، بەزىدە شۇنچىلىك سادىق مۇرىتلارغا ئايلانساق، بەزىدە يېڭى ئېقىم خۇمار، شۇنداقلا مۇتەئەسسىپ، بەزىدە تۈز، بەزىدە تۇراقسىز بولۇپ قالىمىز. بۇنداق روھنىڭ چوڭ ئوچىقى زىددىيەت بىلەن تولغان بولسىمۇ، بۇنداق ھالەت خرىستىئان دىن تەرغىبچىلىرى تەشەببۇس قىلغان ئەلالىق كۆزقارىشىدىن ئەلا. ئېمېرسۇن مۇنداق دېگەن: «ئەخمىقانە بىردەكلىك كالىلىسى ئاددىي غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئىشىدۇر.» بۈگۈنكى كۈندە بۇ قاراشلارنىڭ پائال ئەھمىيىتى بار. بۈگۈنكى دۇنيا بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتىدۇ، كەلگۈسى بىزدىن تېخىمۇ كۆپ شەكىللەر بىلەن رېئاللىققا يۈزلىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

# بەشىنچى باب كۆزگىلى بولمايدىغان سىنىپ ۋە ئالتۇن ئالما



## «يېشىل دالىدىكى پەرىشتە ئىزى»نىڭ لايىھىلىگۈچىسى

«يېشىل دالىدىكى پەرىشتە ئىزى» ، ھەممە كىشىگە تونۇش، بۈگۈنكى ئامېرىكىلىقلارنى ئەڭ گەۋدىلەندۈرىدىغان باللار چۆچىكى. ئەمەلىيەتتە بىز تۆت ياكى بەش ياشتىن باشلاپ بۇ چۆچەكنى تېلېۋىزوردىن كۆرۈشكە باشلىغانىدۇق. ھەر قېتىم «ئالتۇن كېسەكتىن ياسالغان يول» ، «غەربتىكى پېرىخون» ، «گۆھەر شەھەر» ياكى «ھەسەن ـ ھۈسەنگە مىنىش» ، «بىز پەرىشتىنى كۆرگىلى بارىمىز» دېگەن ناخشىلار ئېيتىلغاندا بارلىق ئامېرىكىلىقلار (مەيلى قېرى ياكى ياش بولسۇن، قايسى مىللەت، قايسى قاتلامنىڭ ئادىمى بولسۇن) تېكىستنىڭ مەنىسىنى دەرھال چۈشىنىپ يېتىدۇ ۋە خۇشال بولۇپ كېتىدۇ.

بۈگۈنكى باللار بازارلاردا سېتىلىدىغان سىنالغۇ لېنتىلىرى ئارقىلىق «يېشىل دالىدىكى پەرىشتە ئىزى» دېگەن چۆچەك بىلەن تونۇشىدۇ. ئۇلار بۇ چۆچەكتىن قاچان زوقلىنىپ، دېسە سىنئالغۇنى ئاچسىلا مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، قانچە قېتىم كۆرەي دېسە شۇنچە قېتىم كۆرەلەيدۇ. بىز ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا چوڭ بولغان كىشىلەر دۆلەتلىك مۇراسىمنى كۆرمىسەك مەيلى ئىدىكى ، ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان «يېشىل دالىدىكى پەرىشتە ئىزى» نى كۆرۈش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەيتتۇق. شۇ يىللاردىكى تورلاشقان تېلېۋىزىيە ھەر يىلى تىرىلىش بايرىمىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بۇ كىنونى تەكرار قوياتتى. مەن ۋە قېرىنداشلىرىم، دوستلىرىم كىنو باشلىنىدىغان كۈننىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتۇق. ئامېرىكىدىكى سانسىز ئائىلىلەرگە ئوخشاش ئاق باللداق ۋە شاكىلاتلارنى كۆتۈرۈپ تېلېۋىزور ئالدىغا جەم بولاتتۇق. ھەممىمىز دومىنىسنىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرى ئىچىگە كىرىپ

كېتەتتۇق. تالىس تېكساستىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدىن كەلگەن قىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىنى شىددەتلىك قويۇن كۆككە ئۇچۇرۇۋېتىپ كېتىدۇ. ئۆي ئۇچا - ئۇچا، ئەڭ ئاخىردا بىر پېرىخوننىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز كېچىلەردە ئاتا - ئانىمىز بىز بىللە ئولتۇرۇپ بۇ كىنونى كۆرەتتى، بولۇپمۇ كىنودىكى خەتەرلىك كۆرۈنۈشلەر بار يەرلەرگە كەلگەندە يېنىمىزدىن ئايرىلمايتتى . بەلكىم ئاتا - ئانىلار بۇ كىنو بىلەن ھەقىقىي ئۇچراشقان ۋاقتىنىڭ كىنوخانىدا بولغانلىقىنى ئەسلەيدىغاندۇ. بۇ كىنو 1939 - يىلى تۇنجى قېتىم تارقىتىلغانىدى. ل. فرانك بومنىڭ ھېكايىسىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىلگەن بۇ ئەسەر ھولليۋۇدتا سۈرەتكە ئېلىنغانىدى. بۇ كىنو جورى گالاننى بىر كېچىدىلا مەشھۇر كىنو چولپىنىغا ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ رول ئېلىش ماھارىتى بۇ كىنونىڭ ئامېرىكىلىقلار قەلبىدىكى ئورنىغا تېخىمۇ تەسىر قىلدى. بۇ كىنو جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدىكى ھەرقايسى ياشتىكى كىشىلەرنى ئوخشاشلا جەلپ قىلاتتى. بۇ كىنونىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ ئۆزۈنىچە ئاجىزلاشماسلىقى ئۇنىڭ ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۈپ مىللىي ئېتىقادىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇ كىنونىڭ ئوبيېكتى ئاشۇ «پىسخىك جەھەتتە ياش» تاماشىبىنلار ئىدى، ئامېرىكىلىقلار دەل مۇشۇ شەرتكە ئۇيغۇن كېلەتتى. ئۇلار بەزىدە سەبىي، بەزىدە ئۈمىدۋار ۋە خۇشال - خۇرام، بەزىدە ناھايىتى ئاق كۆڭۈل بولۇپ قالىدىغان كىشىلەر ئىدى، كەلگۈسىدىكى بەختىيار تۇرمۇشقا قاتتىق ئىشەنگەنىدى. يېشى ناھايىتى كىچىك تاماشىبىنلارمۇ كۈمۈش رەڭلىك سىنك ئادەمنىڭ سۆزلىيەلەيدىغان ئالما دەرىخىنىڭ تۈۋىدە داتلىشىپ قالغانلىقىغا، ئۇچۇۋاتقان مايمۇننىڭ پەسكە چۈشۈپ تالىس بىلەن ئۇنىڭ ئىتى توتونى بولاپ كەتمەكچى بولغانلىقىغا ئوخشاش تەسىرلىك ۋەقەلەرنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. باللار يەنە كىنودىكى پاپانىڭ ياگراق ۋە

بوغۇق ئاۋازدا ئېيتقان ناخشىلىرىنى ياخشى كۆرەتتى. چوڭراق باللار ھېكايىنىڭ كلاسسىك سۇژىتىغا مەپتۇن بولۇپ كېتەتتى. بىر ئۆسمۇر يالغۇز ساياھەتكە چىقىدۇ، دۇنيا كېزىدۇ، نۇرغۇن خەتەرلىك ۋە ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان ئىشلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ، نۇرغۇن خەۋپ - خەتەرنىڭ تاۋلىشىدىن كېيىن چوڭ بولىدۇ. بۇ ھېكايىنىڭ چوڭلارنى جەلپ قىلىشىدىكى سەۋەب، يۇمۇر، ناخشا، خام خىيال ۋە ئادەمنى روھلاندۇرىدىغان باش تېمىلارنىڭ بىرلىشىپ كەتكەنلىكىدە.

كىنودىكى ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەرگە ئوخشاش دۇنيادىمۇ ئەنە شۇنداق نۇرلۇق ۋە گۈزەل، شۇنداقلا رەزىل، سەت نەرسىلەر مەۋجۇت. يېشىل پەرىشتە غەربتىكى پېرىخونىنىڭ سۇپۇرگىسىنىڭ دەستىسىنى ئەكېلىپ بەر دەپ تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىشلار ئاڭلىماققا بىز ياشاۋاتقان دۇنيادىكى بەزى كەسكىن خىرىسلاردىن قېلىشمايدۇ.

نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلار بۇ كىنونىڭ سىياسىيۋىلىكى ناھايىتى كۈچلۈك چۆچەك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ كىنونىڭ قىستۇرما ناخشىلىرىنىڭ تېكىستىنى يازغان Y. E ئاربور بىرنەچچە يىلدىن كېيىن بۇ نۇقتىنى بىۋاسىتە ئىسپاتلىدى. ئاربور بىلەن ئۇنىڭ ئىجادىيەتتىكى شېرىكى، كومپوزىتور خارلود، ئالون چېكىدىن ئاشقان سولچىلاردىن بولۇپ، روزۋېلت زۇڭتۇڭنىڭ يېڭى سىياسىي پىلانىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوللايتتى. ئۇ پىلان ئىقتىسادىي بۆھران ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا دەپسەندە قىلىنغان كەمبەغەللەر ۋە ئىشچىلارغا ياردەم بېرىشنى مەزمۇن قىلغانىدى. گۈزەل گۆھەر شەھەرنىڭ مەسىلىلىك مەنىسى دەل يېڭى سىياسىي پىلانىدۇر، دەيدۇ ئاربۇر. گۆھەر شەھەر يېشىل رەڭدە چاقناپ تۇرىدىغان گۆھەرگە ئوخشايدىغان، فىلىمدىكى تاۋلىس خەۋپ - خەتەرگە قارىماي ئېرىششنى ئىزلىگەن غايىۋى نىشان ئىدى. تاۋلىس ئەڭ ئاخىر بۇ گۈزەل جايغا يېتىپ كەلگەندە كىنودىن شاد - خۇرام بىر قىستۇرما كۈي ئاڭلىنىدۇ. بۇ كۈيدە «بىز چۈشتە

ئورنىمىزدىن تۇرىمىز، چۈشتىن كېيىن سائەت بىرگىچە خىزمەت قىلىمىز، بىر سائەت ۋاقىت چىقىرىپ چۈشلۈك تاماق يەيمىز، ئاندىن سائەت ئىككىدە بىر كۈنلۈك خىزمىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرىمىز» دېگەنگە ئوخشاش ھەقىقىي ئەمگەكچىلەرنىڭ جەننىتى تەسۋىرلىنىدۇ.

كىنودىكى ناخشا تېكىستىنى يازغان ئاپتور بىلەن سېنارىست كىنوغا ھېچقانداق غەرەز يوشۇرمىغاندەك قىلىدۇ. لېكىن، ئوبدان كۆزەتسەك، كىنودىكى ئالامەتلەردىن كىنونىڭ ئەينى چاغدىكى ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. تاۋلىس ۋە ئۇنىڭ كىچىك ھەمراھلىرى ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى ھەر خىل ئادەمنىڭ كىشىلەرنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. تاۋلىس يەنە ئامېرىكىلىقلارنىڭ سەبىي ۋە ئۈمىدۋارلىقىنىڭ سىمۋولى بولسا، پاخال ئادەم دېھقانلارنىڭ سىمۋولى ئىدى. چۈنكى، 1939 ـ يىلى يېزا نوپۇسى پۈتۈن ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيتتى. سىنىك ئادەم ئىشچىلارغا ۋەكىللىك قىلاتتى، 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا، ئامېرىكىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق سانائەتلىشىشىنىڭ نەتىجىسىدە، ئىشچىلار سىنىپىنى سىنىك ئادەم دەپ ئاتايدىغان ئادەت پەيدا بولغانىدى. قورقۇنچاق شىرنى چۈشەنمەك سەل تەس، بەلكىم ئۇ دۆلەتنى قوغدايدىغان ئەسكەرلەرگە ياكى ئادەتتىكى مەسخىرىۋازلارغا ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن. كىنودىكى سەلبىي پېرسوناژ غەربلىك ئايال پېرىخون ناھايىتى جانلىق، سەلبىي ئوبراز بولۇپ، كانساسلىقلارنىڭ ئوبرازىغا ۋەكىل بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ ۋە رەھىمسىز كاپىتالىست سۈپىتىدە تاۋلىسنىڭ ئائىلىسىگە تەھدىت سېلىپ، ناۋادا توتو ئىسىملىك كۈچۈك ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنمىسا دېھقانچىلىق مەيدانىنى مۇسادىرە قىلىمەن دەيدۇ. پېرىخون ئاچ كۆزلۈكنىڭ سىمۋولى بولۇپ، رەزىل پومېشچىككە ئوخشايدۇ، تاۋلىسقا بەكمۇ ئۆچ. «مەن مەڭگۈ ساقلاپ تۇرمايمەن مەن قىزىل گۆھەردىن ياسالغان خرۇستال ئاياغقا

ئېرىشىشىم كېرەك» دەيدۇ ئۇ.

كىشىلەر بۇ سىمۋوللۇق شەخسلەرنىڭ ئىنچىكە جايلىرىغا دىققەت قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. «يېشىل پەرىشتەنىڭ ئىزى» نىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى بەكمۇ ئېنىق بولۇپ، ئۆزۈڭگە ئىشەن، دوستلىرىڭغا تايان، ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىل، شۇنىڭدىلا تۇرمۇش تېخىمۇ گۈزەللىشىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. كىنودا تاۋلىس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى پەرىشتەدىن زور ئۈمىد كۈتىدۇ، پەقەت پەرىشتەنىڭ ياردىمى بىلەنلا كانساستىكى يۇرتىمىزغا كېتەلەيمىز دەپ قارايدۇ. پاخال ئادەم ئەقىللىق مېڭەم بولسا دەپ ئارزۇ قىلسا، سىنىك ئادەم تېخىمۇ كۈچلۈك يۈرەككە ئىگە بولسام دەپ ئويلايدۇ، شىر تېخىمۇ يۈرەكلىك بولۇش خىيالىدا يۈرىدۇ. ئەڭ ئاخىردا تۆتەيلەن ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايانغاندىلا ئىزلىگەن نەرسىسىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ غاردا نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەر بار ئىدى. پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىشەنچىسى بولمىغاچقا بۇ نەرسىلەرگە سەل قارايدۇ ياكى كۆرەلمەيدۇ. بەلكىم بۇ كىنو ئىقتىسادىي بۆھران ئىچىدە قالغان ئامېرىكىلىقلارنى ئەسلىدىن ئۆزىگە تەۋە گۈزەل تۇرمۇشنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن ئىلھاملاندۇرغىلى ئىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. بۈگۈنگە قەدەر بۇ كىنو كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتىدۇ. كىنودىكى «بىز ئۆزىمىز ياشاۋاتقان دۆلەتكە نىسبەتەن تولۇپ تاشقان ئىشەنچتە بولۇشىمىز كېرەك» دېگەن ئىدىيە بىلەن تاۋلىس ناخشىسىدا ئېيتقان: «پەقەت ئارزۇ - ئارمىنىڭنى لايىھىلەشكە جۈرئەت قىلالىساڭ ئۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ» دېگەن پىكىر ئامېرىكىلىقلارنىڭ يۈرەك تارىنى چەككەنلىكتىن شۇنداق نەتىجە كېلىپ چىققان.

## يىراقتا تۇرۇپ ئالتۇن ئالمىنى كۆزىتىش

ئامېرىكا مەيلى نېمە ئىش قىلما، غەلىبە قىلىش ئىمكانىيىتى بار، ئەمما چۇشەنگىلى بولمايدىغان دۆلەت، دېگەن قاراشقا ھەممە چەت ئەللىك قوشۇلىدۇ. بۇ گەپ دەرھال ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىمگە سالدى. ئەينى چاغدا ئىتالىيىنىڭ سىتسىلىيە ئارىلىدىكى بىر مەيخانىنىڭ خوجايىنى ماڭا: «بۇ يەردىكى ھەربىر ئادەم ئامېرىكىغا ئىنتىلىدۇ» دېگەنىدى. ئۇ سۆزلىگەچ ئامېرىكىنىڭ قارشى تۇرغۇسىز سېھرىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرماقچى بولغاندەك مۇرىسىنى قىسىپ قويغان. ئۇ گەۋدىلىك، ساغلام ئادەم ئىدى، كەينىگە تارالغان، ئاقارغان چاچلىرى يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسى سىتسىلىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاگرىگېنتو شەھىرىدە تۇراتتى. بۇ شەھەردە تولتۇرا دېڭىز تەۋەسىدە ئەڭ ياخشى ساقلانغان قەدىمىي يۇنان دەۋرىگە خاس يادىكارلىقلارنىڭ ئىزلىرى بار ئىدى. ئاگرىگېنتو تەرەققىي قىلىپ مۇقىم ساياھەت بايلىقىغا ئايلانغانىدى. لېكىن، بۇ مەيخانىنىڭ خوجايىنى ئائىلىسىنى بېقىش، كىرىم ـ چىقىمىنى تەڭپۇڭ قىلىش ئۈچۈن ھەر ھەپتىدە ئالتە كۈن ئىشلىمىسە بولمايتتى. ئۇ ھازىر بۇ جاپالىق خىزمەت ئورنىغا مەھكەم ئورنىشىپ قالغان، كېيىنكى ئۆمرىمۇ مۇشۇ جايدا ئۆتۈشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ماڭا: «ئامېرىكىدا مېنىڭكىدەك ئەھۋال زادى بارمۇ، يوق؟ بۇگۈن بۇ يەردە خىزمەت قىلساڭ، ئەتە باشقا بىر جايغا بېرىپ خىزمەت قىلىشىڭ، بۇ خىزمەتنى ياقتۇرۇشۇڭ، ياقتۇرمىساڭ باشقا خىزمەت ئىزدەپ تېپىشىڭ مۇمكىن. لېكىن، بۇ يەردىكى ئەھۋال ئامېرىكىنىڭ ئەھۋالىغا زادى ئوخشىمايدۇ. خىزمەت تاپماق بەكمۇ تەس» دېدى. ئۇ يەنە ئوكيان ئاتلاپ ئامېرىكىغا بېرىپ قايتا خىزمەت تېپىش ئادەمنى قىزىقتۇرسىمۇ، لېكىن ئەمەلگە ئېشىش ئېھتىماللىقى تۆۋەن، دېگەنلەرنى قوشۇپ

قويدى. ئۇ ئىنگلىزچىنى ئازراقمۇ بىلمەيتتى، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ كەتسە مەيخانىغا كىم قارايدۇ؟ لېكىن، ئۇ ھەقىقەتەن شۇنداق ئويدا بولغان، بۇ مەسىلە ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلانغانىدى. ھەممە ئادەمنىڭ ئامېرىكىغا بارغۇسى بار ئىدى.

بۇ ئەپەندى ئامېرىكىنى بەكمۇ غايىۋىلەشتۈرۈۋەتكەندەك قىلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭغا ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالى بەكمۇ تونۇش. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، پالېرمۇ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى مونرېئالې دىنىي رايونىنىڭ باش چېركاۋىغا بېرىپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. روبېرت بىنىن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرگەندۇ؟ ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى يېقىملىق ئىدى. قىزىل رەڭلىك يوغان بىر تەنھەرىكەتچىلەر چاپىنى كىيىۋاپتۇ. ساياھەتچىلەرنى باشلاپ چېركاۋنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇۋاتاتتى. ئەجەبا «ئۇ يول باشلىغۇچىلىق قىلىپ يۈرگەنمىدۇ؟» مەن ئەستايىدىل قاراپ، يول باشلىغۇچىنىڭ بىنىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. روبېرت بىنىن ئىتالىيىنىڭ سىرلىق كومېدىيە ئۇستازى ئىدى، يول باشلىغۇچى ئۇنىڭغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ئۇ كىشى ئىتالىيە تىلى بىلەن سىتسىلىيە شىۋىسىدە ئەستايىدىللىق بىلەن سۆزلەيتتى. تامدىكى ماسىيەك ئۇسلۇبىدىكى ئويما نەقىشلەر كۆزنى قاماشتۇراتتى، چېركاۋنىڭ ھەممە جايى مۇشۇنداق نەقىشلەر بىلەن تولغانىدى. ئۇ ساياھەتچىلەرگە ھەر خىل شەكىلدىكى نەقىشلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرەتتى. قارىغاندا، ئۇ ئۆزى سۆزلەۋاتقان مەزمۇنلارنى ناھايىتى پىششىق بىلسە كېرەك. مەن دائىم بۇ چېركاۋغا كېلەتتىم، لېكىن بۇ يەردە ساياھەت يېتەكچىسى بولغىنىمغا ئىككى يىل بولدى، دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ. ئۇ ئىككى يىل بۇرۇن بىر تاشچى بولۇپ، بۇ چېركاۋدىكى گۈزەل ئويما نەقىشلەرنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەنلىكى تۈپەيلىدىن دائىم چېركاۋغا كېلىپ تۇراتتىكەن. بۇ ئەھۋال بىلى قايرىلىپ قايتا تاشچىلىق

قىلالمىغانغا قەدەر داۋاملاشقان. «سىتسىلىيە ئارىلىدىكى يارىلانغانلار ۋە مېيىپلارنى قۇتقۇزۇش پۇلى بەكمۇ تۆۋەن، ئۇنىڭغا تايىنىپ كۈن ئالماق تەس، شۇڭا باشقا يول ئىزدەشكە مەجبۇر بولدۇم» دېدى ئۇ. بۇ كىشىدەك ئورنى تۆۋەن ساياھەت يېتەكچىلىرىنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن رىقابەتلىشىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا مۇقىم كىرىمگە ئېرىشىشى ناھايىتى تەس. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر كىرىم مەنبەسى ساياھەتچىلەرنىڭ ئىئانىسى ئىكەن. ئۇ مېنىڭ ئامېرىكىنىڭ سان ـ فرانسىسكو شەھىرىدىن كەلگەنلىكىمنى بىلىپ ئۇ يەر ھەققىدە سۆزلىدى. ئۇنىڭ سان ـ فرانسىسكونىڭ تارىخى ۋە بۈگۈنى ھەققىدىكى بىلىمى مېنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «ئۇ ئالتۇن بىلەن ئىنتېرنىتقا تايىنىپ داڭ چىقارغان شەھەر» دېدى.

مەن ساياھەت جەريانىدا ئاجايىپ نامرات نۇرغۇن ئادەمنى ئۇچراتتىم. مەيخانا خوجايىنى بىلەن ساياھەت يېتەكچىسىنىڭ نامراتلىق دەرىجىسى ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە ياخشى ئىدى. ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا، ئۇلار ياۋروپانىڭ خېلى باي سانىلىدىغان ئىشچىلار قاتلىمىغا تەۋە ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزقارىشى بىلەن ئامېرىكا ئۇچراۋاتقان ئومۇمىيۈزلۈك تەنقىد ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى روشەن زىددىيەت بار ئىدى. ناۋادا ئامېرىكا بەزىلەر ئېيتقاندەك ناھايىتى رەزىل، شەخسىيەتچى، ئاچ كۆز، ئىرقچىلىقتىن ئىبارەت نومۇسسىزلىق ئۆتمۈشى بار بىر روھى يوق قاسراق بولسا، ئەمىسە نېمىشقا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى نەچچە ئونمىڭلىغان كۆچمەنلەر ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە قارىماي بۇ يەرگە كېلىشكە ئىنتىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن دېھقان ئۆلۈمگە پەرۋا قىلماي مېكسىكىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ ئامېرىكىغا كىرىدۇ؟ نېمىشقا ئاسىيالىق ئەمگەك كۈچلىرى بىر ئۆمۈر يىغقان پۇللىرىنى تۆلەپ تار ۋە قىستاڭ، سېسىقچىلىقىغا چىدىغىلى بولمايدىغان پاراخوت بۆلۈمچىلىرىگە

يوشۇرۇنۇپ، ئۆلۈمگە تەۋەككۇل قىلىپ، ئوكيان ئاتلاپ بۇ يىراق ئامېرىكىغا كېلىدۇ؟ نېمىشقا چەت ئەلگە چىقىش رەسمىيىتىنى قولتۇقلىشۋالغان ياشلار جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇقتا موسكۋادىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسى ئالدىدا ئامېرىكىغا بېرىش رۇخسەتنامىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئون نەچچە سائەتلەپ ئۆچىرەتتە تۇرىدۇ؟ ئۇلارنىڭ رۇخسەتكە ئېرىشىش تەلىپىنىڭ رەت قىلىنىش ئېھتىمالى ناھايىتى يۇقىرى، شۇنداق تۇرۇپمۇ بۇ ئۇلارنىڭ نېمە قىلغىنى؟ جاۋاب ناھايىتى ئاددىي: بۇ كىشىلەر ئۆز دۆلىتى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ، پايدا ـ زىياننى دەڭسەپ كۆرۈپ گۈزەل كەلگۈسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئامېرىكىدىن ئىبارەت باي، ئەڭ ئېسىل غايىۋى جاينى ماكان قىلىشقا تالپىنىشۋالغان. چەت ئەللىكلەرنىڭ ئامېرىكىنى تەنقىد قىلغىنى ئۇلاردا ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئالتۇن ئالمىنى ئۆز ئاغزى بىلەن تىتىپ بېقىش ئويىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرمەيدۇ.

ئەلۋەتتە، ئامېرىكا بىر كۆچمەنلەر دۆلىتى. گەرچە دۆلىتىمىز ھۆرلۈك ماكانى سۈپىتىدە ئۇلۇغلانسىمۇ، كۆپىنچە كۆچمەنلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتى يەنىلا ئىقتىسادىي جەھەتتە ياخشىراق كۈنگە ئېرىشىش ئۈچۈن. مەيلى ئۆتمۈشتە ياكى ھازىر بولسۇن، ئامېرىكا بىر پۇرسەت بىلەن تولغان دۆلەت دەپ قارىلىدۇ. بۇ دۆلەتتە مەيلى كىم بولسۇن، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىشقا رازى بولسا غەلىبە قازانماي قالمايدۇ. چۈنكى، بۇ يەردە نەتىجە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئەمەس، قىممەتكە باغلىق. بىر ياكى ئىككى ئەۋلاد كۈرەش قىلىسىڭىز ئائىلىڭىز ئامېرىكىدىكى ئوتتۇرا قاتلام ئائىلىلەر قاتارىغا كىرەلىشى مۇمكىن. شۇنىڭدىن كېيىن بەختلىك ياشاپ كېتىۋېرىسىز.

ئامېرىكىدىكى مىليونلىغان كۆچمەنلەرنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي شۇنداق قانۇنىيەت بويىچە ياشايدۇ: ئاۋۋال قۇربان بېرىدۇ، ئاندىن بايلىق جۇغلايدۇ، ئاخىردا بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن مەبلەغ

سىلىپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئەلۋەتتە، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپمۇ غەلىبە قىلالمايدىغانلار يوق ئەمەس. ئامېرىكا ھەممە ئادەمنىڭ غەلىبە قازىنىشىنىڭ مەڭگۈلۈك كاپالىتى ئەمەس. مەسىلەن، رىكاردو مورار چىكاگودا قۇرۇلۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ھەر ھەپتىدە ئائىلىسىگە 100 دوللار ئەۋەتىدۇ. ئامېرىكىدىكى مېكسىكىلىق كۆچمەنلەر ھەر يىلى ئائىلىسىگە توققۇز مىليارد ئۈچ يۈز مىليون دوللار پۇل ئەۋەتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ پۇل مورارنىڭ پۇلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئائىلىدىكىلەر تاپشۇرۇۋالغان بۇ پۇل بىلەن يېمەكلىك ۋە باشقا زۆرۈر تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋالىدۇ. يەنە بىر قىسىم پۇلنى چىقىرىپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق رايوننىڭ يول ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سالىدۇ. ئەلۋەتتە، مورار بۇ پۇلنى ئەۋەتكەندىن كېيىن ماددىي تۇرمۇشى چوقۇم تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئۇ باشقا تۆت ئەر بىلەن ئىجارە ئالغان بىر ئۆيدە تۇرىدۇ. ئۇ «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ مۇخبىرىغا مۇنداق دېگەن: «بىز ۋە مېنىڭ خىيالىم ھازىر قۇربان بېرىپ، ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ياخشىلاش. بىز ئاخىر بىر كۈنى ئۆيگە قايتىپ بېرىپ تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرىمىز.»

يىراقتىن كۆزەتكەندە، ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ناھايىتى ساغلام. دۇنياۋى ئۆلچەمدىن قارىغاندا، بىزنىڭ ئىقتىسادىي ئېشىش سۈرئىتىمىز يۇقىرى، ئىشسىزلىق نىسبىتىمىز ناھايىتى تۆۋەن، ئاگرېگېنتودىكى مەيخانا خوجايىنى ئويلىغاندەك، بۇ يەردە خىزمەت تاپماق نىسبەتەن ئاسان، چەت ئەللىكلەر ۋە ئانچە باي ئەمەس ئامېرىكىلىقلارنى سەسكەندۈرىدىغان ئىش، ئامېرىكىدىكى خېلى كۆپ خىزمەتنىڭ ئىش ھەققىنىڭ بەك تۆۋەنلىكى. ئەلۋەتتە، بۇ ئامېرىكىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىگە قارىتا ئېيتىلغان. مورار تەلەيلىك ئادەملەرنىڭ بىرى. ئۇ ئۆگزە

ياسايدىغان بىناكارلىق ئىشچىسى، ھەر سائەتتە 12.5 ئامېرىكا دوللىرى تاپىدۇ. بۇ باھا ئامېرىكىدا تەلەپ قىلغان 5.15 دوللارلىق بىر سائەتلىك ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئۆلچىمىدىن بىر ھەسسە يۇقىرى. بۇ پۇل مېكسىكىغا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كېلىدىغان نەرسە ئامېرىكىدىكىگە قارىغاندا كۆپ بولىدۇ. بابارا ئېللىنلس «بىرنەچچە دوللار پۇل تاپايلى» دېگەن دوكلاتىدا 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى تېخنىكا كەتمەيدىغان خىزمەت ئورنى، مەسىلەن، ئائىلە تازىلىقى، ئايال مۇلازىمەتچى دېگەندەكلەر بىلەن ئوغرىلىقچە شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ ئەھۋالىنى ستاتىستىكا قىلغان. 1998 ـ يىلى بۇ خىلدىكى ئەمگەكچىلەر قوشۇنىدىكى 30 پىرسەنت كىشىنىڭ ھەر سائەتلىك ئىش ھەققى سەككىز دوللار ياكى ئۇنىڭدىن ئاز بولغان. بۇنداق ئىش ھەققى ئالىدىغان ئادەملەر ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ كۆپىنچە رايونلىرىدا ئولتۇراق ئۆينىڭ بىر ئېغىزىنىڭ ئىجارە ھەققىنى تۆلىيەلەيدىغانلار ئاران 1/97 ئىكەن.

ئامېرىكا مەتبۇئاتى 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنى گۈللەنگەن پارلاق دەۋر دەپ تەسۋىرلەشتى. بۇ دەۋردە ئىنتېرنىت ۋە باشقا ئۇچۇر تېخنىكىلىرى تەرەققىي قىلىپ ئەنئەنىۋى ئىقتىساد تەسەۋۋۇرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى ۋە پاي چېكى بازىرىنىڭ گۈللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. پاي چېكى بارلىق ئامېرىكىلىقلارنى ھەتتا كۆڭ ياقىلىق ئىشچىلارنىمۇ بېيىتالايدۇ دەپ قارالدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر رەھىمسىز ئالدامچىلىق ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى پاي چېكى بازىرى گۈللىنىپ نۇرغۇن مىليونېرلار بارلىققا كەلدى. لېكىن، پايدىسىنىڭ كۆپىنچىسى دۆلەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى كىشىلەرنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ كەتتى. يېرىمىدىن كۆپرەك ئامېرىكىلىق پاي چېكى بازىرىغا مەبلەغ سالغانىدى. ئۇلارنىڭ پېنسىيە پۇلىنىڭ پىلانلىق نىسبىتىنى

تىزگىنلەش ھوقۇقى بولمىغاچقا، ئامالسىز پاي چېكىگە مەبلەغ سېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئەڭ ئادەتتىكى كىچىك پايچىلار ئىدى، تەخمىنەن 89 پىرسەنت پاينىڭ ھوقۇقى ئەڭ باي 10 پىرسەنت ئادەمنىڭ قولىدا ئىدى، ئۇلار نىسبەتكە قاراپ پايدا ئالاتتى. 1999 ـ يىلىغا قەدەر بىل گاتېس تۆۋەن قاتلامدىكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ 40 پىرسەنت بايلىقىغا ئىگە بولۇۋالدى. پاي چېكى بازىرىدا بايلىق تەڭ تەقسىم قىلىنمايتتى. بۇ بازار ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ بايلىق توپلىشىغا بەكمۇ پايدىلىق ئىدى.

باشقىلارنىڭ كىرىم ستاتىستىكىسىمۇ دەل مۇشۇ داۋلىنى چۈشەندۈرىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى 20 پىرسەنت كىرىمى ئەڭ يۇقىرى قاتلامنىڭ ئېرىشكەن بايلىقى ئەڭ مول بولغان يىللار بولدى. جەمئىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى بەش پىرسەنت ئېسىلزادىلەرنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ شۇنداق. ئۇلار پاي چېكى بازىرىنىڭ گۈللىنىشىدىن ئەڭ چوڭ مەنپەئەتكە ئېرىشكەن ئەڭ چوڭ بايلار. گەرچە باشقا قاتلامنىڭ كىرىمىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئاشقان بولسىمۇ ئالدىنقىلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى تۆۋەن. قالغان 80 پىرسەنت ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى نامراتلار، ئىشچىلار ۋە كۆپ سانلىق ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە سىنىپى ھەتتا ئۆتكەن 20 يىلدا زىيان تارتقان ئىقتىسادىي ئورنىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلمىگەنىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئامېرىكا ئىشچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى ئەمەلىيەتتە 1973 ـ يىلى رىچارد نىكسون ئاقسارايدىن ئايرىلغان چاغدىكىدىن تۆۋەن بولدى، گەرچە ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتى ئەينى دەۋرگە قارىغاندا 1/3 ھەسسە كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ.

## تېخى ئاياغلاشمىغان رېگان ئېگى

ئامېرىكا چۈشى، سەن پەقەت تىرىشىپ خىزمەت قىلساڭلا، ئەگ بولمىغاندا ئۆزۈڭ ياكى باللىرىڭ تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيدۇ، دەپ ۋەدە قىلىدۇ. بۈگۈن ئامېرىكىلىقلارنىڭ خىزمەتكە سەرپ قىلغان ۋاقتى بارغانسېرى ئۇزىراپ كېتىۋاتىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشى ناتايىن. ئامېرىكىدىكى ئوتتۇرا قاتلام تارىيىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ سانى ۋە سېتىۋېلىش كۈچى ئازىيىۋاتىدۇ. لېكىن، يۇقىرى قاتلام بىلەن ئەڭ تۆۋەن قاتلامنىڭ دائىرىسى كېڭەيمەكتە. ئامېرىكىلىقلار تەدرىجىي بايلىقىدىن خەجلىگۈدەك ئورنى يوق بىر قاتلام بىلەن ئارقىدا قالماسلىق ئۈچۈن جان تىكىپ خىزمەت قىلىدىغان مائاشلىقلار قاتلىمىغا ئايرىلىۋاتىدۇ.

لېكىن، چەت ئەللىكلەرنىڭ نەزىرىدە ئامېرىكىنىڭ يەنىلا ئابرۇيى بار، ئۇ ھېلىمۇ پۇرسەتلەر بىلەن تولغان بىر دۆلەت. بۇنداق قاراشتىكى كىشىلەر فورما كىيىدىغان ئاددىي ئادەملەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. «پۇل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى» ۋە «مۇستەقىللىق گېزىتى» گە ئوخشاش مەتبۇئاتلارغا ماقالە يېزىپ بېرىدىغان ئەنگلىيىلىك مۇخبىر داۋىد كېئىنىنىڭ «قىزىل، ئاق ۋە كۆك رەڭنى قوغلىشىش» ناملىق بازارلىق كىتابىدا مۇنداق مەزمۇن بار: ئامېرىكىدىكى نامراتلىق ئەمەس، بەلكى ناھايىتى روشەن باراۋەرسىزلىك مېنى ھەيران قالدۇردى. 40 پىرسەنت ئامېرىكىلىق ئۆسمۈر نامراتلىق سىزىقىدىن تۆۋەن ياكى ئۇنىڭغا يېقىن سەۋىيىدە ياشايدىكەن. ئامېرىكىدا ھۆكۈمەت نامراتلىق سىزىقىنىڭ چېگرىسىنى مۇنداق بېكىتىدىكەن: ھەربىر تۆت نوپۇسلۇق ئائىلىنىڭ كىرىمى 16 مىڭ 400 ئامېرىكا دوللىرىدىن تۆۋەن بولسا نامرات ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ بىر پىخسىقلىق بىلەن ھېسابلانغان

سان. كېيىن 1999 ـ يىلى ۋە 2000 ـ يىلى بىرنەچچە ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ دىگول توكۋېل 1831 ـ يىلى ئامېرىكىنى كېزىپ ئۆتكەندە ماڭغان لىنىيە بىلەن مېڭىپ ئۆتمۈشتىكى ئامېرىكا بىلەن ھازىرقى ئامېرىكىنى سېلىشتۇرغان. ئۇ كىتابىدا يۈرەكلىك بىلەن توكۋېل دېگەن بۇ فرانسىيىلىككە رىقابەت ئېلان قىلىپ ئوخشىمىغان كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: توكۋېل كىتابىدا نۇرغۇن توغرا كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن، ئۇ كېيىنكى ئېيتقان ئامېرىكىدىكى «تەقدىر تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. . . ئومۇمىي ۋە مەڭگۈلۈك باراۋەرلىك» دېگەن كۆزقاراشنىڭ خاتالىقى تارىخ تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى. كېيىن ھەرقايسى كەسىپتىكى خادىملارنى ئەستايىدىل زىيارەت قىلغان ۋە ناھايىتى كەڭ ئارقا كۆرۈنۈش تەتقىقاتى ئېلىپ بارغان. ئۇ ئامېرىكىدا ئېغىر دەرىجىدە باراۋەرسىزلىكنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ۋە ئۇنىڭ كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى بايقىغان. لېكىن، مەيلى دۆلەتنىڭ رەھبىرى، مەيلى پۇقرالار بولسۇن، ھېچكىم بۇ خىل باراۋەرسىزلىك بىلەن كۈرەش قىلىشقا رازى ئەمەس. ئۇنىڭ كۆزىتىشىچە، 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىكى ئىقتىسادىي گۈللىنىش شتات دەرىجىلىك ۋە فېدېراتسىيە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنى مىسلى كۆرۈلمىگەن خام چوت ئېشىنمىسى بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەمىلى كۈچى ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئەڭ نامرات كىشىلەرنى قۇتقۇزۇشقا يېتىشىدۇ، لېكىن ئۇلار بۇنداق قىلىشنى خالىمايدۇ.»

گەرچە ئامېرىكىلىقلار تىلغا ئېلىشنى خالىمىسىمۇ بىزدىكى باراۋەرسىزلىكنىڭ سەۋەبى ھازىر ھېچكىمگە سىر ئەمەس. ئۆتكەنكى 20 يىلدا ھۆكۈمىتىمىز ۋە سىياسىتىمىز ئىزچىل ھالدا زەردارلارنىڭ كونترول قىلىشىغا مايىل بولۇپ، ئادەتتىكى ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلمىدى.

ئۆتكەن 20 يىلدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى يول باشلاپ، دېموكراتلار پارتىيىسى ئارقىدىن ئىز ئەگىشىپ ماڭدى، ئامېرىكا قانۇن تۈزگۈچىلىرى بايلارنىڭ (گەرچە بۇ بايلار نامراتلارغا ئاجراتقان پۇلنى ئازايتقان بولسىمۇ) بېجىنى زور تۈركۈمدە ئازايتتى. لېكىن، ئۇلار ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئۆلچىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش دېگەندەك ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا قارىتىلغان لايىھەلەرگە قارشى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھۆكۈمەت نەچچە مىليارد مەبلەغ ئاجرىتىپ كارخانىلار بىلەن ھەربىي تۈرلەر توختامىنى ئىمزالىدى. مەلۇم بولۇشىچە، بۇ كارخانىلارنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىرى ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان 39 دوللارلىق ۋاننىنىڭ باھاسىنى بېمەنىلىك بىلەن 409 دوللارغا ئۆرلىتىۋەتكەن. ئۇلار ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ چەت ئەللەردىن ئىشچى ياللاپ، ئىشچىلارغا قارىتىلغان ئەركىن سودا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق تۆۋەن مائاشلىقلار ۋە ئوتتۇرا قاتلاملارغا تەۋە كىشىلەرنىڭ مائاشىنى بېسىپ قويغان. ئۇلار چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنىڭ بىرلىشىشىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىشچىلارنىڭ ئىش ئورنىدىن قېلىشى ۋە مال ـ باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلار يۇقىرىلارنىڭ كارخانىلارنىڭ ئالدامچىلىقى، ئاچ كۆزلۈكىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان — خۇددى ئانرون شىركىتى ئاشكارىلىغان سەتچىلىككە ئوخشاش — دۆلەتنىڭ كارخانىلارغا بولغان كونترول قىلىش ھوقۇقىنى بوشاتتى ياكى بىكار قىلدى. ئانرون شىركىتى 2001 ـ يىلى ۋەيران بولۇپ، دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ۋەيران بولۇش رېكورتىنى ياراتتى. ئۇنىڭ تەسىرلىك ئەمەلىي مىساللىرى ئامېرىكا ئىقتىسادى، سىياسىي سىستېمىسىنىڭ نامراتلارغا ئەمەس بايلارغا يان باسىدىغان تەرىپىنى تەسىرلىك ئىپادىلەپ بەردى. بۇ شىركەت ۋەيران بولغاندا ئۇنىڭ شېرىكلىرى ۋە كىچىك پايچىكلار 25 مىليارد دوللاردىن 50 مىليارد دوللارغىچە ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ۋە پاي چېكىدىن زىيان تارتتى. چۈنكى، ئانرون

شىركىتى ۋە باشقا تەكشۈرۈش شىركەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئانرون شىركىتىنىڭ خەتەرلىك ئىگىلىك ئەھۋالىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئاشكارا قىلمىغانىدى. لېكىن، شىركەتنىڭ باشقۇرغۇچى خادىملىرى ئالىلىقاچان قولىدىكى پاي چېكىنى نەق پۇلغا ئايلاندۇرۇپ بولغان، قولىنى سوزۇپلا نەچچە يۈز مىليون دوللارنى ئېلىپ كەتكەنىدى. ئانرون شىركىتى يەنە كالىفورنىيىدىكى توك بازىرىدا توك كەمچىلىكى ھەققىدە ساختا ئاخبارات پەيدا قىلىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ توك باھاسىنى ئۆستۈرۈپ 50 مىليارد دوللارنى ئالداپ كەتكەن. ئانرون شىركىتى يەنە دۆلەتنىڭ باج تۆلىگۈچىلىرىنى ئالدىدى. شىركەت كلىنتون دەۋرىدىكى بىنورمال ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ شەرتلىك ھالدا مال - مۈلۈكنى چەت ئەلگە يۆتكەپ باجدىن قاچقىلى بولىدىغان پاناھ جايلارغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ۋەيران بولۇش ئالدىدىكى بەش يىلنىڭ تۆتىنچى يىلىدا فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىگە ھېچقانداق باج تاپشۇرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاددىي پۇقرالار بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئانرون شىركىتىنىڭ دېلوسى يالغۇز ئەمەس. چارلىز لېۋىيىس «ئامېرىكىنى ئالداش» دېگەن كىتابىدا 1995 - يىلى ئامېرىكىدىكى چوڭ شىركەتلەرنىڭ زادىلا باج تاپشۇرمىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. «ئاشكارا مۇكەممەللەشتۈرۈش مەركىزى» نىڭ پەرىزىچە، كارخانىلار ۋە بايلار ھەر يىلى تاپشۇرۇشتىن قاچىدىغان باج سوممىسى 195 مىلياردتىن ئارتۇق ئىكەن.

بايلىق ئەقلىنى، بازار ئەخلاقىنى يەڭدى. بۇنداق ھادىسىنى رېگان زۇڭتۇڭلۇقا سايلانغان 1980 - يىلىدىن باشلانغان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. باراۋەرسىزلىك ھادىسىلىرىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ئۇنىڭ ھوقۇقىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە زىچ مۇناسىۋەت بار. ئامېرىكا نوپۇس ئېنىقلاش ئىدارىسىنىڭ ستاتىستىكىسىدىن قارىغاندا، رېگان ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشتىن بۇرۇنقى 13 يىلدا ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئەڭ نامرات 1/5 ئادەمنىڭ كىرىمى

6.5 پىرسەنت ئاشقان. ئەڭ باي 1/5 ئادەمنىڭ كىرىمى 10 پىرسەنت تۆۋەنلىگەن. بۇ يۈزلىنىشتە 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىكى جونسون زۇڭتۇڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەزگىلدە يۈرگۈزگەن «چوڭ جەمئىيەت» پىلانى ناھايىتى پايدىلىق رول ئوينىغان. «چوڭ جەمئىيەت» پىلانىنىڭ نىشانى نامراتلارنىڭ يېمەكلىك، ئىستراخوۋانىيە ۋە پۇرسەت باراۋەرلىكى قاتارلىق ھوقۇقلىرىنى كېڭەيتىش ئىدى. لېكىن، ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى. 80 ـ يىللاردا ۋەزىيەت يەنە باراۋەرسىزلىك ھالىتىگە قايتىپ كەلدى. ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ 1/5 نى ئىگىلەيدىغان ئەڭ نامراتلارنىڭ كىرىمى 11.6 پىرسەنت تۆۋەنلەپ، ئەڭ باي 1/5 قىسىم كىشىنىڭ كىرىمى ئومۇمىي خەلق كىرىمىنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان ھالەتكە يەتتى. بۇنداق ئەھۋالنى پۈتۈنلەي رېگاننىڭ سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقارغىنى يوق. دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش يۈزلىنىشى ئامېرىكىنىڭ ياساش كەسپىنى چەت ئەلنىڭ تۆۋەن ئىش ھەققىلىق ئەمگەك كۈچىنىڭ رىقابىتىگە قويدى. بۇ ھالەت ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك ۋاستە بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى تۆۋەنلىتىپ، زاۋۇتنى چەت ئەلگە يۆتكەيمەن دەپ تەھدىت سېلىشىغا تۈرتكە بولدى. لېكىن، رېگان ھۆكۈمىتى تەدبىر قوللىنىپ بۇ يۈزلىنىشنى چەكلىمىدى ياكى بۇ ھالەت ئېلىپ كەلگەن ئاقىۋەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتمىدى، ئەكسىچە ئۇ، ھۆكۈمەتنىڭ بازارغا ئارىلىشىشى خاتا ھەتتا ئەكسىچە رول ئوينىشى مۇمكىن، دەپ قارىدى.

رېگان گالۋىن مۇرىتلىرىنىڭ ئاساسىدىن پايدىلىنىپ، دۆلەتنىڭ نامراتلارغا قىلغان ياردىمى ئەخلاقسىزلىقنى ئىلھاملاندۇرىدىغان، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ماس كەلمەيدىغان بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى سوتسىيالىزمچە شەكىل دەپ كەمسىتتى. ئۇ پاراۋانلىق سىياسىتى يۈرگۈزگەن بىر ئايال پادىشاھ

ھەققىدىكى ھېكايىنى سۆزلەشكە ئامراق ئىدى. ھېكايىدە دېيىلىشىچە، خانىش كاردىلاك ماركىلىق ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ماگىزىنغا بېرىپ ھۆكۈمەت تارقاتقان ئىشسىزلار ۋە نامراتلار ئاشلىق بېلىتىگە مېۋە - چېۋە ۋە بىر بوتۇلكا ۋوتكا ئېلىپ شاد - خۇراملىق بىلەن ئۆيىگە ھاراق ئىچكىلى ماڭىدۇ. رېگان ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى مۇخبىرلارغا بۇ ئايالنىڭ ئىسمى ۋە بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي يۈز بەرگەن - بەرمىگەنلىكى ھەققىدىكى پاكىتلارنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. رېگان ئۆزى توقۇپ چىققان بۇ ھېكايىنى پاكىت ئارقىلىق پۇچەكلەشتۈرۈشكە قارشى تۇردى، چۈنكى بۇ ھېكايە ئۇنىڭ سىياسىي نىشانىغا پايدىلىق ئىدى. ئۇ ئۆزى ئىشەنگەن ئىشقا تەۋرەنمەس ئەقىدە بىلەن بېرىلگەنىدى.

1989 - يىلى رېگاننىڭ ئىككى قارارلىق زۇڭتۇڭلۇق مۇددىتى ئاخىرلاشتى. 90 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئۇ قېرىلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئاستا - ئاستا ئۇ دۇنياغا قاراپ ماڭدى. مەن 2002 - يىلى 6 - ئايدا بۇ كىتابنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا رېگان ئەپەندىنىڭ كېسىلى خەتەرلىك باسقۇچقا بېرىپ قالغانىكەن. بەلكىم بۇ كىتاب نەشردىن چىققاندا ئۇ بۇ دۇنيادا يوق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ مەيلى ھايات بولسۇن ياكى ئۆلسۇن، يەنىلا بۈگۈنكى ئامېرىكىدىكى ئەڭ تەسىرى بار سىياسىيون. ئۇنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان قارىشى، سودا ساھەسىگە يېقىن ئاڭ فورماتسىيىسى ھېلىمۇ بۈگۈنكى ۋاشىنگتوننىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە سىياسەت تۈزۈشىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. گەرچە ئۇ تەختتىن چۈشكەندىن بېرى ئامېرىكا ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە دۆلەت ئىشلىرى جەھەتتىكى كۆزقارىشىدىن چەتنەپ كەتكەن بولسىمۇ، مەلۇم مەنىدىن رېگاننى ھېلىمۇ زۇڭتۇڭ دېسىمۇ بولىدۇ. 2001 - يىلى جورجى بۇش تەختكە چىققاندىن كېيىن تۈزگەن بىرىنچى چوڭ پىلانى رېگاننىڭ ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيىسىنىڭ جەۋھىرىنى بىۋاسىتە دوراپ كەڭ كۆلەمدە باجنى ئازايتىش بولدى. ئۇ پىلاندىن ئاساسلىقى ئامېرىكىدىكى ئەڭ

باي ئاقسۆڭەكلەر مەنپەئەتلەندى. ئەڭ جانلىق مىسال كلىنتون بولۇپ، ئۇ نامدا دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئادىمى بولسىمۇ زۇڭتۇڭلۇق قىلغان جەرياندا ئىجتىمائىي چىقىمنى چەكلەپ كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى ئازايتتى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭكىگە بەكمۇ ئوخشاپ قالىدۇ، دېموكراتلار پارتىيىسىمۇ بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ ئىشتا ئۇنىڭ پۇرسەتپەرەسلىكىدىن باشقا يەنە بىر مۇھىم سەۋەب، رېگان ئۇنىڭغا قالدۇرغان مىراس بەكمۇ ئاز بولۇپ، ئۇنىڭ تاللاش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك ئىدى.

رېگان 60 ـ يىلدىن بۇيانقى ھەتتا روزۋېلت زۇڭتۇڭدىن بۇيانقى ئەڭ مۇھىم زۇڭتۇڭ. روزۋېلت 30 ـ يىللاردا چەكلىك پاراۋانلىق يولغا قويۇپ ئامېرىكا تارىخىدا يېڭى بەت ئاچقانىدى. رېگان دۆلەتنىڭ پاراۋانلىق سىياسىتىنى تۈزىتىش ئارقىلىق يۇقىرىقى پاراۋانلىق دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بازار يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان ئىجتىمائىي ھالەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ چىقىمىنى ئازايتىش شەكلىدە مەخسۇس چىقىم پىلانىنى ئازايتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئەڭ زور نەتىجىسى ئاڭ شەكلىدە كۆرۈلدى. ئۇ ئىلگىرىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىش ئارقىلىق نامراتلارغا ۋە ئورنى پايدىسىز ھالەتتە تۇرغان كىشىلەرگە ياردەم بېرىشىدىن گۇمانلاندى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھۆكۈمەتنىڭ كارخانىلارنى باشقۇرۇشى بەك ئۆلۈك بولۇپ، ئاممىۋى مەنپەئەت دېگەن تەسەۋۋۇردىن ۋاز كېچىپ شەخسىي كارخانىلارنىڭ چەكسىز راۋاجلىنىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك ئىدى. رېگان بىر خىل كاپىتالىستىك ئەقىدىنى ھىمايە قىلاتتى. بۇ ئەقىدە ھۆكۈمەتنىڭ بازارغا ئارىلىشىش رولىنى، يەنى ئاشلىق بېلىتى ئارقىلىق نامراتلار ۋە ئىشچىلارنى قوغداش، ئۇلارنى تېخىمۇ ياخشى تەمىنات ۋە ھوقۇققا ئىگە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇش،

كارخانىلارنىڭ خىرىدارلار ۋە مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئالدىشىنى، مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنى چەكلەش رولىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلىتىۋەتتى. ئۇ چىڭ تۇرىدىغان كۆزقاراش، ھۆكۈمەت ئىجتىمائىي كېسەللىكلەرنىڭ مەنبەسى، بازار مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى. بازارنى تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە تەرەققىي قىلىشقا يول قويسا ئەڭ ئاخىر ھەربىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. گەرچە ئانرون شىركىتى سەتچىلىكى بۇ خىل قاراشنىڭ يېڭى پەيدا بولغان نۇرغۇن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن بۇ كۆزقاراش ھېلىمۇ ئامېرىكا جامائەت مۇنبىرى ۋە دۆلەت سىياسىتىنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. رېگان ئاللىقاچان سەھنىدىن چۈشتى، لېكىن بىز يەنىلا رېگان دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز.

رېگان تەختكە چىقىپ ئالتە ئاي ئىچىدە ئامېرىكا سىياسىتىنى تىزگىنلەپ غەلىبىگە ئېرىشتى. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىشىشىنى ئازايتىش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەمەلىيەتتە ئىشسىزلىق پاراۋانلىقى، ئىشقا ئورۇنلىشىش تەربىيىسى، ئاشلىق بېلىتى، بالىلارنىڭ ئوزۇقلۇقى، تۇرالغۇ ئۆي ياردىمى دېگەندەك ھەر خىل شەكىلدىكى ھەممە ھۆكۈمەت چىقىمىنى ئازايتتى، بارلىق نامراتلار ۋە ئىشچىلار مائاش قاتلىمىدىكى ئادەملەرگە پايدىلىق پاراۋانلىقنى ئازايتتى. ھەربىي خىراجەتنى زور دەرىجىدە كۆپەيتتى. ئۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەش تەشەببۇسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇشقا پايدىلىق ئەمەس، دەپ چۈشەندۈردى. ئۇ بەش بۇرجەكلىك بىناغا ھەربىي خىراجەت تۈرلىرىنى كۆپەيتىش ھوقۇقى بەردى. تۆت يىلدا ھەربىي چىقىم بىر ھەسسە ئاشتى. ھەر يىلى 300 مىليارد دوللار پۇل ھەربىي چىقىمغا ئاجرىتىلدى. ئەڭ ئاخىردا ئۇ ھەممە قاتلامنىڭ كىرىمىدىن 10 پىرسەنت باجنى ئازايتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل باج كېمەيتىش قىلمىشى ھەربىر خىراجەتنى ئورتاق ئازايتىش دەپ تەسۋىرلەندى.

بۇ گەپ قارىماققا ئەقىلغا ئۇيغۇندەك قىلاتتى، لېكىن ئۇنىڭ سىياسىتى بايلارغا، يۇقىرى كىرىملىكلەر توپىغا مايىل ئىدى. باج ئازايتىلغاندىن كېيىن ئېرىشكەن ھېسابىنىڭ سىرتىدىكى كىرىمنىڭ ئومۇمىي سانى ئىشىنىش قىيىن بولغان كۆپ بايلىق ئىدى. بۇ، بايلارنىڭ كىرىمى قانچە كۆپەيسە ئۇلارنىڭ ئازلايدىغان بېجىنىڭ نىسبىتى شۇنچە كۆپ بولۇش دېگەنلىك ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنۇملۇك چارىلەر بىلەن كارخانىلارنىڭ باج نىسبىتى ئەسلىدىكى 33 پىرسەنتتىن 16 پىرسەنتكە تۆۋەنلىتىلدى. ناھايىتى سېخى كونا باھانى چۈشۈرۈش بەلگىلىمىسى تۈزۈلۈپ نۇرغۇن شىركەت — رېگاننىڭ كونا خېرىدارى ھەممىباب ئېلېكتر ـ گاز شىركىتىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە — ئەڭ ئاخىردا كىرىم بېجى تاپشۇرمىسىمۇ بولىدىغان بولدى ھەتتا ئۇلار بىر قىسىم شېرىنكانىمگە ئېرىشتى.

باجنى تۆۋەنلىتىش تەدبىرىنىڭ ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئېلىپ بېرىلىشى رېگاننىڭ تەڭداشسىز ئىقتىدارىنىڭ جانلىق بىر ئىسپاتى. بۇنداق قىلىشنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى شۇ بولدىكى، كەلگۈسىدىكى خېلى بىر مەزگىل ئىچىدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىچىگە يۈزلەنگەن ھەرقانداق بىر پىلاننى ئاۋۋال يولغا قويۇشقا ئامالسىز قالدى. نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى بۇ سىياسەت ئامېرىكىنىڭ دۆلەت خەزىنىسىنى قۇرۇتىۋەتتى. رېگاننىڭ ئىزباسارلىرىنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي چىقىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئامالسىز قالدى، شۇنداق قىلاي دېسىمۇ ئىقتىدارى يەتمىدى. بىر قىسىم تەنقىدچىلەر ئەيىبلىگەندەك، بەزىلەر بۇنى ئۇزاقتىن بۇيان پىلانلاش ئارقىلىق كېلىپ چىققان نەتىجە دەپ قارايدۇ. لېكىن، رېگانغا نىسبەتەن بۇنداق باھا بېرىش سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ. ئۇ ئەينى چاغدا باجنى ئازايتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەبلەغ سېلىشنى غىدىقلاش ئىستراتېگىيىسى نۇرغۇن پۇلدارلار ۋە كارخانىچىلارنىڭ بىر مەيدان مەبلەغ سېلىش قىزغىنلىقىغا سەۋەب بولىدۇ، دەپ چوڭقۇر ئىشەنچ قىلغانىدى. لېكىن، بۇ پۇل مۇئامىلە

پۇرسەتپەرەسلىكى ۋە پاي چېكى سودىسىغا ۋە 80 ـ يىللاردىكى ئاشۇنداق نامى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق، ھەشەمەتـــــى زور ئىستېمالغا سەرپ قىلىندى. 80 ـ يىللاردا كارخانىلارنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى 70 ـ يىـــللارغا قارىغاندا تۆت ھەسسە كۆپەيدى. باج كېمەيتىشكە غايەت زور زىيان تارىختا كۆرۈلمىـــگەن قىـــزىل رەقەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھۆكۈمەت قەرز پاتقىقىغا ناھايىتى چوڭقۇر پاتتى. ئىجتىمائىي چىقىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدىكى ھەرقانداق تىرىشچانلىق يەڭگىللى بولمايدىغان بىر مەيدان ئۇرۇشقا ئوخشاپ قالدى. رېگاننىـــڭ زۇڭتۇڭلۇق مەزگىلىنىڭ يېقىنقى قىسمىدا دۆلەت مەجلىسىدىكى دېموكراتلار خىزمەتنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باج كېمەيتىشكە قاراتتى. ئەلۋەتتە، دېموكراتلار پارتىيىسىدىكىـــلەر ھەربىي چىقىمنى ئازايتىش، باجنى ئاۋۇتۇش ئارقىلىق مەبلەغكە ئېرىشەلەيتتى. لېكىن، بۇنداق تەكلىپنى رېگان ھۆكۈمىتى ھەرگىز قوبۇل قىلمايتتى، شۇڭا دېموكراتلار پارتىيىسىدىكىلەر بۇنداق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا پېتىنالمىدى.

1989 ـ يىلـــى رېگان تەختتىـــن چۈشكەندە ھۆكۈمەت مالىيىسىدىكى قىزىل رەقەم شۇنداق يۇقىرىلاپ كەتتىكى، ئاخىر بولماي ئاكسىيە بازىرىنى كونترول قىلىۋاتقان جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى باجنى ئاشۇرۇش لايىھىسىنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. بۇ ھەرىكەت جورجى بۇشنىڭ زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىدىغان چاغدىكى ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىشىغا سەۋەب بولۇپ، نەتىجىدە ئۇنىڭ 1992 ـ يىلى قايتا زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىش ئۈمىدى بەربات بولدى. كلىنتون قىزىل رەقەمنـــى ئازايتىـــش ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى. لېكىن، ئۇ بۇ ھەرىكىتىنىڭ خېربېرت خوئوۋېر زۇڭتۇڭنىڭ ھەرىكىتىـــگە بەكرەك ئوخشاپ كەتكەنلىكىدىن ئاغرىنىپمۇ قويدى. خېربېرت خوئوۋېر زۇڭتۇڭنىڭ مالىيىنى قىسىش سىياسىتى ئىقتىسادىي بۆھراننىڭ يېتىپ كېلىش

سۇرئىتىنى تېزلىتىۋەتكەنىدى. كلىنتوننىڭ بىر چوڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق لايىھىسى ئامېرىكىدا دۆلەت ئىستراخوۋانىيە تۈزۈمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ئىجتىمائىي پىلانى ئاخىردا باشقا ئىشلار بىلەن بىللە بولدى قىلىندى. ئۇ بۇنداق قىلىشنىڭ رېگان دەۋرىدە شەكىللىنىپ قالغان كارخانىلارنىڭ تەگكىلى بولمايدىغان مۇقەددەس ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە تېگىپ كېتىشىدىن قورققانىدى. كلىنتوننىڭ دۆلەت ئىستراخوۋانىيە تۈزۈمى لايىھىسىنى كونترول قىلىپ تۇرغانلار ھۆكۈمەت ئەمەس، بەلكى ئىستراخوۋانىيە شىركىتى ئىدى. ئۇ بىرىنچى قارار زۇختۇخلۇق مەزگىلىدە ئىشقا ئورۇنلىشىش، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردە ھېچقانداق پاراۋانلىق پىلانى يۈرگۈزمىدى ھەتتا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى يۈرگۈزۈشكە تېگىشلىك باشقا پاراۋانلىق پىلانلىرىنىمۇ تاشلاپ قويدى. پەقەت مەلۇم پايدىدىن ئېلىنغان باجنىڭ دائىرىسىنى، يەنى پەرزەنتلىرىنى بېقىش كېرەك بولغان مائاشلىقلار قاتلىمى، نامرات ئائىلىلەرنىڭ باج سومىسىنى ئورتاق ھالدا ھەر يىلى 540 ئامېرىكا دوللىرى ئېلىنىدىغان سەۋىيىگە چۈشۈردى.

1995 ـ يىلى كلىنتون رېگاننىڭ ئاق فورماتسىيىسىگە تەۋە خىزمەت ئىستىلىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ھەممە ئىش ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان دەۋر ئاخىرلاشتى، دەپ جاكارلىدى. ئارقىدىن غەيرەتكە كېلىپ، ئاشكارا ھالدا جىنىرچ قاتارلىق جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىغا خىرىس قىلدى. بۇ كىشىلەر مەلۇم ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى تاقاش ئارقىلىق فېدېراتسىيە خام چوتىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇراتتى. 1996 ـ يىلى قايتا سايلىنىش رىقابىتىدە كلىنتون رېگاننىڭ نامراتلارغا تۇتقان كۆزقارىشىنى مۇجمەل ھالدا ئېتىراپ قىلىپ، نامراتلارنى جەمئىيەتنىڭ قۇتقۇزۇشقا ئەرزىمەيدىغان تىرىك تاپلىرى دەپ قارىدى. ئۇ بىر تۈرلۈك ئىسلاھات لايىھىسىگە ئىمزا قويۇپ

مىليونلىغان ئائىلىلەرنىڭ ئىسمىنى پاراۋانلىق دەپتىرىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، ئۇلارنى ئەمگەكچىلەرنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈۋەتتى. نەتىجىدە، ئۇلار بالىلىرىنىڭ يەسلى خىراجىتىنى تۆلىيەلمەيدىغان هالغا كېلىپ قالدى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندا، رېگاننىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بايلارنىڭ بېجىنى ئازايتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىدىغان سىياسەت يۈرگۈزدى. دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ بارغانسېرى چوڭىيىۋاتقان شىركەتلەرنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ تەدبىر قوللانمىدى. لېكىن، ئۇ ئەمگەكچىلەر سايلىغان ئادەم بولغاچقا، ئۇلار ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلدى: مائارىپ ساهەسىدىكى دەرس بېجىنى ئېلىۋېتىش قانۇن لايىهىسىنى ماقۇللاپ، تەخمىنەن 10 مىليون ئامېرىكىلىقنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىشىگە ياردەم بەردى. ئۇ ئالاهىدە پەخىرلىنىدىغان، بىر ئىش، ئامېرىكىدا قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى ئاشتى. لېكىن، ئۇ ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىنى كەڭ كۆلەمدە يۇقىرى كۆتۈرۈش لايىهىسىنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىكى رېگان دەۋرىگە ئوخشاش 90 ـ يىللاردىكى كلىنتون دەۋرىمۇ ئامېرىكا ئىقتىسادى گۈللەنگەن دەۋر بولدى. كلىنتوننىڭ رەهبەرلىكىدە ئىقتىساد هەقىقەتەن زور دەرىجىدە ئاشتى، يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا ساهەسىدە گۈللىنىش مەنزىرىسى شەكىللەندى. يۇقىرى تېخنىكا ئېلىپ كەلگەن يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىقتىساد ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى، بايلىق يارىتىلدى. بۇ بايلىقنىڭ بىر قىسمى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ چۆنتىكىگە چۈشتى. بايلىقنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ئېشىش سانى ئادەمنى شادلاندۇراتتى. ئۇ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن هالدا باي ـ نامراتلىق پەرقىنى چوڭايتىۋەتتى. «سودا هەپتىلىك ژۇرنىلى» دا يېزىلىشىچە، 90 ـ يىللاردىكى ئىككى قۇتۇپلىشىش هادىسىسى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيان ئەڭ روشەنلەشكەن، پاي

چېكى بازىرى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا قارىتا تۇرتكىلىك رول ئوينىغانىدى. غەيرىي ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەكسىچە پاي چېكى بازىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ كۆلىمىنى ئازايتىپ، ئىشچىلارنى تارقاقلاشتۇرۇپ، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تاماق قاچىسىنى ساقلاپ قالغان تەلەيلىك ئىشچىلار دائىم يېرىم كۈنلۈك ئىش تۈزۈمىدە ئىشلەيدىغان بولدى. بۇنداق تۈزۈمنىڭ ھېچقانداق ئىستراخوۋانىيە ۋە ياشانغاندا بېقىنىش پاراۋانلىقى يوق ئىدى. مىليونلىغان ھازىر ئىشى بار مائاش قاتلىمىدىكىلەر ئۇچۇن مۇقىم ئىش ھەققى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە زادى كاپالەتلىك قىلالمايتتى. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئاشلىق ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان بۇ دۆلەتتە ئاچارچىلىق ئاستا ـ ئاستا ئەڭ نامرات پۇقرالارنى يوقلاشقا باشلىدى. 2001 ـ يىلىغا كەلگەندە، تەخمىنەن 31 مىليون ئامېرىكىلىق، يەنى تەخمىنەن توققۇز ئامېرىكىلىق ئىچىدىكى بىر ئامېرىكىلىق ئۆزىنىڭ يەنە بىر ۋاخ تامىقى ئۈچۈن ئەنسىرەيدىغان ھالەت كېلىپ چىقتى.

بۇنداق باراۋەرسىزلىك ھادىسىسى بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئېغىرلىشىشى مۇمكىن. چۈنكى، بىر تەرەپتىن بۇش ھۆكۈمىتى ۋە دۆلەت مەجلىسى داۋاملىق باج كېمەيتىش ۋە چىقىم سىياسىتىدە بايلارغا مايىل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادى يېتەرلىك يۇقىرى مائاش بىلەن مۇقىم ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. 2001 ـ يىلىنىڭ دەسلىپىدە ۋاشىنگتون يېرىم باج سوممىنى كېمەيتتى، بۇنىڭدىن ئەڭ زور مەنپەئەتلەنگىنى ئەڭ باي تۆت پىرسەنت ئادەم بولدى. ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان ئامېرىكىلىقلار ئىچىدە پەقەت 14.72 پىرسەنت ئادەملا باج كېمەيتىش سىياسىتىدىن مەنپەئەتلەندى. ئامېرىكا دۆلەت ئىچى باج ئىدارىسى بايلارغا قارىتىلغان باج تەكشۈرۈشنى زور دەرىجىدە

بوشاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە نامراتلارغا قارىتا تېخىمۇ چىڭ باج ئېلىش تەدبىرىنــى قوللاندى. بۇنداق ئاستىــن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن سىياسەت قەبىھ ۋە كۈلكىلىك ۋە ئېغىر دەرىجىدىكى ھۆكۈم قىلىش خاتالىقى ئىدى. بايلارغا قارىتىلغان باج تەكشۈرۈش ھۆكۈمەتنىڭ باج كىرىمىنى ئاشۇراتتى. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش مەسىلىسى ھازىر پەقەت تەلەي مەسىلىسىلا بولۇپ قالغانــدى، خالاس. داۋىد كوخىنىنــڭ ئامېرىكا ئەمگەك ستاتىــستىــكا ئىدارىسىنىڭ سان - سىــپىــرلىــرىدىن نەقىل كەلتۈرۈشىچە، 2005 - يىلىغا بارغاندا ئامېرىكىدىكى ياللانغان ئىشچى تۈرلىرىنىڭ ئىچىدىكى 46 پىرسەنت ئادەمنىڭ مائاشى نامراتلىق سىزىقى ئىچىدە بولىدىكەن. بۇنداق خىزمەت تۈرلىرى ئىشىك باقارلىق، پارچە ساتقۇچى، مېھمانخانا كۈتكۈچىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچــىگە ئالىدىكەن. نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلار ئامالسىز ئىككىنچى ياكــى ئۈچىنچى خىزمەتنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولۇپ، ئائىلىسىنىــڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىكەن. ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىشنى خىيال قىلىۋاتقان ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈنمۇ بۇ ئەڭ ياخشى لايىھە بولۇپ قالىدىكەن. كەلگۈسىدە يەنىمۇ نۇرغۇن ئادەم ئامالسىز مۇشۇ يولغا مېڭىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇش ۋاقتى بارغانسېرى قىسقىرايدۇ، تېخىمۇ زور بېسىم ھېس قىلىدۇ.

## كۆرگىلى بولمايدىغان سىنىپ

بۈگۈنكى ئامېرىكا 1929 - يىلىدىكى ئىقتىسادىي بۆھراندىن بۇيانقى ئىقتىسادىي باراۋەرسىزلىك ئەڭ كۈچەيگەن جەمئىيەتتۇر. بۇ يەردىكى ئادەمنــى قورقىتىــدىغان مەســىلە، بۇنداق باراۋەرسىزلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى جەمئىيەتنىمىز ئېتىراپ قىلىپ

كەتمەيدۇ، مەتبۇئاتمۇ بۇ ھەقتە ھېچقانداق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشنى خالىمايدۇ. ياۋروپا ۋە ياپونىيىدە باراۋەرسىزلىك ۋە تەڭسىزلىك كۆپەيسە، سىياسىيون، پوپ ۋە باشقا كۆزقاراشتىكى داھىيلار ئارىسىدا مۇنازىرە قوزغىماي قالمايدۇ، مەتبۇئاتنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ يۇقىرىلارنىڭ زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار باراۋەرسىزلىك ھادىسىسىنىڭ باشقا خەۋپ ـ خەتەرگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇنىڭغا سېلىشتۇرساق، ئامېرىكىنىڭ سىياسەت، ئىقتىساد ۋە مەتبۇئاتىنى كونترول قىلىپ تۇرغان سەرخىللار بۇنداق باراۋەرسىزلىك ھادىسىسىنى زادى يۈز بەرمىگەندەك كۆرمەسكە سالىدۇ. لېكىن، مەن بۇنى قەستەن مەزگىللىك ئەھۋال دەپ، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا تىرىشىمەن. كىشىلەر ئارىسىدىكى ئامراتلىق ئادەمنى ئەندىشىگە سالىدۇ. ھازىر ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىنىڭ ئازىيىشى ئامېرىكىدىكى باراۋەرسىزلىك ھادىسىسى ئىچىدىكى شۇملۇق يۇراپ تۇرىدىغان بىر تەرەپتۇر. دېگەن قاراش ئېقىپ يۈرۈپتۇ. پۈتۈن ھازىرقى زامان تارىخىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە سىنىپى ئىزچىل مۇقىم سىنىپ بولۇپ كەلگەن. چۈنكى، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى كىشىلەر بىر مۇشۇ دەرىجىگە كۆتۈرۈلسەك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئەھۋالى مۇقىم، جەمئىيەت ئامان ۋە باراۋەر بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق باراۋەرسىزلىك ھادىسىسىنىڭ كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى قوللاۋاتقان كىشىلەر، بولۇپمۇ ئامېرىكا كارخانىلىرى ۋە ئوڭچى كۇچلەر مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا ئوت بىلەن ئوينىشىۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «بازار ئەسلىي دىن تەرىقەتچىلىكى» ئىدىيىسى تەرىپىدىن ئالدىنىپ قالغان. «بازار ئەسلىي دىن تەرىقەتچىلىكى» دېگەن گەپ ئىقتىسادشۇناس جورجى سولۇسنىڭ كەسپىي ئاتالغۇسى بولۇپ، جاھىل ھەممە ئىدىيە فورماتسىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلار دائىم ئەيىبلەيدىغان

ئىسلام ئەسلىي دىن تەرىقەتچىلىكىگە ئوخشاش.

بىز پەقەت سەممىي پوزىتسىيە بىلەن تۇرمۇشىمىزدىكى جەمئىيەت ئىقتىسادىي تۈزۈم مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلساق، ئاندىن جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلالايمىز. بەختىسىز تەرىپىمىز شۇكى، ئۇزاقتىن بۇيان ئامېرىكا ئۆزىنىڭ راست دېگەن تەلەپپۇزدا كاپىتالىزم ھەققىدە سۆزلەشتىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى، ناۋادا سىز باشقا پوزىتسىيىدە بولسىڭىز دەرھال ئېكستىرمىچى دەپ قارىلىنىپ مۇھاكىمە سورۇنىدىن قوغلىنىسىز. مۇخبىر لىئوم كىرەيىن دەل مۇشۇنداق كۇنگە قالغان. ئۇ ئەنگلىيە ۋە ۋەتىنى ئامېرىكىدا «بەلگە كېرەك ئەمەس: ماركا زومىگەرلىكنى قارىغا ئېلىش» ناملىق بازارلىق كىتابىنى ئېلان قىلىپ كارخانىلارنىڭ يەر شارىلىشىش مەسىلىسىنى تەنقىد قىلغان. ئامېرىكىدىكى ئاساسىي گېزىت ـ ژۇرناللار بۇ تەنقىدنى قوبۇل قىلالمايلا قالماستىن بۇ كىتاب ھەققىدىكى باھالارنىمۇ بېرىشنى خالىمىغان.

ئەنگلىيە ۋە باشقا تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە ئىجتىمائىي قاتلام كىشىلەر دائىم مۇھاكىمە قىلىپ تۇرىدىغان بىر مەسىلە. لېكىن، ئامېرىكىدا ئۇنداق ئەمەس. سەرخىللىرىمىز بۇ تېمىدا پاراڭلىشىشنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلماسلىقتا مەلۇم ئاساسى بار. بىز سىنىپ مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارايدىغان ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ كەتتۇق. سىنىپىي كۇرەش دېگەن بۇ ئاتالغۇنى مەلۇم كىشىلەر لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇپ كارخانىلار ۋە بايلارنىڭ بېجىنى كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلغاندا مەتبۇئاتلار بۇ لايىھەگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتتى. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق چىقىمىنى كېمەيتىش، يۇقىرى باھالىق تاۋارلارنىڭ بېجىنى تۆۋەنلىتىش ياكى بىكار قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، نەچچە مىڭلىغان ئىشچىلارنى ئىشتىن بوشىتىش قاتارلىق ئىشلار، نېمىشقىكىن، سىنىپىي كۇرەش دەپ تەسۋىرلەندى.

«ئامېرىكىدا ئىرقچىلىقلا ئەمەس، سىنىپ ئايرىمىچىلىقىمۇ مەۋجۇت» دېدى ئاندى كىركېك. «بىــزدەك ئادەملەر» دېگەن هۆججەتلىك فىلىمنىڭ بۇ ئاپتورى ۋە رېژىسسورى ۋاشىــنگتون كولومبىيە ئالاهىدە رايونىنىــڭ تېلېۋىزىيە پروگرامىـــســى «قەهۋەخانا» دا سۆز قىلغاندا: «بىز بۇ دۆلەتتە سىنىپ هەققىدە سۆزلىمەيمىز، چۈنكى بىز هەممىمىز ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىگە تەۋە، هەممىمىز ئوخشاش ئامېرىكىلىق دېگەن ئەقىدىگە ئىشىنىمىز.» دېدى. بۇنداق بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان ئاڭ بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان هەممە ئادەم باراۋەر دېگەن ئىدىيىدىن كەلگەن. بىز ئىلگىرى يېزا ئىگىلىك ئاساس قىلىنىدىغان جەمئىيەتتە ياشايتتۇق. ئەينى چاغدا باراۋەر بولمىغان سىنىپلار مۇناسىۋىتــى بۇقەدەر گەۋدىلىك ئەمەس ئىدى، سىنىپ دېگەن گەپنىڭ بىز بىــلەن مۇناسىۋىتى يوق دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتۇق.

دېترومونت فوندى جەمئىيىتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانىغا مەسئۇل جاك لىزنىبوگ مۇنداق دەيدۇ: «زور كۆپچىلىك ئامېرىكىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئەڭ مۇهىم ئامىلى ياكى ئەڭ كەمچىل ئامىلى تۇغۇلغان چاغدا يۈزلەنگەن مۇهىت ياكى بۇ مۇهىت تەمىنلىگەن پۇرسەت دەپ قارايدۇ. باراۋەرلىك بىر ئەپسانە، جەمئىيەتنىڭ يۆتكىلىشچانلىقىمۇ بىر ئەپسانە، ئامېرىكا چۈشىمۇ بىر ئەپسانە. لېكىن، بىز بۇ ئەپسانىلەرگە ئىشىنىمىــز، ئۇلار بىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىمىزنى بەلگىلەيدۇ.

1989 ـ يىلى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاياغلاشتى. ئامېرىكىلىقلار ئاخىر ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىكى ئىجادىي ۋە سەلبىي مەسىلىلەرگە يۈزلىنىپ، ئۇلۇغلار بازارغا سېلىۋاتقان ئەركىن كارخانا تۈزۈمى هەققىدىكى شېرىن سۆزلەرنىڭ مەست قىلىشىدىن قۇتۇلدى. كاپىتالىزم ئۆزىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئىقتىدارىنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىپ، ئىقتىسادىي يېڭىلىشنى غىــدىقلاپ بايلىــق يارىتىشتەك غايىسىنى تەشۋىق قىلىشتىن بىــر كۈنمۇ توختاپ

قالمايدۇ. بۇنداق بولىدىغانلىقى ھەم ئامېرىكا تارىخى تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى. لېكىن، ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدىكى ئاچ كۆزلۈك ۋە رىقابەتكە سەۋەب بولۇپ، ئىجتىمائىي باراۋەرسىزلىكنى كۈچەيتىۋەتتى. بازار ئارقىلىق پاكىز ھاۋا ۋە پاكىز سۇدىن ئىبارەت شەكىلسىز بايلىقنىڭ قىممىتىنى باھالاشقا ئامالسىزمىز. بازارنىڭ تەرەققىياتى ھەممىشە مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق ئاقىۋەت كىشىلەرنىڭ مۇنداق بىر داۋلىنى چۈشىنىۋېلىشىغا تۈرتكە بولدى: نېمە ئۈچۈن تارىختىكى كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىدە ئەڭ چىڭ تۇرىدىغان ئىقتىسادشۇناسلارمۇ ھۆكۈمەتنىڭ بازارنى تەڭشەش رولىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ؟ چۈنكى، ھۆكۈمەتلا بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى، بازاردىكى كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، جەمئىيەتنىڭ ھەممە ئەزالىرىنىڭ بىر تەڭپۇڭ ھەرىكەت مەيدانىغا ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ ئۇسۇلى جەمئىيەتنى ئەڭ ياخشى قانۇن رامكىسى، سودا قانۇنىيىتى، باج ۋە مالىيە سىياسىتى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق پىلانى قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەش.

دۆلەت چوقۇم ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىقتىسادىي ئۇنۇم ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىشى كېرەك. ئامېرىكىدىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئەھۋالىنىڭ شۇقەدەر چەكلىملىك بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى لىبېرالىزمنىڭ تەسىرىنىڭ بەكمۇ كۈچلۈكلىكىدىن. لىبېرالىزم بىزنى كاپىتالىزمنىڭ ئۇسۇللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئامېرىكىلىقلار ئامال بار كۆپرەك بازار ئەركىنلىكىگە ئېرىشىپ كۆپرەك پۇل تاپساق دەپ ئويلايدۇ. بىز باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق پۇرسەتكە ئىگە بولۇشىدىن ھەسەت قىلمايمىز. چۈنكى، ئەركىن بازار ماھىيەتتە بىر ئىت تالاشتۇرۇش مەيدانى بولۇپ، تالىشىدىغانغا ئىت كېرەك. ناۋادا رىقابەت جەريانىدا شاللىنىپ قالسا ئۆزىنىڭ ئىشى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى كاپىتالىستىك

دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ئىنتايىن كۈچلۈك ئەمەلىي رول ئېلىپ، كاپىتالىزمنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىدۇ ۋە باشقا ئىشىنچا زېھنىي كۈچلەرنى تەڭشەيدۇ. پەقەت ئامېرىكىدىلا ساغلام بولغان دۆلەتلىك باشقۇرۇش سىستېمىسى كەمچىل. نېمىشقا ئامېرىكىنىڭ ئاساسىي شەھەرلىرىنىڭ كوچىلىرىدا لەيلەپ يۈرگەن ئۆي - ماكانسىز سەرگەردانلار تولا؟ دېگەن سوئالغا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت پاراۋانلىق سىياسىتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن شۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىققان، دەپ جاۋاب بېرىش مۇمكىن. سىز ياۋروپا ياكى ياپونىيىگە ساياھەتكە بارسىڭىز بۇنداق مەنزىرىنى كۆرەلمەيسىز، چۈنكى بۇ دۆلەتلەر ئاممىۋى ساغلاملىق، مائارىپ ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش پىلانى ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ مەبلەغ ئاجراتقان. ھازىر بۇ دۆلەتلەردىكى نامراتلار ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئامېرىكىدىكى ئوخشاش تۈردىكى سىنىپلارغا قارىغاندا ئىنتايىن زور يۆتكىلىشچانلىق ئىقتىدارى بار. بۇ دۆلەتلەر بەلكىم ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى مەلۇم دەرىجىدە قۇربان قىلىپ ئىنتايىن زور باراۋەرلىككە ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن. گەرچە ئۇلارنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتى سەل يۇقىرى بولسىمۇ، نامراتلىق سەۋىيىسى نىسبەتەن تۆۋەن، ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك.

20 - ئەسىرنىڭ 80 - ۋە 90 - يىللىرىدا ئامېرىكا جەمئىيىتىدە پەيدا بولغان باراۋەرسىزلىك ئامېرىكا ئاممىۋى سىياسىتىنىڭ بىۋاسىتە ئاقىۋىتى ئىدى. چۈنكى، بۇ سىياسەت بازارنىڭ تەسىرىنى باشقا ھەممە ئىجتىمائىي قىممەتلەردىن ئۈستۈن قويىدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمەتنىڭ بازاردىكى ئورنىنى قايتا بېكىتىپ ھۆكۈمەتنىڭ تەڭشەش رولىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق بۇنداق باراۋەرسىزلىكنى پۈتۈنلەي كىچىكلەتكىلى بولىدۇ. بىر قىسىم ئامېرىكىلىقلارغا بۇ قاراش خام - خىيالدەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن، چۈنكى يېقىنقى يىللاردىن بېرى دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتى ئىزچىل ھالدا «بازار ئەسلىي دىن تەرىقەتچىلىكى» نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ

كەلدى. لېكىن، كونكرېت مەسىلە ھەققىدە سۆزلىسەك، بىز دەرھال كۆپىنچە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئۆلچىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىجتىمائىي كاپالەت پىلانىنى يۇرگۈزۈشنى قوللاش، ھۆكۈمەتنىڭ كارخانىلارنىڭ كۆلىمىنى تارايتىش قاتارلىق رەزىل ھەرىكەتلىرىنى چەكلىشىنى قوللاش خاھىشىدا ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. چۈنكى، كارخانىلارنىڭ بۇنداق قىلمىشى زور كۆپچىلىك ئامېرىكا خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق بايلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئامېرىكىلىقلار ئامېرىكا چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن دەيدىكەن، دۆلەتنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە ئېقىپ يۇرگەن «بازار ئەسلىي دىن تەرىقەتچىلىكى» گە جەڭ ئېلان قىلىشى، بىز سايلىغان ۋاشىنگتونىدىكى ۋەكىللەر، بارلىق قانۇن تۇرغۇزغۇچىلار ئۆزلىرىگە ھوقۇق ۋە سايلام مەبلىغى ئاتا قىلغان ئالىڭ ـ شىڭتەيدىن ئازاد بولۇشى كېرەك. بۇ ئۇلارغا ئېلان قىلىنغان جەڭ. لېكىن، «يېشىل پەرىشتە ئىزى» دىكى پەرىشتەنىڭ بۇيرۇقى تېخىمۇ زور خىرىس كۆچىگە ئىگە. ئۇ تاۋلىس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا غەربكە بېرىپ ئايال پېرىخونىنىڭ سۇپۇرگىسىنىڭ دەستىسىنى ئەكېلىپ بېرىشلار دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ناۋادا ئامېرىكىلىقلار دۆلىتىمىزنىڭ ئۇ چۆچىكىدىكى «ئۆز كۈچۈڭگە چوڭقۇر ئىشەن، دوستۇڭغا سادىق بول، ھەققەت ئۈچۈن كۈرەش قىل» دېگەن ساۋاقنى ئېسىدە چىڭ ساقلىيالىسا، ئامېرىكىنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان مۇكاپات — «بىر بەختلىك ئاقىۋەت» كە ئېرىشەلەيمىز.

# سەككىزىنچى باب  ئامېرىكا دېموكراتىيىسىنىڭ تراگېدىيىسى



## ئامېرىكىدىكى سايلامنى كۆپاغا
## نازارەت قىلدۇرۇش كېرەكمۇ

مەن كۇبانىڭ پايتەختى ھاۋانانىڭ شەھەر ئەتراپىنى ساياھەت قىلغان چېغىمدا بىر ۋېلىسىپىت ئارىيەت ئالماقچى بولدۇم. ئالدى تەرەپتە بىر بوۋاي بىلەن بىر يىگىت پاراڭلىشىپ تۇراتتى. مەن ئۇلاردىن ۋېلىسىپىت ئارىيەت ئېلىش ھەققىدە مەسلىھەت سورىدىم. بوۋاي گېرمانىيىلىككە ئوخشايتتى. ئۇ ھازىر ئارتولۇ ئىسىملىك بىر يىگىتكە تىل دەرسى ئۆتىدىكەن. ئۇنىڭ يېزا مېھمانخانىسىنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى دەرەخ سايىسىدە ئولتۇرۇپ دەرس ئۆتۈۋاتقىنىغا بىر سائەتتىن ئېشىپتۇ. بوۋاي سەۋرچانلىق بىلەن يىگىتنىڭ نېمىسچە سۆزلەشلىرىنى تىڭشىغاچ، ئۇنى گېيوتىنىڭ كلاسسىك سۆزلىرى بىلەن ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە ئىلھاملاندۇراتتى. ئارتولۇنىڭ يەرلىك تەلەپپۇزى بەك ئېغىر ئىدى، لېكىن گراماتىكا ئاساسى پۇختا بولۇپ، پېئىلنى جۈملە ئاخىرىغا قانداق قويۇشنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلىۋالغانىدى، ئۆزلۈكىدىن نېمىسچە ئۆگەنگۈچىگە نىسبەتەن بۇ خېلى يۇقىرى سەۋىيە ھېسابلىناتتى.

مەن ئۇنى نېمىس تىلىدا ماختاپ قويدۇم، ئارتولۇ قىزىرىپ كەتتى. بوۋاي ماڭا ۋېلىسىپىت ئىجارىگە بېرىشكە ماقۇل بولدى. نېمىسچە تەلەپپۇزۇمدىن گېرمانىيىلىك ئەمەسلىكىمنى بىلىۋېلىپ نەدىن كەلگەنلىكىمنى سورىدى. جاۋابىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال سورىدى:

— سىلەر يېقىندا بىر زوڭتۇڭ سايلاپ چىقتىڭلارغۇ دەيمەن؟

بۇ كۈن 2000 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئىدى. بەش كۈن بۇرۇن ئامېرىكىدا زوڭتۇڭ سايلىمى ئېلىپ بېرىلىپ، جورجى

بۇش غەلىبە قىلدىمۇ ياكى ئال گور غەلىبە قىلدىمۇ، تېخى ئايرىلمىغانىدى. كوبادا غەربنىڭ گېزىتلىرىنى كۆرەلمىگەنىدىم. لېكىن، مەن چۈشكەن مېھمانخانىدا ئامېرىكا سىملىق ئاخبارات تورىنىڭ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى، مەن ئۇنىڭ خەۋەرلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىۋاتاتتىم. بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئېنىق بىر نەتىجىگە ئېرىشمەك بارغانسېرى تەسلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— تېخى نەتىجە چىقمىدى. كىم فلورىدادىكى سايلام بېلىتىگە ئېرىشەلىسە شۇ غەلىبە قىلىدۇ. لېكىن، فلورىدادىكى ئەھۋال بەك قالايمىقان، — دەپ جاۋاب بەردىم.

قارىغاندا، ئارتولۇ نېمىسچە پاراڭلىرىمىزنى چۈشىنەلمىگەندەك قىلاتتى، شۇڭلاشقا بوۋاي ئىنگلىزچە سۆزلەشكە باشلىدى.

— بۇ ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئىش بوپتۇ، — دېدى ئۇ گېلىنى قىرىپ قويۇپ — ئامېرىكىنىڭ تېخنىكىسى بەك ئىلغار ئىدىغۇ؟ — ئۇنىڭ سۆزىدە روشەن ئەيىبلەش ئاھاڭى بار ئىدى. ئۇ ئاخىردا تولۇقلاپ قويىدى: — بىزمۇ ئاخىردا كىمنىڭ زۇڭتۇڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە قىزىقىمىز، چۈنكى بىز شۇنىڭدىن كېيىن يېڭى سايلانغان زۇڭتۇڭنىڭ سىياسەتلىرىگە يۈزلىنىشكە مەجبۇر بولىمىز - دە.

— ئاڭلىساق، بۇشنىڭ ئىنىسى فلورىدا شتاتىنىڭ باشلىقى ئىكەنغۇ؟ راستمۇ؟ — گەپ قىستۇردى ئارتولۇ.

— شۇنداق، — دېدىم مەن.

— دېمەك، بۇش فلورىدانىڭ سايلام بېلىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ئۇنداق دېيىشكىمۇ بولمايدۇ، — دېدىم مەن، — نەتىجىنى پەرەز قىلماق تەس، بەلكىم شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

— بۇش چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، چۈنكى ئىنىسى ئۇنىڭ يېڭىلىپ قېلىشىغا قاراپ تۇرمايدۇ - دە. خەۋەرلەردە، ئال گور

پۈتۈن مەملىكەتتىكى زور كۆپچىلىك سايلام بىلىتىگە ئىگە بولدى، لېكىن ئۇ فلورىدانىڭ سايلام بىلىتىدىن ئايرىلىپ قالسا بۇش زۇڭتۇڭ بولۇپ كېتىدۇ دەيدۇ، ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداقمۇ؟ — سورىدى ئارتولۇ.

— شۇنداق، — دېدىم مەن، — بۇ بىر مۇرەككەپ ئىش، — مەن ئۇھ تارتىپ قويدۇم. مەن سايلامغا مۇناسىۋەتلىك مۇرەككەپ ئىشلارنى ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۈرسەم بولار، دەپ باش قاتۇرۇۋاتاتتىم. بۇ چاغدا ئارتولۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە ئولاشتى.

— قارىغاندا، ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمىدىن چاتاق چىقتىمۇ نېمە؟ كېلەر قېتىملىق سايلامدا كوبانى سايلامنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتىش كېرەكتەك تۇرىدۇ، — دېدى ئارتولۇ.

بىرنەچچە كۈن بۇرۇن مەن كوبانىڭ كومپارتىيە گېزىتى «ئاخبارات گېزىتى» دە بۇ يۇمۇرنى ئوقۇغانىدىم. قارىغاندا، ئارتولۇ بۇ يۇمۇرنى راست دەپ ئويلاپ قالغاندەك قىلاتتى. مەن ئاچچىق كۈلۈپ قويدۇم. گېرمانىيىلىك بوۋايغا بۇ گەپ بەك قىزىقارلىق ئاڭلاندىمۇ قانداق، سۆز قاتتى:

— بۇ، ھەقىقەتەن ياخشى چارىكەن، — ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — كۇبا ئامېرىكىغا ياردەملىشىپ دېموكراتىيە قۇرۇلۇشى قىلمىسا بولماپتۇ. كۆزەتكۈچى ئەۋەتىپ ئامېرىكىنىڭ سايلىمىنى نازارەت قىلىش بەك بەلەن چارىكەن.

ئامېرىكىدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمى دۇنياۋى مۇھىم خەۋەر. لېكىن، بۇ قېتىمقى سايلامنىڭ مۇرەككەپلىكى كىشىلەرنى تېخىمۇ جەلپ قىلدى. ئېنىقراق ئېيتساق، 2000 ـ يىلىدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىدىكى ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان فلورىدادىكى بىلەت تاشلاش نەتىجىسى چەت ئەللىكلەرنىڭ بىزنى مازاق قىلىشىغا ساپاق بولۇپ بېرىپ، بىرقاتار كومېدىيىلىك ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولغانىدى. سايلام مەزگىلىدە يۈز بەرگەن غەلىتە ئىشلار كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ، مازغاپ تىياتىرلارغا ئوخشاش

دۇنيا تاماشىبىنلىرىنى جەلپ قىلدى.
36 ياشلىق مىشىر لىنچىمان ئامستېردامدىكى بىر ماشىنا شىركىتىنىڭ خوجايىنى. كېيىن ئۇ بۇ قىزىقارلىق ئىشلارنى ئەسلەپ، كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:
— مەن ئامېرىكىدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىنىڭ جەريانىغا بەكمۇ قىزىقتىم. ھەر كۈنى گېزىت كۆردۈم، تېلېۋىزوردا بېرىلگەن خەۋەرنىمۇ چالا قويمىدىم. ئىنتېرنېتتىن مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى ئاختۇردۇم. بۈگۈن كىم ئېرىشكەن بېلەت سانى ئالدىدا؟ كىم ئەرز قىلاي دەيدۇ؟ سوتچى قانداق پوزىتسىيىدە؟ دېگەندەك ئىشلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ. كېيىن ئىپتالىيەنكى، دۆلىتىڭلاردا زۇڭتۇڭ سايلىمى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان چاغدا شىركىتىمىزدىكى كىشىلەر كەم دېگەندە ئىككى ھەپتە چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئىزچىل قىزىق نۇقتا ھەققىدە پاراڭ سېلىشىپ چىقتى.
چەت ئەللىكلەر بىلەن ئامېرىكا زۇڭتۇڭ سايلىمى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئارىلىق بولغاچقا، ئۆزىگە خاس ئەۋزەل شارائىت بىلەن بىزنىڭ زۇڭتۇڭ سايلىمىمىزغا باھا بېرىشىدۇ. ئۇلار نىسبەتەن يىراق ئارىلىقتا تۇرغاچقا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممە تەرىپىنى كۆرەلەيدۇ. ئۇلار ھېچقايسى پارتىيىگە يان باسمايدۇ، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئابرۇيىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئۇلار سايلام جەريانىدا يۈز بەرگەن بىمەنە ئىشلارنى زوق - شوخ بىلەن مەسخىرە قىلىشىدۇ. جەنۇبتىكى ئامېرىكىلىقلار ياكى ياۋروپا ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلار گورنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېرىشكەن، سايلام بېلىتىنىڭ بۇشنىڭ بېلىتىدىن 500 مىڭدىن كۆپرەك ئارتۇقلۇقى ھەققىدە ئۇچۇرغا ئېرىشكەندە ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيىسىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. دۆلەت قۇرغۇچىلار تەشەببۇس قىلغان «كوپ سانلىقلار بەلگىلەش پرىنسىپى»غا سەل قارايدىغان بۇنداق قىلمىش دېموكراتىيىنى قانداق گەۋدىلەندۈرىدۇ؟

چەت ئەل مۇخبىرلىرى مۇنداق بىر ئىشنى خەۋەر قىلغان: فلورىدا شتاتىنىڭ باشلىقى جورجى بۇشنىڭ ئىنىسى ۋە بۇ شتاتتىكى سايلام ئەمەلدارلىرى فلورىدادىكى سايلامغا رىياسەتچىلىك قىلغان. ئۇلار بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنى بەرگەندە ئامېرىكا ئاخبارات ۋاستىسى خەۋەر قىلىپ ئادەتلەنگەن بىتەرەپلىكنى ساقلاش مۇقامىغا رىئايە قىلىپ كەتمىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى سايلام نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىڭ ئاللىقاچان مۇقىملىشىپ قالغانلىقى ھەققىدە بېشارەتمۇ بەردى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ كونتروللۇقىدىكى ئامېرىكا ئەڭ ئالىي سوتى 5:4 ئاۋاز بىلەن فلورىدادا بېلەتنى قايتا ھېسابلاش لايىھىسىنى توسۇپ قويغاندا، چەت ئەلنىڭ خەۋەرلىرىدىكى سايلام نەتىجىسى ھەققىدە بېرىلگەن يوشۇرۇن بېشارەت ئادەمنى تېخىمۇ قايىل قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇلار بۇشنى غەلىبە قىلىدۇ دەپ پەرەز قىلىپ بولغانىدى. «ھىندىستان ۋاقىت گېزىتى» ئوبزور ئېلان قىلىپ «بۇشنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتقى ئېغىر لوگىكىسىزلىق پەردىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلدى» دەپ باھا بەردى.

ناۋادا چەت ئەللىكلەر دۇنيادىكى ئۆزىدىن ئەڭ ئىپتىخارلىنىدىغان دېموكراتىك دۆلەتتىكى ئەڭ تۈپ سىياسىي مۇراسىمنىڭ شۇنداق كېلەڭسىز بىر تەرەپ قىلىنغىنىنى كۆرسە چۆچۈپ كېتىشى مۇمكىن. بۇنداق چۆچۈپ كېتىش پۈتۈنلەي ئادەمنى غەمگە سالىدىغان ئىشمۇ ئەمەس. ئامېرىكىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى مېنىڭلا توغرا دەيدىغان پوزىتسىيىسى نۇرغۇن چەت ئەللىك تاماشىبىنلارنى غەزەبلەندۇرگەنىدى. ۋاشىنگتون ئۆزىنى دۇنيانىڭ دېموكراتىيىلىشىش مۇساپىسىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق كېسىمچى دەپ قاراپ، باشقىلارنىڭ ۋاشىنگتوننىڭ دېموكراتىيە ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىشىنى تەلەپ قىلاتتى، ئۆزىنىڭ قوش ئۆلچىمىگە قارىتا سۈكۈت قىلاتتى. بۇ پەردىكى مەقسەت، ئامېرىكا ئىمپېرىيىسىنىڭ دۇنيادىكى ئەۋزەل ئورنىنى ئىزچىل ساقلاپ

قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. فلورىدادىكى بۇ خورلۇق ھېچكىمنى ئۆزگىچە تەڭ قىلمايدىغان، ياۋاشنى بوزەك قىلىپ ئادەتلەنگەن بۇ ئىمپېرىيىنىڭ تېگىشلىك جازاسى بولدى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى «پوچتا گېزىتى — ئاۋانگارت ھەپتىلىك گېزىتى» ماقالە ئېلان قىلىپ، ئېچىتقان تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدى: «ئافرىقا قۇرۇقلۇقى ئامېرىكىلىق قېرىنداشلار ياردەمگە موھتاج بولغاندا ياردەم بېرەلمىگەنلىكىمىزدىن نومۇس قىلىشمىز كېرەك. بىز سايلام ئېلىپ بارغاندا ئۇلار ئىزچىل ھالدا بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىن كەتمىگەنىدى. بىزمۇ ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى سايلام رىقابىتى باشلانغاندا، بىرەر يېزىدىكى ئاساسلىق يىغىن زالىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ھەر تۈرلۈك دېموكراتىيىنىڭ ئۆلگىلىرى ھەققىدە، مەسىلەن، سايلام پائالىيىتىنى زوڭتوڭ سايلام كومىتېتى ئەمەس خەلقنىڭ كونترول قىلىشى ھەققىدە ئىزاھات بەرگەن بولساق بەك ياخشى بولاتتى.»

بۇنىڭدىن باشقا، 2000 - يىلىدىكى سايلامدا ئامېرىكىلىقلار تەن ئېلىشنى خالىمايدىغان مۇرەككەپ بىر ئىش يۈز بەردى، چەت ئەللىكلەر بۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق بىلەتتى. قىسقىسى، ھازىر ئامېرىكىدىكى زوڭتوڭ ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇۋاتقان ئادەم ئامېرىكا جامائەتى سايلاپ چىققان زوڭتوڭ ئەمەس ئىدى. ھازىر جورجى بۇش زوڭتوڭ بولۇپ تەيىنلەندى، لېكىن بىر بىمەنە كومېدىيە يۈز بەرگەندىن كېيىن تەيىنلەندى. بۇ خاتالىقلار ئامېرىكىنى پۈتۈن يەر شارىنىڭ مازاق قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى، ئامېرىكىنىڭ ئابرۇيى چۈشۈپ كەتتى. لېكىن، بۇ سايلام رىقابىتىنىڭ قايسى دەرىجىدىكى چىرىكلىككە ياتىدىغانلىقىنى چەت ئەللىكلەر چۈشىنەلمەيتتى. بۇ سەتچىلىك ئالدىن پىلانلانغان، ئادەمنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان بىلەت تاشلاش ۋەقەسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئامېرىكىنىڭ پرىنسىپلىق مەسىلىسىنى قانۇنىي ئەرز دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويغان

تېخنىكىلىق خاتاسى ئىدى. ئەينى چاغدا ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى شۇنداق تېز بولدىكى، كىشىلەر گاڭگىراپلا قالدى ھەتتا ئەڭ ياخشى مۇخبىرلارمۇ گاڭگىراپ قېلىپ ۋەقەنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە كەڭ كۆلەمدە خەۋەر بېرەلمىدى. ھازىر چاڭ - توزان بېسىقىپ، بۇ كرىزىس جەريانىدا بىلگىلى بولمىغان ۋە سەل قارالغان ئۇچۇرلار ئاشكارىلاندى. مەسىلەن، ئوڭچىلارنىڭ سايلام نامزاتى پاترىك بۇكنان — ئامېرىكا ئاخبارات ۋاستىسىنىڭ شۇ قەدەر سەل قاراش پوزىتسىيىسىگە قارىتا — ئۆزىنىڭ فىلورىدادا ئېرىشكەن سايلام بېلەتلىرىنىڭ ئەسلىدە ئال گورغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ناۋادا شۇنداق بولسا، ئەڭ ئاخىردا غەلىبە قىلغۇچى بۇش ئەمەس ئال گور بولۇپ چىقاتتى.

2000 - يىلىدىكى زوڭتوڭ سايلىمى بىر چاقچاقمۇ؟ ياكى ئۇنى جىنايەت دەپ قاراش كېرەكمۇ؟ سايلامدىكى بۇ سەۋەنلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنىڭ بەزىلىرى بېلەت تاشلاش ماشىنىسىدىن چىققان كاشىلا دېگەندەك تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ئىدى. بېلەتلەر ستاتىستىكا قىلىنماي تۇرۇپلا مەتبۇئاتلار مەلۇم غەلىبە قىلغۇچىنىڭ نامىنى بەس - بەستە ئېلان قىلىشقان ئىدى. لېكىن، ئەڭ چوڭ سەۋەنلىكنى قانۇن ۋە ئەخلاق تەرەپتىن ئىزدەش كېرەك. پاكىت پۈتۈنلەي ئېنىق بولمىسىمۇ، خېلى كۆپ پاكىتلاردىن قارىغاندا فىلورىدادىكى بېلەت تاشلاش ئەمەلىيەتتە بۇشنىڭ سەۋەبى بىلەن ئوغرىلانغانىدى. ئادەمنى خاتىرجەمسىزلەندۈرىدىغىنى، بېلەت ئوغرىلاش قىلمىشى ھۆكۈمەت تەرەپ ئازقىلىق نېگىرلارنىڭ بېلەت تاشلاش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ھېسابىغا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانىدى. 30 نەچچە يىل ئىلگىرى نېگىرلار سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىنچلىق نامايىشى ئېلىپ بارغاندا نۇرغۇن ئادەم تاياق يېگەنىدى. ئۇلار ئېرىشكەن بېلەت تاشلاش ھوقۇقى ناۋادا بۇگۈنمۇ فلورىدا ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارى ۋە بۇشنىڭ سايلام تەشكىلىنىڭ بىرلىشىپ

ئاياغ ئاستى قىلىشقا ئۆچرىغان بولسا، بۇ ھەقىقەتەن ئادەمنى نۇمۇسقا سالىدىغان ئىش. بۇ ئەھۋال بۈگۈنكى ئامېرىكىنىڭ تارىختىكى ئىرقچىلىق رەزىل ئادىتىنىڭ تەسىرىدىن ھازىرغىچە قۇتۇلالمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئامېرىكىلىقلار 2000 ـ يىلىدىكى سايلامغا ئەستايىدىل نەزەر سالمىدى، بۇنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، جورجى بۇش ئاللىقاچان ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولۇپ بولدى. ئۇرۇش گىرداۋىدا تۇرغاندا ئۇنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇشىمىز كېرەك. لېكىن، زۇڭتۇڭ سايلىمىدا ساقلانغان ئاشۇ ئېغىر ئەھۋاللارغا سەل قاراش بەكمۇ خەتەرلىك. بۇ قېتىمقى سايلامدىكى ساۋاق سىياسىي تۈزۈلمىمىزدە ساقلىنىۋاتقان چوڭقۇر كرىزىسنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلىدى. 2000 ـ يىلىدىكى سايلامنىڭ پۈتۈن جەريانىنىڭ بىلدۈرۈشىدىن قارىغاندا، بىلەت تاشلىغۇچىلارنىڭ ئەركىن تاللاش ھوقۇقىنىڭ تېگىشلىك بولمىغان چەكلىمىلەرگە ئۇچرىشى ئاساسلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىمىزنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتىنىڭ ناچارلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئاڭ فورماتسىيىمىزنىڭ رىقابەت مەيدانىدىكى باراۋەرسىزلىكى ھەممىگە ئايان. بىزدە بىر غالجىرلاشقان ئوڭچىلار بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا قالغان پارتىيە بار، ھەقىقىي مەنىدىكى سولچى كۈچ يوق. ۋەزىپە ئۈستىدىكى سىياسىيونلار بىلەن باي پۇل مۇئامىلە ماگنىتلىرىدىن تۈزۈلگەن ھۆكۈمران سىنىپ سايلام جەريانىنى ئاجايىپ قاتتىق كونترول قىلىۋالغان. قىسقىسى، بىزنىڭ دېموكراتىيە ئەمەلىيىتىمىزنى شىكسپېرنىڭ تىلى بويىچە تەسۋىرلىسەك، نۇرغۇن كېلىشىم ۋە سودىلاردىن تەركىب تاپقان بۇ ھالەت ئەسلىدىكى دېموكراتىيە ھەققىدىكى غايىمىزگە ماس كەلمەيدۇ. 2000 ـ يىلىدىكى سايلامدىن ئايان بولدىكى، چىرىكلىك پەقەت فلورىدادىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماي، مەملىكەتنىڭ ھەممە جايىغا يىلتىز تارتقاندەك قىلىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بۇ مەسىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا توغرا قاراش كېرەك.

## 2000 ـ يىلىدىكى سايلام: زورۇر بولغان ئەسلەش

ئامېرىكىلىقلارنىڭ 2000 ـ يىلى سايلامدا زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتىشى ھەقىقەتەن تەس. بۇ مەسىلىنىڭ ئاساسىي يىلتىزىنى بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىزگە چۈشەندۈرۈپ قويۇش بۇرچىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەتبۇئاتتىن ئىزدەش كېرەك. كىشىلەر مەتبۇئاتنىڭ خاتالىقىدىن كارخانىنىڭ پايدا ئېلىش ئېھتىياجى بىلەن سىياسىي ئېھتىياجى بىرلەشكەندە، بۇنداق بىرلىشىشنىڭ ئېھتىياجى يۇقىرىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە كەسپىي ئەخلاقىدىن ھالقىپ كەتكەندە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالدى. سايلام بولغان كۈنى كەچتە ئاۋۋال گور غەلىبە قىلدى. كېيىن ھېچكىمنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالماي بۇشنىڭ فلورىدادا غەلىبە قىلغانلىقىنى جاكارلىغان ئامېرىكا تېلېۋىزىيە تورىنىڭ يۈزى يەر بىلەن يەكسان بولدى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەن سائەت ئىككىدىن 16 مىنۇت ئۆتكەندە فوكس ئاخبارات تورى بۇشنىڭ زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەتبۇئات ئىتتىپاقلىشىپ بىردەك بۇشنى ھىمايە قىلىشقا باشلىدى. فوكس ئادەمنى بىزار قىلىۋېتىدىغان سۆزلەرنى قىلىدىغان ئۇچچى ئاخبارات تورى، شۇنداقلا بۇشنىڭ نەۋرە ئىنىسى يوھان ئېلىس رەھبەرلىكىدىكى سايلام ئورگانلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ھەممىشە سۈيىيكتىپ تەكشۈرۈش تەھلىلىگە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىراتتى. بۇنداق ئاددىي تەكشۈرۈش تەھلىلىنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقى ئىسپاتلانغانىدى. لېكىن، باشقا تېلېۋىزىيە تورلىرى ئۇلارنىڭ تەھلىلىنى مۇستەقىل تەكشۈرۈپ بېقىشقا ئامالسىز ئىدى. ئۇلار كۆپ يىللاردىن بېرى تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن ئادەم

قىسقارتىپ، فلورىدادىكى بىلەت تاشلاش نەق مەيدانىغا ئەۋەتىشكە يەتكۈدەك مۇخبىرىمۇ قالمىغانىدى.

بۇنداق تورلارنىڭ ئالدىراپ چىقارغان ھۆكۈم قىلىش خاراكتېرىدىكى خەۋەرلىرىنىڭ غايەت زور سىياسىي ئەھمىيىتى بار ئىدى، چۈنكى مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق مۇھىم تەسىر قوزغىغىلى بولاتتى. بۇش سايلامدا غەلىبە قىلدى. گوردىن ئىبارەت ھەسرەتلىك مەغلۇبىيەتچى سايلام بىلەتنى قايتا ھېسابلاشنى تەلەپ قىلدى. ئاشۇ 36 كۈنلۈك سايلام كرىزىسىدىن باشقا چاغلاردا بۇشنىڭ سايلام تەشكىلى بۇنداق ساختا ھادىسىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلاندى، سايلام بىلەتنى قايتا ھېسابلاشنى ماھىيەتتە مەلۇم شەكىلدىكى ئالدامچىلىق دەپ ئاتىدى. بۇنداق تىرىشچانلىق ناھايىتى تېز لا كاسىرىن خارسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. خارس بۇشنىڭ سايلام تەشكىلىنىڭ بىرلەشمە رەئىسى، فلورىدا شتاتىنىڭ كاتىپى ئىدى. ئۇ سايلام بىلەتنى قايتا ھېسابلاش ھوقۇقىنى ئىلىشنى قايتا ـ قايتا رەت قىلدى (ياكى قېچىش، كارى بولماسلىق ۋاستىسىنى قوللىنىپ، سايلام بىلەتنى قايتا ھېسابلاشنىڭ ئۆز مەنپەئىتىگە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ۋاستىلىك ئېتىراپ قىلدى). ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇشنىڭ سايلام تەشكىلىدىكى بۇنداق دېموكراتىيىگە زىت پوزىتسىيىنى زادى پاش قىلمىدى، بەلكى قوللىدى. ئادەم كۆچى بىلەن تەكشۈرۈش خاتا نەتىجە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، گول يول قويۇشى كېرەك. شۇ سەۋەبتىن مەملىكەتنىڭ مۇقىملىقى خەۋپكە ئۇچرىسا مەسئۇلىيەتنى گور ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، دېگەندەك بىمەنە گەپلەرنى قوللاپ، تەكرار تەشۋىق قىلدى.

سايلامنىڭ ئىككىنچى كۈنى سايلام بىلەتنى قايتا ھېسابلاشنى تەلەپ قىلىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەينى چاغدا پالما ناھىيىسىدىكى ياشانغان يەھۇدىيلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ سايلام رايونىدىكى ئەركىن دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ قوللىغۇچىسى،

ئوڭچى پات بوكنان پۈتۈن شتاتتا ئەڭ يۇقىرى بېلەتكە ئېرىشكەن نامزاتقا ئايلانغاندا ئۇلار غەزەپ بىلەن «كېيىنەكچە بېلەت تاشلاش» قىلمىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ، دەپ ئاغرىنغان. يوھان نىكرىس فلورىدادىكى بېلەت تاشلاش قالايمىقانچىلىقى ھەققىدە «يەھۇدىيلار بېلەت تاشلاپ بوكناننى قوللامدۇ؟» دېگەن نامدا بىر ياخشى كىتاب يازغان. نەچچە ئايدىن كېيىن مەن بوكناننى بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە زىيارەت قىلغىنىمدا، ئۇ كىتابتىكى كۆزقاراشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «پاكىت ئېنىقكى، 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى فلورىدادا بېلەت تاشلاش باشلانغاندا گورنىڭ قوللىغۇچىلىرى بۇشىنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. ناۋادا بېلەت تاشلاش نەتىجىسى بېلەت تاشلىغۇچىلارنىڭ ئىرادىسىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرسە گور فلورىدادا غەلىبىگە ئېرىشەتتى. بۇ، گور سايلام ئۆمىكىنىڭ زور كۆپچىلىك بېلەتكە ئېرىشىپ ئەڭ ئاخىردا خەلق سايلىغان ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولۇپ قالاتتى، دېگەنلىك.»

ناۋادا شۇ چاغدا بوكنان بۇ كۆزقاراشتا قەيسەرلىك بىلەن چىڭ تۇرغان بولسا ئامېرىكىنىڭ بۇ تارىخى قايتا يېزىلاتتى. مەتبۇئاتلارنىڭ گۆر ئالدامچى ئەمەس، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، دېگەن پەرەزنى خەۋەر قىلىشى، شۇ ئارقىلىق پالما ناھىيىسىدىكى بېلەتنى قايتا ھېسابلاش مەسىلىسىنى تۈزىتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەينى چاغدا ئىختىلاپ بار بېلەتنىڭ سانى تەخمىنەن 8 مىڭ پارچە بولۇپ، بۇشنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن 537 پارچە بېلەتتىن كۆپ ئۈستۈن تۇراتتى. بوكنان بۇ ئەھۋالنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كۆردى. فلورىدادىكى سايلامدىن ئىككى كۈن كېيىن ئۇ دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا سەممىيلىك بىلەن پالما ناھىيىسىدىكى زور كۆپچىلىك بېلەتنىڭ ئەسلى ئۆزىگە تەۋە ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. كېيىن ئۇنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن بولغان سەپداشلىرى ئۇنىڭ بۇنداق ساتقىنلارچە قىلمىشىغا ھۇجۇم

قوزغىدى، كۆپ ئۆتمەي ئۇ جىمىپ قالدى.
كېيىنكىسى ئىرق مەسىلىسى. نېگىرلار فلورىدادا ئۇچرىغان ئىرقىي كەمستىش ئۇلارنىڭ ئۇنۇملۇك بېلەت سانىنى كېمەيتىۋەتتى. ۋاشىنگتون ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور ئالان لىچمېن ئامېرىكا خەلق ھوقۇقى ھەيئەتلەر قۇرۇلتىيىغا ۋاكالىتەن فلورىدادىكى بېلەت تاشلاش ئەھۋالىنى ئانالىز قىلدى: «پۈتۈن شتات بويىچە شۇ كۈنى فلورىدادا بېلەت تاشلاشقا قاتناشقان ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى ئافرىقىلىقلار ئىچىدە ئەڭ ئاز دېگەندە ھەر يەتتە ـ سەككىز ئادەم ئىچىدە بىرەيلەننىڭ تاشلىغان بېلىتى ئىناۋەتسىز قىلىندى.» «نېگىرلار تاشلىغان بېلەتنىڭ رەت قىلىنىش نىسبىتى ئاق تەنلىكلەرنىڭكىدىن 10 پىرسەنت يۇقىرى بولدى. تەربىيىلىنىش سەۋىيىسى، كىرىم پەرقى، تۇنجى قېتىم بېلەت تاشلاش تەجرىبىسى جەھەتتىكى خاتالىق پەرقى ئۇنۇملۇك كونترول قىلىنغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ شۇنداق تەكىتلەندى.» لىچمېن يەنە: «ناۋادا بۇ ئىككى ئىرققا باراۋەر مۇئامىلە قىلىنىدىغان بولسا سايلام جەريانىدا 60 مىڭدىن ئارتۇق نېگىرنىڭ سايلام بېلىتى ئاۋۇيتتى.» دەپ قوشۇمچە قىلدى. ئۇ يەنە، چۈنكى فلورىدادىكى 93 پىرسەنت نېگىر گورنى قوللايتتى. بۇنداق ھېسابلىساق، گور يەنە تۆت ـ بەش تۈمەندىن ئارتۇق بېلەتكە ئېرىشەتتى. شۇنداق بولىدىغان بولسا ئۇ، ئەلۋەتتە، بۇشنى يېڭەلەيتتى.
بىر قىسىم نېگىرلارنىڭ بېلىتى ستاتىستىكا قىلىنمىغان. بۇ ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى بىر قىسىم سەۋەبلەر مۇنداق: نېگىرلار بىلەن نامراتلار رايونىغا ئورنىتىلغان بېلەت تاشلاش ماشىنىسى ئادەتتە دائىم چاتىقى چىقىپ تۇرىدىغان كونا ماشىنىلار ئىدى. ئادەمنى تېخىمۇ خاتىرجەمسىز قىلىدىغىنى، سايلامدىن بۇرۇن فلورىدا ھۆكۈمىتىنىڭ نېگىرلارغا «كۆزى چۈشۈپ»، نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئىسمى شتاتلىق بېلەت تاشلاش تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلانغان. خۇددى ئەنگلىيە مۇخبىرى گرېگورى پالاستى

ئېچىپ تاشلىغاندەك، فىلورىدا شتاتىنىڭ باشلىقى جېب بۇش رەھبەرلىك قىلغان شتاتلىق ھۆكۈمەت 1999 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ شتاتتىكى بېلەت تاشلاشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ تىزىملىكىگە قارىتا تەلۋىلەرچە تازىلاش ئېلىپ باردى. نەزەرىيە جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ بىر قانۇنغا ئۇيغۇن ھەرىكەت ئىدى، چۈنكى ئۆلگەن، ئىسمى تەكرار يېزىلىپ قالغان ياكى جىنايەت سادىر قىلىپ سايلىغۇچىلىق سالاھىيىتى بىكار قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ئىسمى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ باھانە بىلەن ھەر تەرەپتىن ناھايىتى قانۇنلۇق نۇرغۇن نېگىرنىڭ سايلام ھوقۇقى تارتىۋېلىندى. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، پالاستىي قايتا بېلەت ھېسابلاش كرىزىسى جەريانىدا ئەنگلىيە «كۆزەتكۈچىلەر گېزىتى» ۋە ئەنگلىيە رادىئو شىركىتى BBC نىڭ تېلېۋىزىيە پروگراممىسىدا بۇ ئۆچۈرۈنى ئاللىقاچان ئاشكارىلىۋەتكەنىدى. لېكىن، ئامېرىكىدا سەككىزىنچى ئايدىن كېيىن ئاندىن بۇ ئۆچۈر ئاشكارىلاندى.

بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئىرقچىلىق مەسىلىسى بار. نۇرغۇن نېگىرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ھۆكۈمەت قەستەن، تىزىملىكتە ئىسمىڭلارنى تاپالمىدۇق، دېگەننى باھانە قىلىپ ئۇلارنى سايلام مەيدانىدىن قوغلىۋەتكەن. فلورىدا شتاتىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى شەھەر تەمپانىڭ بىر رادىئو مۇخبىرى سىتاش بورس سايلام كۈنى بىر قىسىم بېلەت تاشلاش پونكىتلىرىنى تەكشۈرگەن. ئۇنىڭ مۆلچەرىچە، شۇ كۈنى نەچچە مىڭ ئادەم قوغلىۋېتىلگەن ھەتتا قوراللىق تەھدىت سالغانلىق ھەققىدىمۇ خەۋەرلەر بار. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ساقچىلار يوللارغا توساق قۇرۇپ نېگىرلارنى بېلەت تاشلاشتىن توسقان.

خەلق ھوقۇقى دەۋرى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدا بۇنداق زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى ھەممە يەردە كۆرگىلى بولاتتى. مەسىلەن، «بىسبورگ پوچتا گېزىتى»نىڭ كېيىن ئۆز

كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەرنى زىيارەت قىلىپ خەۋەر قىلىشچە، 1964 ـ يىلى بىر ئۇرۇشقاق ئاق تەنلىك ئادۋوكات ئارىزونا شتاتىدىكى فىنىكس دېگەن يەردە بىلەت تاشلاشقا ئۇرۇنغان غەيرىي ئاق تەنلىكلەرنى قورقۇتقان ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. لىتوس پىنياس ئىسىملىك بىر ئادەم ئەينى ۋاقىتتىكى مەنزىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: ھېلىقى ئاق تەنلىك ئادۋوكات غەيرىي ئاق تەنلىك بىلەت تاشلىغۇچىلارنى ئاۋۋال شەخسكە ئائىت نۇرغۇن سوئاللارغا جاۋاب بەرگىلى سالغاندىن كېيىن، يەنە ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى تەرجىمە قىلدۇردى. قارشى تەرەپنىڭ ئىنگلىزچە سەۋىيىسىنى سىنىغاندىن كېيىن، ئاندىن بىلەت تاشلاشقا يول قويدى. پىنياس كېيىن ئارىزونا شتاتلىق قانۇن چىقىرىش ئورگىنىدا 30 يىل خىزمەت قىلغان. ھېلىقى ئاق تەنلىك ئادۋوكاتنىڭ ئىسمى ۋىلىيام لوكونىست ئىكەن.

36 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە لۇكونىست ئىسىملىك ئاق تەنلىك ئۇ ئادۋوكات ئامېرىكا ئەڭ ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باش سوتچىسى بولدى. بۇ سوتچى رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان سوت فلورىدا شتاتىدا سايلام بېلەتنى قايتا ھېسابلاش تەكلىپ لايىھىسىنى رەت قىلدى. بۇ دېلونى بىر تەرەپ قىلغۇچىلار ئىچىدە لوكونىستلا بىتەرەپ كۆزقاراشقا ئىگە بولۇپ قالماي، بۇ دېلو بىلەن بىۋاسىتە پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى بار كلاۋلىنس توماس، ئانتونى سكالىيە ئىسىملىك ئىككى سوتچىمۇ بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس ئىدى. توماسنىڭ خوتۇنى بۇش سايلام تەشكىلىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى. سكالىيەنىڭ ئىككى ئوغلى بىر ئادۋوكاتلىق شىركىتىدە خىزمەت قىلاتتى، بۇ شىركەت فلورىدادىكى قانۇن جېدىلىدە باشتىن ـ ئاخىر بۇشنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ كەلگەنىدى. ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان تەرىپى، ئۆز مەنپەئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ دېلونى بىرتەرەپ قىلىش جەريانىدا ئۇلار ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. دەل شۇلارنىڭ قاتنىششى بىلەن سوتتا ئاران تەستە

كۆپ سانلىقلار سىستېمىسى شەكىللىنىپ، پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغىلى تاس قالغان ھۆكۈم ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ دېلونى كۈرۈھلار سىستېمىسىنىڭ سىياسىي پروگراممىغا قىلغان رەزىل ئارىلىشىش جەريانى دەپ تەسۋىرلەش مۇمكىن. سكالىيە بېلەتنى قايتا ھېسابلاش لايىھىسىنى ئېمىشقا رەت قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەندە، ھۆكۈمنىڭ «بېلەتنى قايتا ھېسابلاش بۇشنىڭ ئاتالمىش سايلىمىنىڭ قانۇنلۇقلۇقىغا گۇمان پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن» دېگەن مۇددىئاسىنى ئاشكارىلاپ قويدى. بۇنداق قىلغاندا بۇشنىڭ زوڭتۇڭلۇق تەلىپىنى قانائەتلەندۈرۈپلا قالماي، يەنە مەسىلىنى ھەل قىلغىلىمۇ بولاتتى.

ھەممىدىن مۇھىمى، ئەڭ ئاخىرقى نەتىجە. مانا بۇ ئامېرىكا مەتبۇئاتىنىڭ 2000 ـ يىللىق سايلامغا بەرگەن ئەڭ ئاخىرقى باھاسى. ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئايدىڭلىشىپ بىر يىلدىن كېيىن، ئاساسىي گېزىتلەر ۋە كەسپىي ستاتىستىكىچىلاردىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەتىرىتى فلورىدا شتاتىدىكى ستاتىستىكا قىلىنمىغان بېلەتلەرنى تەھلىل قىلىپ نەتىجىنى ئېلان قىلدى. ھەرقايسى گېزىتلەر بۇ نەتىجىنى باش خەۋەر قىلىپ باستى. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» نىڭ خەۋىرىدىن قارىغاندا، ئەڭ ئالىي سوت تاشلىغان بېلەت ھەل قىلغۇچ رول ئوينىمىغان. ئەڭ ئالىي سوت سايلام بېلىتىنى قايتا ھېسابلاش تەكلىپىنى رەت قىلمىغان تەقدىردىمۇ بۇش يەنىلا بۇ سايلامدا كۆپ بېلەت بىلەن يېڭىپ چىقالايدىكەن. بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنى سەل ئەستايىدىل ئوقۇپ چىققان كىتابخان بۇنداق دەپ نەتىجە چىقىرىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلەلەيدۇ. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» تىلغا ئالغان قايتا ھېسابلاش فلورىدا شتاتىدىكى 175 مىڭ پارچە بېلەت ئىچىدىكى ئالتە تومەن بېلەتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. شۇنداقلا پالما ناھىيىسىدىكى گور بوكىنانغا ئوتتۇرۇپ قويغان يەتتە مىڭ پارچە كېيىنەك شەكىللىك بېلەت ۋە دىۋال ناھىيىسىدىكى يەتتە

مىڭ پارچە خاتا بېلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېسابىنىڭ سىرتىدىكى بېلەت نەزەردىن ساقىت قىلىنىشى كېرەك. بىر نامزاتقا ئىككى قېتىم تاشلانغان بېلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالماسلىق ئالدىنقى شەرت. بۇ تەھلىلدە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئىرقىي كەمسىتىش كەلتۈرۈپ چىقاردى دېيىشكەن تەقدىردىمۇ، نېگىرلار تاشلىغان بېلەتنىڭ رەت قىلىنىش نىسبىتىنىڭ شۇ دەرىجىدە يۇقىرى بولۇشى لوگىكىغا سىغمايدۇ. لېكىن، بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلار گېزىت قۇرلىرى ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالدى. بۇنداق خەۋەرلەر 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن ئىككى ئاي كېيىن پەيدا بولدى. بۇ خەۋەرنىڭ يەتكۈزمەكچى بولغان ئۇچۇرى، ئاق ساراي خوجايىنىنى توغرا تاللىغان، دېگەندىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك.

## يۇمشاق ئىئانە ۋە قاتتىق پۇل

كىشىلەر فلورىدادىكى سايلام كومېدىيىسى جەريانىدا مۇنداق بىر رېئاللىققا دىققەت قىلمىدى: زور كۆپچىلىك ئامېرىكىلىقنىڭ بوش بىلەن گورنىڭ ھەر ئىككىسىنى زۇڭتۇڭلۇققا سايلىغۇسى يوق ئىدى. 2000 ـ يىلىدىكى سايلامدا پەقەت 51 پىرسەنت سايلىغۇچى بېلەت تاشلاشقا قاتناشتى. بوش بىلەن گور پەقەت 1/4 سايلىغۇچىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلىدى. 1996 ـ يىلى، كلىنتون قايتا زۇڭتۇڭ بولۇپ سايلانغاندا پەقەت ئومۇمىي سايلىغۇچىنىڭ 24 پىرسەنتىنىڭ سايلام بېلىتىگە ئېرىشىپ غەلىبە قىلغانىدى. رېگان 1980 ـ يىلىدىكى سايلامدا ئاران 27 پىرسەنت بېلەتكە ئېرىشكەنىدى. لېكىن، مەتبۇئات، ئۇ رەقىبى كاتتى يەڭگەنلىكى ئۈچۈن بىسىپ چۇشۇش خاراكتېردىكى غەلىبىگە ئېرىشتى، خەلق ھۆكۈمەتكە بەرگەن ھوقۇق، دېگەن كەسپىي ئاتالغۇلار بىلەن ئۇنى ماختىغانىدى. سايلىغۇچىلارنىڭ يېرىمى بېلەت تاشلاشنى

خالىمايۋاتقان چاغدا بۇ ئىشنى خەلقنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىشىغا ئېرىشكەنلىك دەپ قارىغىلى بولامدۇ، يوق؟ نۇرغۇن خەلق دۆلىتىنىڭ داھىيسىنى سايلاش پائالىيىتىگە قاتنىشىشنى رەت قىلىۋاتسا، ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيىسىنى قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟ بىز ئامېرىكىلىق سايلىغۇچىلارنىڭ سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتىمىز ئىزچىل ھالدا باشقا تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭكىدىن تۆۋەن بولۇۋاتىدۇ. 1945 - يىلىدىن 1998 - يىلىغىچە بولغان بارلىق سايلام پائالىيەتلىرىنى تەكشۈرۈپ باققاندا ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى دۇنيا بويىچە 114 - بولغان، بىزنىڭ بارلىق سايلىغۇچىلىرىمىزنىڭ پەقەت 48.3 پىرسەنتى سايلامغا قاتناشقان. ئىتالىيە ئەڭ ئالدىدا بولۇپ، سايلىغۇچىلارنىڭ بېلەت تاشلاش نىسبىتى 92.5 پىرسەنت، بېلگىيە، گوللاندىيە، شۋېتسىيە، يېڭى زېللاندىيە، ئاۋستىرالىيە ۋە گېرمانىيىلىكلەرنىڭ سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى 80 پىرسەنتتىن يۇقىرى ئىكەن. ئىسپانىيىنىڭ ئوتتۇرا ھالدا 77 پىرسەنت، ئەنگلىيە ۋە ئىرلاندىيىنىڭ 74.9 پىرسەنت، ياپونىيىنىڭ 69 پىرسەنت، فرانسىيىنىڭ 67 پىرسەنت، ھىندىستاننىڭ 61 پىرسەنت ئىكەن. ھەممە ئادەم بېلەت تاشلاشقا قاتنىشىشى كېرەك دېگەن سۆز ئاڭلىماققا ناھايىتى ئوڭاي تۇيۇلىدىغان، بەكمۇ توغرا سۆز. چۈنكى، بىر دېموكراتىك دۆلەتتە سايلامغا قاتنىشىش پۇقرالارنىڭ بۇرچىلا بولۇپ قالماي، يەنە ھوقۇقىدۇر. لېكىن، نېمىشقا شۇنچە كۆپ ئادەم سايلامغا قاتنىشىشنى خالىمايدۇ؟ بۇنى ئېنىقلىماق تەس ئىش ئەمەس، چۈنكى رىقابەتكە چۈشكەن نامزاتلار ئىچىدە سايلىغۇچىلار رازى بولىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. ئۇلارنىڭ ئەركىن تاللاش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك. بۇنداق سىياسىي پروگرامما ئۇلارنى پاسسىپ ۋە مەززىسىز ئامېرىكىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىن يىراقلىشىشقا مەجبۇر قىلغان. ۋاشىنگتوندىكى سىياسىيونلار ئۆز مەنپەئىتى

ئۇچۇن ئۇستىلىق بىلەن رېژىسسورلۇق قىلغان ئويۇنلار، مەتبۇئاتنىڭ بۇ ئويۇنلارنى ماختاپ ئۇچۇرۇشلىرى، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بايلارنىڭ سېخىيلارچە ئىئانىسى سايلىغۇچىلارنى بۇنداق سايلامدىن بىزار قىلىۋەتكەن.

تېكساس شتاتىدىكى خەلق پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى جىم خىگتوۋېر يېقىندا: «خۇدا ناۋادا بىزنى سايلام قىلسۇن دېسە، نامزاتنى ئۆزى بەلگىلەپ بېرىدۇ» دېگەن نامدا بىر كىتاب يېزىپ نەشر قىلدۇردى. ئۇ كىتابىدا ئامېرىكا دېموكراتىيىسىنىڭ هازىرقى ئەھۋالىنى ھەجۋىي قىلىپ مۇنداق يازدى: ئامېرىكىلىق سايلىغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى نامزاتلارنىڭ سىياسىي خاھىشىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى زادى چۈشەنمەيدۇ. نامزاتلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلارغا بولغان كۆزقارىشىدا پەرق يوق دېيەرلىك. ئۇلار پەقەت ئېغىزىدىلا «ئىشچىلار ئائىلىسى» نىڭ تۆلىمى دېگەندەك ئىشلارنى قوللاپ قويىدۇ ياكى بولمىسا «مەن بىر ھېسداشلىق تۇيغۇسىغا باي مۇتەئەسسىپ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، لايىھىلىگۈچىلەر ئەڭ يېقىنقى سىياسىي ۋەزىيەت ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان شوئارلارنى تەكرارلاپ قويۇشىدۇ. بۇنداق سايلام شوئارلىرى مەلۇم قاتلامغا نىشانلانغان ھەم سىناق ئارقىلىق نىسبەتەن ياخشى ئىنكاسقا ئېرىشكەن بولىدۇ. سايلىغۇچىلارنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدىغان مەتبۇئاتلار بولسا سايلام جەريانى ۋە «ھازىر كىمنىڭ ئېرىشكەن بېلەتى ئەڭ يۇقىرى»، نامزات زادى قانداق ئادەم، دېگەندەك شەخسىي مەسىلىلەرگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ئادەمنى قىزىقتۇرالمايدىغان، زىيان چىقىدىغان ئىشلار دەپ قارىلىدۇ. نامزاتلار ئۆزى پۇل چىقارغان 32 سېكۇنتلۇق سايلام ئېلانىدىن باشقا جايلاردىكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى سايلام ھەققىدە ھېچقانداق خەۋەر بەرمەيدۇ. ئېلاندىكى مەزمۇنلار بۇرمىلانغان ھەقىقەت بولسىمۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنى ناھايىتى كۆپ پايدىغا ئېرىشتۈرىدۇ. مەسىلەن، 1998 ـ يىلىدىكى پارلامېنت

سايلىمىدا تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ سايلامغا ياردەم قىلىپ ياراتقان كىرىمى تەخمىنەن 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولغان. ئېلان باھاسىنىڭ ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك ئۆرلەپ كېتىشى سايلام تەننەرخىنىڭ توختىماي ئۆسۈپ كېتىشىدىن بولغان. شۇڭلاشقا، نامزاتلار ناھايىتى كۆپ ۋاقىت چىقىرىپ بايلاردىن ياردەم سورايدۇ، بايلارغا يالۋۇرىدۇ، سايلىغۇچىلار بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشىش، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشقا ۋاقتى چىقمايدۇ. سايلىغۇچىلارغا شۇ قەدەر سەل قارىلىدۇ، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. سايلىغۇچىلارنىڭ باشقا تاللاش ئىمكانىيىتىمۇ قالمىغان شارائىتتا يېرىمىغا يېقىن سايلىغۇچىنىڭ سايلامغا قاتنىشىشى بىر مۆجىزە.

فلورىدادىكى تويۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقە سايلامغا كومېدىيىلىك تەركىبلەرنى قوشۇشتىن بۇرۇن بۇش بىلەن گور ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت نەچچە يىللاردىن بېرى ئادەملەرنىڭ روھىنى ئەڭ چۈشۈرىدىغان ئىش دەپ مەسخىرە قىلىنىپ كەلگەنىدى. رالف نادېر مۇبالىغىلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: بۇش بىلەن گور ئوتتۇرىسىدا ھامىلە چۈشۈرۈش، قورال - ياراغلارنى تىزگىنلەش، مۇھىت دېگەن مەسىلىلەردىن باشقا ئىشلاردا ھېچقانداق تۈپ ئىختىلاپ يوق ئىدى. نادېرنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلە ھەققىدىكى تۈپ كۆزقارىشى توغرا. 2000 - يىلىدىكى سايلامنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدىكى مۇنازىرىدە نامزاتلارنىڭ ئىپادىسى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى. بۇش بىلەن گورنىڭ ھەر خىل مەسىلىلەر ھەققىدىكى كۆزقارىشىنىڭ شۇ قەدەر ئوخشاپ كېتىشى تۇپەيلىدىن ئاممىۋى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۆتىدىل مۇخبىرى جىم لالور ئۇلارنى غەزەپلەندۈرۈپ قويىدى. ئۇ بۇ ئىككىلەننى زىيارەت قىلغاندا: «ئاراڭلاردىكى تۈپ پەرق نېمە؟» دەپ سورىغانىدى. ئەلۋەتتە، بۇش بىلەن گور سايلامدا جەلپ قىلىش كۈچى ناھايىتى زور ئوتتۇرا قاتلامدىكى سايلىغۇچىلارنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن مۇنازىرىگە چىققان، سايلىغۇچىلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ بەزى

ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلىگەن. باشقا چاغلاردا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق سېزىلمىگەنىدى. بۇنداق ھادىسىنىڭ سەۋەبى، سايلام جەريانىدا ئۇلارنى ئوخشاش بىر باي سودىگەر يۆلىگەنىدى. بۇش 2000 ـ يىلى 191 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق سايلام مەبلىغى يىغىپ، تارىختىكى ئەڭ كۆپ سايلام مەبلىغى يىغقان نامزات بولۇپ قالدى، گور بولسا 133 مىليون دوللارلىق ياردەمگە ئېرىشتى.

بۈگۈنكى ئامېرىكىدا، ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدار بولۇشتا مەبلەغ يىغىش ئىقتىدارى ئەڭ مۇھىم دەسمايە بولۇپ قالدى. دەسلەپكى سايلام ئېلىپ بېرىلىشتىن، سايلىغۇچىلار ئۆز نامزاتىنى تاللىۋېلىشتىن بۇرۇن ئۇلار ئاتالمىش بايلىق سايلىمىدا غەلىبە قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەبلەغ يىغىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئىسپاتلىشى كېرەك. ناۋادا نامزات بۇنداق ئىقتىدارنى ھازىرلىمىسا مەتبۇئات ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمايدۇ ھەتتا كەڭ سايلىغۇچىلارغا تونۇشتۇرۇشقىمۇ ئۇنىمايدۇ. نامزاتلار مەبلەغ توپلاش ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال ھەربىر ئىئانە قىلغۇچىنى قايىل قىلىشى كېرەك. ئىئانىچىلەر نامزاتنىڭ ياردەم بېرىشكە ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلسا ياكى سايلامدا غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنسە ئاندىن ياردەم قىلىدۇ. بۇنداق رېئاللىق دۆلەتتىكى ئەڭ باي كىشىلەرگە غايەت زور سىياسىي ھوقۇق ئاتا قىلغان. مەملىكەت نوپۇسىنىڭ تۆت پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان بايلار قاتلىمى نامزاتلارنىڭ مەبلىغىنىڭ 100 پىرسەنتىنى دېگۈدەك تەمىنلەيدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ كۆزقارىشى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بايلارنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقىنى قوغداشتا يۈكسەك دەرىجىدە بىردەكلىككە ئىگە. مەسىلەن، ئۇلار يۇقىرى باھالىق تاۋارلارنىڭ بېجىنى ئازايتىش، كارخانىلارنىڭ پايدىسىغا مايىل سىياسىي تەدبىرلەرنى قوللاشتا دائىم بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىشىدۇ. باشقا ئىئانىلەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە شىركەتلەردىن كېلىدۇ. شىركەتلەرنىڭ ئىئانىسىنىڭ ئىشچىلار

ئۆيۈشمىسىنىڭ ئىئانىسىدىن 1:7 ھەسسە ئېشىپ كېتىشكە يول قويۇلىدۇ، شۇڭا بايلار پۇل ئىئانە قىلىشتا ئىزچىل ھالدا ئەۋزەل ئورنىنى ساقلاپ قالىدۇ.

شۇڭا، بۇنداق ئەھۋالدا كۆپ سانلىق نامزاتلار ئىئانىچى ۋە ئىئانە قىلغۇچىلار قاتلىمىنى بىزار قىلىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ. بۇ ھەيران قالىدىغان ئىشمۇ؟ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى بىلەن دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغان سىنىپى ئوخشاش بولغىنىدەك، بۇش بىلەن گورنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىدىكى ئوخشاشلىق پەرقتىن ئۇستۇن تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كارخانا ۋە بايلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى نوپۇسنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان تۆۋەن قاتلام سىنىپقا تۇتقان پوزىتسىيىدىن دوستانە بولىدۇ. بۇ ئىككىيلەن كارخانىلارنىڭ پاراۋانلىق ۋە تولۇقلىما سىياسىتىنى تەنقىد قىلىپ باققىنى يوق. بۇنداق سىياسىي تولۇقلىما ھەر يىلى فېدېراتسىيە خەزىنىسىنىڭ نەچچە ئون مىلياردلىق مەبلىغىنى خورىتىۋېتىدۇ. تەننەرخى بىمەنىلەرچە ئېشىپ كەتكەن ھەربىي خام چوتنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيىنى تېخىمۇ شۇنداق. ئۇلار جەنۇبىي ئامېرىكا ئەركىن سودا كېلىشىمى، دۇنيا سودا تەشكىلاتى قاتارلىق باشقا ئاتالمىش ئەركىن سودا سىياسەتلىرىنى قوللىدى. چۈنكى، بۇنداق سودا سىياسەتلىرى چېگرا ئاتلىغان شىركەتلەرگە زور پايدا ياراتتى، شۇنداقلا ئىشچىلارنىڭ مائاشىنى ئازايتتى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ئىشسىزلىق پەيدا قىلىدىغانلىقى راست. بۇ ئىككىيلەننىڭ سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيىسىدىن قارىغاندا، ئىشچىلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كارخانىلار ۋە بايلارنى ئىشچىلارنىڭ ئاشۇ ئازغىنە باج سوممىسىنى تۆلەشكە ئۈنتالمىغىنىدەك مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.

ھازىر يۇرگۈزۈلۈۋاتقان تۈزۈلمىدىكى چىرىكلىك پارلامېنتقا تەسىر قىلىپلا قالماي ئاق سارايغىمۇ زىيان كەلتۈردى. كلىنتون

«يۇمشاق ئىئانە توپلاش» نىڭ باشلامچىسى ئىدى. نېمىشقا شۇنداق دەيمىز؟ چۈنكى، «يۇمشاق ئىئانە» بىلەن «قاتتىق پۇل» ئوخشىمايدۇ. يۇمشاق ئىئانىنىڭ بېجى يوق. كلىنتون دەۋرىدىكى باش تەپتىش ئەمەلدارىدىن باشقا ھەممە ئادەمگە ئاشكارا بولۇپ كەتكەن ئىش كلىنتون گورنىڭ ياردىمىدە ئاقسارايدا «قەھۋە ئۇچرىشىشى» ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا نۇرغۇن يۇمشاق ئىئانىگە ئېرىشكەنىدى. لېكىن، سايلام مەبلىغى توپلاشنى ئىسلاھ قىلىشقا ئەڭ قارشى تۇرغىنى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى بولدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولغاچقا، دېموكراتلار پارتىيىسىدە كۆپرەك ئىئانە توپلىيالىغاچقا شۇنداق قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئانرون شىركىتىنىڭ ۋەيران بولۇشى بۇنداق ئەمەل سورۇنىدىكى چېرىكلىكنىڭ بەكمۇ ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئانروننىڭ ئېنېرگىيە شىركىتى جورجى بۇشنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ئىئانىچى ئىدى. پارلامېنتنىڭ پىلانىدىكى ئانرون شىركىتىنىڭ مەسىلىسىنى گۇۋاھلىققا قويۇش ئىشىنىڭ ئاقماسلىقى بىر تۇرلۇك مۇرەككەپ ۋە شەرمەندە ئىشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىدى. كۆپ ئۆتمەي، گۇۋاھلىق يىغىنىغا مۇلازىمەت قىلغان ھەربىر مۇناسىۋەتلىك پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئانرون شىركىتىنىڭ ئىئانىسىگە ئېرىشكەنلىكى ئاشكارا بولدى.

كۆپ مىقداردىكى پۇل ھاكىمىيەت بېشىدىكى سىياسىيونلارنىڭ سايلامنى تىزگىنلىشىگە ياردەم بېرىپ ئامېرىكا دېموكراتىيىسىنى باشقا شەكىل بىلەن بۇرمىلىدى. ئىئانىچىلەر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كىشىلەرگە ئىئانە قىلىشقا ئامراق، شۇنداق قىلغاندا ئۇلار تېخىمۇ قىممەت «جاۋاب» قا ئېرىشەلەيدۇ. ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلار قانۇن - سىياسەت تۈزۈش ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قانۇن ۋە سىياسەت تۈزۈشىگە بىلەت تاشلاش ئارقىلىق ھەيدەكچىلىك قىلالايدۇ. پارلامېنتتا نەق ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئەمەلدارلار توپلىغان

مەبلەغ ئۇلارنىڭ رىقابەتچىسى توپلىغان مەبلەغدىن 10 ھەسسە كۆپ بولىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇلارنى سايلامدا ناھايىتى ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە قىلىدۇ. مىكاخ سىيۋىر 2000 ـ يىلى «سايلامغا قاتنىشىشنىڭ جىددىي تەقەززاسى: ئامېرىكىدىكى ئۈچىنچى پارتىيە» دېگەن ماقالىسىدە پارلامېنتتىكى 98 پىرسەنت پارلامېنت ئەزاسىنىڭ قايتا سايلىنىش مۇددىئاسىغا يېتەلەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. 1998 ـ يىلى قايتا سايلىنىش نىسبىتى 99 پىرسەنت بولدى. سىيۋىر تولۇقلاپ مۇنداق دەيدۇ: «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى رەقىبلىرى تەرىپىدىن يېڭىلىپ ۋەزىپىدىن قالغان ئەمەس، بەلكى خىزمەت ئورنىدا ۋاپات بولۇۋاتىدۇ. ھەرقايسى شتاتلارنىڭ پارلامېنتىدا بۇ ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر. زور كۆپچىلىك ئامېرىكىلىق ئەمەلىيەتتە بىر پارتىيىلىك تۈزۈم ئاستىدا ياشاۋاتىدۇ.»

تەختتىكى سىياسىيون ۋە ئاساسىي پارتىيە ـ گۇرۇھلار چېرىكلەشكەن گۇرۇھلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن سىياسىي رىقابەت تۈزۈمى بېكىتىپ ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە رىقابەتچىلەرنىڭ پۇرسىتىنى تارتىۋالغان ۋە ئۇلاردىن يېڭىلىپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى يوقاتقان. ئۆز پارتىيىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ئاساسەن سايلام رايونى بەلگىلەش پىرىنسىپى ئورنىتىپ، قايسى سايلىغۇچىنىڭ كىمنى سايلىشىنى بەلگىلەپ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ۋە دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ پارلامېنتتىكى ئورنىغا كاپالەتلىك قىلغان. بۇ ئەھۋالنى باھا بەلگىلىگۈچى شىركەتنىڭ ئۆز پايدىسىنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن خېرىدارلارنى تۈرلەرگە بۆلۈشكە ئوخشىتىش مۇمكىن. بۇنداق شەخسىيەتچى، ئۆز پايدىسىدىن باشقا نەرسىنى كۆزگە ئىلمايدىغان قىلمىش دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ 2000 ـ يىلىدىكى سايلامدا نادىر ۋە بۇخانىنىڭ زۇڭتۇڭ مۇنازىرىسىدىن قوغلىۋېتىلىشىدە گەۋدىلەندى. بۇنداق دۆلەت خاراكتېرلىك تېلېۋىزىيە مۇنازىرىسى

نۇرغۇن پۇقرانىڭ نامزاتلارنى چۈشىنىشىدىكى بىردىنبىر مۇھىم پۇرسەت ئىدى. راي سىناش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، نۇرغۇن ئامېرىكىلىق تېخىمۇ كۆپ نامزاتلارنىڭ زۇڭتۇڭ سايلىمى رىقابەت سەھنىسىدە پەيدا بولۇپ، مۇنازىرىنى تېخىمۇ رەڭدار قىلىشىنى ئارزۇ قىلغان. لېكىن، دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ يۇقىرى بېسىملىق سىياسىتى ئىزچىل ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. نادىر بىلەن بۇخاننىڭ مۇنازىرە مەيدانىدىن قوغلىنىشى ھېچقانداق تالاش ـ تارتىش قوزغىمىدى، چۈنكى مەتبۇئاتلار ئۇلارنىڭ پارتىيىسىنىڭ بۇ ئىككى ئادەم ئۈمىدلىك نامزاتلار ئەمەس دېگەن قارىشىغا قوشۇلاتتى.

## ئامېرىكىدا نېمىشقا سولچىلار يوق؟

ئامېرىكىدا بايلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوللايدىغان ئىككى پارتىيە بار، بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ گۇمانى يوق. لېكىن، بىز ھەقىقەتەن شۇنداق ئىككى پارتىيىگە ئېھتىياجلىقمۇ؟ بۇ سوئاللار ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشنىڭ تېخىمۇ ئوچۇق سىياسەتنىڭ پەيدا بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ دادىللىق بىلەن ئۆز پارتىيىسىنىڭ ئاجىزلىقىغا يۈزلىنىشىگە، شۇنداقلا ئاددىي كىشىلەرنىڭ سىياسىي پروگراممىغا قاتنىشىش ئېڭىغا پايدىسى بولىدۇ. ھازىرقى ئەھۋالغا قارىغاندا، ھەرقانداق سايلامغا قاتناشقۇچى چوقۇم بىر خىل تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ. گەرچە سايلىغۇچى دۇچ كەلگىنى ئىككى سىياسىي پارتىيە بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ نامزاتلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە تاشقى ئىشلار سىياسىتىدىكى كۆزقارىشى كۆنسېرى ئوخشاپ كەتكەچكە، سايلىغۇچى چوقۇم ئۇلاردىن بىرىنى تاللاشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇنداق سايلام سىستېمىسى نامزاتلارغا ۋەكىللىك قىلمايلا قالماستىن سايلىغۇچىلارنىڭ بېلەت تاشلىشىغا قوپاللىق بىلەن توسقۇنلۇق

قىلىدۇ. ناۋادا ھېچقايسى نامزات ياكى پارتىيىنىڭ كۆزقارىشى سىزگە ياقمىسا، يەنە بېلەت تاشلاشقا قاتنىشىشنىڭ ئورنى بارمۇ؟

باي كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئارىسىدا نېمە ئۈچۈن ئامېرىكىدىلا ئىككى پارتىيە بار؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى دۆلەت قۇرغۇچىلار دەۋرىدىن ئىزدەش مۇمكىن. دۆلەت قۇرغۇچىلار پارلامېنت ھۆكۈمرانلىقىدىكى سىياسىي سىستېمىنى تاللىماي غەلىبە قىلغۇچىلار بارلىق ھاۋالە قىلىنغۇچى ھۆكۈمرانلىقنى يۇرگۈزىدىغان سايلام تۈزۈمىنى يولغا قويغان. ئەينى چاغدا ئامېرىكىدا ھېچقانداق پارتىيە بولمىسىمۇ ئەڭ ئاخىردا ئىككى پارتىيىنى تاللىشىدىكى مەقسىتى ئاۋۋال كىرگەنلەر خوجايىن بولىدىغان بىر تۈرلۈك تۈزۈلمىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ئۈچىنچى پارتىيىنىڭ پەيدا بولۇشىنى چەكلەش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى، ھەرقانداق سايلام رىقابىتىدە ئەڭ كۆپ بېلەتكە ئېرىشكۈچى ۋەزىپىگە ئولتۇرسا، ئۈچىنچى پارتىيىنى تاللىغان سايلىغۇچىلارنىڭ بېلىتى ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى دەسلەپتە ئۈچىنچى پارتىيە شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان. لىنكولىنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇللۇق تۈزۈم مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، زور كۆپچىلىك ئادەمنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ ئورۇنغا ئىگە بولغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەرنىڭ ئۈچىنچى پارتىيە قۇرۇش تىرىشچانلىقى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەمما، ئۇلار ئاساسىي پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. بۈگۈنكى دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى تۈزگەن بېلەت تاشلاش، مەتبۇئاتنىڭ تەشۋىقاتى، مەبلەغ يىغىش قاتارلىق ئىشلاردىكى ئۆلچەملەر ئەمەلىيەتتە ئۈچىنچى پارتىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى توسۇش ئۈچۈن. يۇقىرىقى پاكىتلاردىن ۋە دۇنياۋى ئۆلچەملەردىن قارىغاندا، ئامېرىكىنىڭ سىياسىتىدە ناھايىتى غەلىتە بىر ئالاھىدىلىك مەۋجۇت، يەنى ئامېرىكىدا ھەقىقىي سولچىل پارتىيە يوق.

ئامستېردامدىكى ماشىنا شىركىتىنىڭ خوجايىنى مەيكىر

لىچمانىنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ بېلەت تاشلايدىغان ئوبيېكتى گوللاندىيىدىكى بەش ئاساسلىق پارتىيە ئىچىدىكى ئەڭ مۇتەئەسسىپ ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش پارتىيىسى بولۇپ، بۇ پارتىيە كارخانىلارغا ئەڭ يېقىن ئىكەن. لېكىن، ئۇ ئامېرىكىدىكى سايلام جەريانىدا گورنى قوللىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭچە، گوللاندىيە خەلقىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. بىز چەت ئەلگە تەۋە، بۇش چەت ئەلنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتقان. ئامېرىكىدا كارخانىلارنى قوللاپ نام چىقارغىنى دېموكراتلار پارتىيىسى ئەمەس جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى. ئامېرىكىدىكى ناھايىتى قىزىقارلىق ئىش، سىلەرنىڭ ئىككىلا پارتىيەڭلار گوللاندىيىدىكى ئوڭچى پارتىيىلەردىنمۇ مۇتەئەسسىپ، راست گەپ قىلىۋاتىمەن. مېنىڭ پارتىيەم گوللاندىيىدىكى كارخانىلارغا ئەڭ يېقىن پارتىيە. لېكىن، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ بازارنى تەڭشىشىنى، بىر ئاقىل پاراۋانلىقا ئىگە دۆلەت قۇرۇشقا ئوخشاش مەسىلىلەرنى قوللايدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇ دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ سولچىللىرىنىڭ ئۇسۇلىنى قوللايدۇ.»

باشقا جايلارغا ئوخشىمايدىغىنى، ئامېرىكىدا بىر سولچىل پارتىيە كەم، بۇنداق بولۇشتا چوڭقۇر تارىخىي سەۋەب بار.

زېمىنى كەڭ بىر دۆلەتتە ئىشچىلار چېگرا رايونلارغا بېرىپ تەلەي سىناشنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا بۇنداق ئىشچىلارنى تەشكىللەش ناھايىتى تەس. چېگرادىكى ئىشچىلار تىل توسالغۇسىغا دۇچ كېلىدۇ. ئىرقىي پەرق تۇپەيلىدىن ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرماق بەكمۇ مۇرەككەپ. ئۇ يەردىكى ناچار شارائىتتا تۇرغان ئىشچىلار دائىم ئۆزىنىڭ بېلەت تاشلاش ھوقۇقىنى يورگۇزۇشكە ئامالسىز قالىدۇ. ئۇ يەرلەردە بىر خىل دېموكراتىك ئەركىنلىك ۋە شەخسىيەتچىلىك ھۆكۈمران ئورۇندا. ئۇلار كوممۇنىزمغا ئوخشاش ھوقۇقچىلىق مەسىلىكىلىرىگە قارشى تۇرىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا يېڭى سولچىللار كوممۇنىزمغا ئېنىق قارشى

تۇرغان. كېيىن ئۇلارنىڭ تەسىرى كېڭىيىپ ۋيېتنام ئۇرۇشىنى توسۇشقا ياردەملەشكەن. 70 ـ يىللاردا يوشۇرۇن ھالەتتىكى سولچىللىق ھەرىكىتى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ، خەلق ھوقۇقى، ئاياللار ھوقۇقىنى تەلەپ قىلدى، باشقا پائالىيەتلەرگىمۇ قاتناشتى. ئەڭ ئاخىردا پارچىلىنىپ ئۆز خىياللىرىغا بېرىلگەن سىياسىي تەشەببۇسچىلارغا ئايلىنىپ كەتتى.
رىچارد نىكسون ئىشچىلار ئىچىدىكى بىر قىسىم ئاق تەنلىكلەرنىڭ مەدەنىيەتكە قارشى ئايىنىش تۇيغۇسىدىن پايدىلىنىپ، جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە ئامېرىكىنىڭ خۇدا، دۆلەت بايرىقى ۋە دۆلەتتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنى قوغدىدى. 80 ـ يىللاردا رېگانمۇ بۇ ئىستراتېگىيىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ جەنۇب، ئوتتۇرا غەرب ۋە تاغلىق رايونلاردىكى ھەرقايسى شتاتلاردىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تەشۋىق قىلغاندەك چوڭقۇر قارشى ئېلىشقا ئېرىشمىگەن بولمىسىمۇ، يامان ئەمەس قارشى ئېلىنغاندى. تەھدىتكە ئۇچرىغان دېموكراتلار پارتىيىسى تەدبىر قوللىنىپ ئۇلارنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىگە قارشى تۇرمىساق بولمايدىكەن، دېگەن يەرگە كەلدى. 1988 ـ يىلى دېموكراتلار پارتىيىسى ئەڭ ئاخىردا بىر قېتىم بىر شىماللىق ھۆرىيەتچىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. بۇ كىشى نەس باسقان مىخائېل دوكاسكى ئىدى. كۆپ ئۆتمەي دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ كارخانىلار گۇرۇھى بۇ سولچىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ جەنۇبلۇق مۆتىدىل زات بىل كلىنتوننى تەيىنلىدى.
ئۆتكەن 20 يىلدا ئامېرىكىدا ھېچقانداق سولچى مەۋجۇت بولماي، دېموكراتلار ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى كۈچلۈك سولچىللارنىڭ تىزگىنلىشىدە بولۇپ كەلدى. گەرچە كلىنتوننىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى نۇرغۇن تەرەپتىن بىر جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىغا ئوخشاپ كەتسىمۇ خىرىستىئان ئەسلىي دىن تەرىقەتچىلىرى ئۇنى ئەسكەرلىكتىن قاچقانلارنى،

زەھەر چەككەنلەرنى، ھاملە چۇشۇرۇۋەتكۈچىلەرنى، ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىنى ۋە باشقا سوتسىيالىستىك ھەرىكەتنىڭ تەشەببۇسچىلىرىنى قوللىدى، دەپ تىللىدى، قولىدىكى مەبلىغى يېتەرلىك سىياسىي ئورگانغا تايىنىپ ئۇنى تەختتىن چۈشۈرمەكچى بولدى. ئوڭچىللارنىڭ ئوتتۇرا قاتلامدىكى قۇدرەتلىك تەشكىلدىن باشقا، جەنۇبتا، بولۇپمۇ پايتەخت ۋاشىنگتوندا ئۆزلىرىنىڭ «ۋاشىنگتون ۋاقىت گېزىتى»، ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى بولغان نيۇيوركتا «نيۇيورك پوچتا گېزىتى» ناملىق كۈندىلىك گېزىتلىرى بار ئىدى. ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ گېزىت «ۋال - ستىرىت گېزىتى» نىڭ مۇنازىرە مۇنبىرىمۇ شۇلارنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ يەنە خرىستىئان دىنى ۋە سودىنى تەشۋىق قىلىدىغان فوكسقا ئوخشاش تېلېۋىزىيە تورى، نەچچە يۈزلىگەن سىمسىز رادىئو ئىستانسىسى بار ئىدى. مانا مۇشۇ ئورگانلار ئامىمنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ، تىغ ئۇچىنى بىۋاستە ۋاشىنگتونغا قاراتتى. كلىنتون تەختكە چىققاندىن باشلاپ ئوڭچىللار ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشنى باشلىدى. ئۇنىڭ پۇل - مۇئامىلە سەتچىلىكى (ئامېرىكا ئۆي - مۈلۈك سودىسىدىكى چىرىكلىك)، ئاق سارايىنىڭ ياردەمچىسى ۋىنس فاۋستىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، ھارامدىن بولغان بالا قاتارلىقلار ئۇنى ئەيىبلەشنىڭ دەستىكى قىلىندى.

كلىنتوننى ئەيىبلەش ئوڭچىللارنىڭ ئامېرىكىنىڭ سىياسىتىغا بولغان تەسىرىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. بۇ قىزىقارلىق ئىشنىڭ چەت ئەللىكلەرگە قالدۇرغان تەسىرى 2000 - يىلىدىكى سايلام ۋەقەسىدىن چوڭ بولدى. چەت ئەللىكلەر توختىماي بىشىنى چايقاپ چۈشەنمىگەنلىكلىرىنى ئىپادىلىدى. مەن كلىنتون بىلەن لېۋىنىسكى ئوتتۇرىسىدىكى سەتچىلىك ئاشكارا بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ياۋروپاغا كەلدىم. ئەينى چاغدا ئامېرىكا جامائىتىنىڭ كلىنتوننى تەختتىن چۈشسۇن دېگەن ساداسى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. فرانسىيىدە «نوپۇس ۋە مۇھىت گېزىتى» نىڭ

نوپۇزلۇق مۇخبىرى ران فرانىس ئېرىدنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى ئىنكاسى ئەڭ تىپىك بولدى. ئېرىد تەكشۈرۈش خاراكتېرىدىكى خەۋەرلەرنى يېزىشقا ئامراق ئىدى. بىر سىياسىيونىنىڭ نىكاھتىن سىرت مۇھەببىتىنىڭ شۇ قەدەر كۆپ ئادەمنى جەلپ قىلىشىغا قانلىقى ئۇنى ناھايىتى ئەجەبلەندۈرگەن. «ناۋادا سىز ماڭا زۇڭتۇڭ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ بىر پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرى ئىسانە دېلوسىغا رېژىسسورلۇق قىلىپتۇ، دېگەن بولسىڭىز بۇنىڭغا قىزىققان بولاتتىم. مەن بىر سىياسىيون بىلەن بىر ياش ئايال خىزمەتچى ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت مەسىلىسىگە زادى قىزىقمايمەن» دېدى ئۇ. ئېرىدكە ئوخشاش چەت ئەللىكلەر كلىنتون بىلەن لېۋىنىسكى ئوتتۇرىسىدىكى سەتچىلىكنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى ئامېرىكىلىقلارنىڭ پۇرىتان مۇرىتلىرىغا خاس پوزىتسىيىسىگە باغلىدى. ئۇنىڭ كۆزقارىشى توغرا ئىدى، ئوڭچىللارنىڭ پارلامېنتتىكى كۈچىنىڭ شۇ قەدەر كۈچلۈكلۈكىنى تەن ئالماي ئامال يوق ئىدى. دىنغا ئىشىنىدىغان جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى شۇنداق كۆزقاراشقا ئىگە بولۇپلا قالماي، ئوڭچىللارنىڭ سايلامغا كەلتۈرگەن تەھدىتىدىن قورقىدىغان دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىمۇ شۇنداق كۆزقاراشتا ئىدى، بولمىسا بۇ شەخسىي جىنسىي سەتچىلىك ھەرگىزمۇ بىر مەيدان ئاساسىي قانۇن كرىزىسىغا ئايلىنىپ كلىنتون ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالمىغان بولاتتى. ساپ ئىستراتېگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئادەمگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان نەتىجە ئىدى. لېكىن، ئامېرىكىلىقلار ئەزەلدىن ئوڭچىللارنىڭ كېيىنگە ھازىرقىدەك ئىشىنىپ، كلىنتون چوقۇم تەختتىن چۈشۈشى كېرەك، دېگەنگە ئوخشاش كۆزقاراشقا ۋە بۇنچىلىك غەزەپكە كېلىپ باقمىغانىدى. نۇرغۇن ئادەم زۇڭتۇڭنىڭ قىلمىشىدىن بىزار، شاللاقلىقىدىن ھۆ بولغانىدى، ئۇنىڭ نومۇس قىلماي بەرگەن يالغان ۋەدىلىرىدىن نەپرەتلىنەتتى. لېكىن، ئۇلار

بۇ ئىشلار بىلەن كلىنتوننىڭ سىياسىي نەتىجىسىنى پەرقلەندۇرەتتى. كلىنتوننىڭ سىياسىي نەتىجىسى ئىزچىل ياخشى بولۇپ كەلگەندى. پارلامېنت ئەزالىرى بېلەت تاشلاپ كلىنتوننى گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلغاندا، ئاندىن ئۇ ئەيىبلىنىشتىن ئامان قالدى، لېكىن ئابرۇيى چۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوڭچىلار كېلەركى سايلام ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

## ئامېرىكا لىنكولىننىڭ تەسەۋۋۇرىدىن يىراقلاپ كەتتى

ناۋادا ئامېرىكىلىق سايلىغۇچىلاردا تاللاش سەممىيىتى كەمچىل دەپ قارالسا، كۆپالىقلارنىڭ سايلىغۇچىلىرىدا ھېچقانداق سەممىيەت يوق دەپ قاراش كېرەك. لېكىن، بۇ ئامېرىكىنى قۇرغۇچىلارنىڭ كۈتكەن ئۈمىدى ئەمەس. جۇمھۇرىيەتچىلەر بىلەن دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئامېرىكىنىڭ سىياسىتىگە قانچىلىك ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلماق تەس. لېكىن، ئامېرىكىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا جۇمھۇرىيەتچىلەر ۋە دېموكراتلار پارتىيىسى ئۈستىدە تۇرسۇن ھېچقانداق سىياسىي پارتىيە تىلغا ئېلىنغان ئەمەس. بۇ ئىككى پارتىيە ھازىر بىر ـ بىرىگە بەكمۇ يېقىنلىشىپ ئادەتتىكى خەلقتىن يىراقلاپ كەتتى ۋە شۇ سەۋەبلىك كەڭ ئاممىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالدى. 1999 ـ يىلىدىكى راي سىناشتىن قارىغاندا، 38 پىرسەنت ئامېرىكىلىقلار ئۆزىنى دېموكراتلار بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ھېچقايسىسىغا تەۋە ئەمەس، دەپ قارايدىكەن. گەرچە ئامېرىكىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۈچىنچى پارتىيىنىڭ چىقىشىغا توسالغۇلۇق قىلمىسىمۇ، ئەڭ ئاخىرقى ئۈچ قېتىملىق زۇڭتۇڭ سايلىمى ئۈچىنچى پارتىيىنىڭ

خىرىسىنى چوڭقۇر ئىپادە قىلدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئىككى پارتىيە ئىقتىسادىي كاتتىۋاشلارنىڭ قوللىشى ئارقىلىق مەخپىي ئىغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ هوقۇقنى مۇستەهكەملەپ كېلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم قىلغۇچىلىرىمۇ ناھايىتى زور ئىشەنچ بىلەن تۇرۇۋاتىدۇ. بۇش زۇڭتۇڭ ئانرون شىركىتى بىلەن بولغان ئارىلىقنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنۇپ، 2002 ـ يىلى 2 ـ ئايدا بىر تۇركۇم جۇمهۇرىيەتچىلەردىن بولغان ئىئانچىلەرگە سۆز قىلىپ، كارخانىلارنىڭ تېخىمۇ زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە ئاڭلىغۇچىلار ئۇنى ئامالسىز چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ قارىدى، ئۇلار ھەتتا ئۇنى نەق مەيداندا مەسخىرىمۇ قىلىشتى.

لېكىن، ئامېرىكىلىقلار بۇ مەسىلىگە قانداق پوزىتسىيىدە بولۇشى كېرەك ئىدى؟ بىز ئادەمنى ھۆ قىلىدىغان بۇنداق قىلمىشقا داۋاملىق تىز پۈكەمدۇق ياكى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىيغا قاتنىشىشتىن يىراقلامدۇق؟ ياكى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئادىللىقنىڭ هوقۇقىنى دېموكراتىيىمىز قوينىغا قايتۇرۇپ كېلەمدۇق؟

بىز زور مىقداردىكى پۇلغا تايىنىپ قېلىش ۋەزىيىتىدىن قۇتۇلۇشىمىز كېرەك. 2002 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ماقۇللانغان ماك كاين فېنېگىرىد سايلام مەبلىغى قانۇن لايىھىسى بىر ئۈمىدلىك باشلىنىش ئىدى، لېكىن بۇ لايىھە ئەڭ ياخشى ئەھۋال ئاستىدا پەقەت ئالغا قاراپ بىر قەدەملا ئالدى. ئۇ «يۇمشاق ئىئانە» نى چەكلەپ ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ «قاتتىق ئىئانە» سىنىڭ مىقدارىنى بىر ھەسسە ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئەڭ باي ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ تەسىرى تېخىمۇ ئاشتى. قوللىغۇچىلار بۇنداق قىلىشنىڭ مەقسىتى بۇ لايىھەنىڭ پارلامېنتتا ماقۇللىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، دەپ ئىزاھلىدى. ھەقىقەتەن ئىككى پارتىيىدىن بولغان ۋەزىپىدىكى كىشىلەر ئىچىدە ئىسلاھاتقا قارشى كىشىلەر ئاز

ئەمەس ئىدى. ئەڭ ئۇزۇل - كېسىل لايىھە ئامىنىڭ مەبلىغى ئارقىلىق سايلام قىلىش لايىھىسى ئىدى. ماين شىتاتى بىلەن ئارىزونا شىتاتى ئامىمۇى مەبلەغ ياردەم قانۇننى ماقۇللىدى. ئارىزونا شىتاتى ھەتتا دادىللىق بىلەن سۆزلەش بېجى شەكلىدە ياردەم بېرىش قانۇننى ماقۇللىدى. بۇنىڭدىن پەيدا بولغان ئاقىۋەت ئادەمنى ئىلھاملاندۇراتتى. نامزاتلار كۆپ خىللاشقان سايلامغا قاتناشقۇچىلارنىڭ نىسبىتى ئېشىپ، ئاز ساندىكى بايلارنىڭ سايلام جەريانىغا بولغان كونتروللۇقى ئازايغانىدى، شۇ سەۋەبتىن سايلام چىقىمى ئازىياتتى. ئامېرىكىلىقلار ئېسىگىلاردا بولسۇن، تېلېۋىزىيە ۋە رادىئو دولقۇنلىرى بىزگە تەۋە. بىز ھەر يىلى 500 مىليون دوللار ئېلان خىراجىتىنى مەجبۇريي تاپشۇرماسلىقىمىز ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ نامزاتلارنىڭ ئەھۋالى ۋە سايلام مۇنازىرىسىنى تېخىمۇ كۆپ خەۋەر قىلىشىنى تەلەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئەڭ ئاخىردا دەپ قويۇشقا تېگىشلىك ئىش، سان - فرانسىسكودا يېقىندا دەرھال ھالقىلىق بېلەت تاشلاش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ سايلامنى مونوپول قىلىۋالىدىغان ئەھۋال ئاجىزلىتىلدى. سايلىغۇچىلارنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تاللىشىنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلدى. بۇنداق قىلغاندا ئۇلار ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنى سايلىغىلى، بىزار بولۇپ كەتكەن ئادەمنى ئامالسىز سايلاشنى يوق قىلىۋەتكىلى بولاتتى.

2000 - يىلىدىكى سايلام ئامېرىكىنىڭ لىنكولىنىڭ بىر خەلقچىل، خەلق خوجا ۋە خەلق پايدىلىنىدىغان ھۆكۈمەت قۇرۇش ئارزۇسىدىن ئاللىقاچان قېيىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. لېكىن، ئېھتىياتچان دۆلەت قۇرغۇچىلار ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۆزىنى ئۆزى تۈزىتىش ئىقتىدارىنى تۈزۈمىمىزگە مەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ بېلەت تاشلاش ئارقىلىق بارلىق نومۇسسىزلارنى چەتكە چىقىرىپ قويۇشقا،

ئۆزلىرى ياخشى كۆرمىگەن ھەرقانداق قانۇننى ئىسلاھ قىلىشقا، پۇلنى ھەممىدىن ئۇستۇن قويىدىغان خاھىشنى دېموكراتىيىنىڭ مۇقەددەس ئوردىسىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا قۇدرىتى يېتىدۇ. ناۋادا سەگەك جامائەت يوشۇرۇن پۇرسەتنى چىڭ تۇتسا چوقۇم بۇيۇك مۆجىزە مەيدانغا كەلمەي قالمايدۇ.

# توققۇزىنچى باب ئامېرىكىنى كلونلاش مۇمكىنمۇ



## ئامېرىكا دۇنيانى بۇلغاۋاتامدۇ؟

بېلدىنگلىچ موۋلتان مۇنداق دېدى: «سەن بىر ياۋروپالىق ئامېرىكىنى ياخشى كۆرەمسەن، كۆرمەمسەن، ئىختىيارىڭ، لېكىن ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭ كېرەك.» ئۇ ئۆزىنىڭ قارشىنىڭ ئادەمنى نەقەدەر تەسىرلەندۈرىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان. چېخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ سابىق مۇھىت مىنىستىرى بولغان موۋلتان بۇ گەپنى ماڭا 1994 ـ يىلىدىكى بىر زىياپەتتە دېگەنىدى. مەن ھازىر ئۇنىڭ يۇرتى پراگادىكى كونا پارلامېنت بىناسىنىڭ يېنىدىكى ۋېيسىلاس مەيدانىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ماك دونالد تېز تاماقخانىسىنىڭ ئىشقا كىرىشكەنلىكىنى كۆردۈم. بۇ كوچىدا يەنە سىمباك قەھۋە زەنجىرسىمان دۇكانلىرىنىڭ يەنە بىر تارمىقى بار ئىدى. بۇ قەدىمىي شەھەردە يەنە ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ئاپپاراتى ئومۇملاشقانىدى. مەن بىر كۈنى بىر ئېنتېرنېت قەھۋەخانىسىدا بىر ۋاخ چۈشلۈك تاماق يېدىم. قەھۋەخانىدىكى ئىنگلىزچە تاماق تىزىملىكى ۋە مۇھىت سېئاتىل ياكى سان ـ فرانسىسكودىكى تارماق قەھۋەخانىلاردىن قېلىشمايتتى.

مەن ئەينى چاغدا بۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن موۋلتانىنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇپ دۇنيانى بىللە ئايلىنىپ چىقىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم، چۈنكى يەرلىكلەر قەدىمىي ياۋروپادىن ھالقىغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ئامېرىكىلىشىش خاھىشىنىڭ بەكمۇ روشەنلىشىپ قالغانلىقىنى ناھايىتى تېزلا بايقىۋالايتتى. ئامېرىكىنىڭ دۇنياغا سىڭىپ كىرىۋاتقانلىقىنى ئىنگلىز تىلىنىڭ دۇنيا سودىسى، ساياھەت، خەۋەرلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىدىن بىلگىلى بولاتتى.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىستېمال شەكلىنى دوراش، گوللىنىۋاتقان تېز تاماقخانا كەسپى، ئەخلەت تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنىڭ گوللىنىشى قاتارلىق ئىشلارمۇ دۇنيانىڭ ئامېرىكىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىۋاتقانلىقىنىڭ پاكىتى ئىدى. يۇقىرىقى ھادىسىلەر شەخسىيەتچىلىككە ئىلھام بېرىپ كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىۋەتتى، چەت ئەللىكلەرنى ئۆزلىرى تەنقىد قىلىۋاتقان قوپال ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى دوراشقا ئىلھاملاندۇردى. بۇ ھادىسىلەرنىڭ كەينىدە ئانچە روشەن بولمىغان بىر تەسىر كۆچ يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. چەت ئەلدىكى نۇرغۇن كارخانىلار ئامېرىكىنىڭ سىياسەت تۈزۈشىگە 25 يىلدىن بۇيان يېتەكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتاتتى. مەتبۇئات تەكىتلەۋاتقان يەر شارىلىشىش ماھىيەتتە ئامېرىكىلىشىش بولۇپ، بۇنداق تۈزۈلمىنى يۈرگۈزۈۋاتقان شىركەتلەر بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى.

مەن موۋلتان بىلەن بىرگە ساياھەتكە بارغان تۆنجى بېكەت جەنۇبىي ئافرىقىدىكى مۇفداي دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىك كەنت بولدى. مەن بۇ كەنتتە موۋلتانغا 15 ياشلىق بىر قوشكېزەك ئاچا ـ سىڭىلنى تونۇشتۇردۇم. مەن بىر كۈنى چۈشتە كەنتنىڭ يېنىدىكى توپا يولدا كېتىۋېتىپ ئۇلارغا ئۇچرىشىپ قالغانىدىم. ئۇلار بىزگە قاراپ كېلىۋاتقانىكەن، مېنى كۆرۈپ توختاپ ماڭا يولنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇلار مەندەك ئاق تەنلىك ساياھەتچىنى كۆرگەنگە ئەجەبلەندىمۇ، كۈلۈپ توختىمايتتى. كۈلكىدىن توختىغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدىم. بۇ يەردىكى كۆپىنچە بالىلار ئىنگلىز تىلىنى بىلمەيدىكەن، مەكتەپ يىراق ۋە ئوقۇش پۇلى يۇقىرى بولغاچقا، ئائىلىلەر ئۇلارنى ئوقۇتۇشقا ئامالسىز ئىكەن. لېكىن، بۇ ئىككى قىزنىڭ ئىنگلىزچە سۆزى بەكمۇ راۋان ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى پورت ـ ئېلىزابېت شەھىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان

ئاكىسىنىڭ تۆھپىسى ئىدى.
ئۇلار مېنىڭ ئامېرىكىلىق ئىكەنلىكىمنى ئۇقۇپ بىر - بىرىگە قاراپ «R. ئوكېللى» دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى. ئۇلار تېلېۋىزوردا R. ئوكىللى ئىسىملىك ياش ئامېرىكىلىق ناخشىچىنى كۆرگەنىكەن. ناخشىچىلارغا چوقۇنىدىغان 10 نەچچە ياشلىق قىزلارغا ئوخشاش، بۇ ئىككى قىزمۇ R. ئوكېللىنى ياخشى كۆرەتتى. باسىۋا ئىسىملىك ئاۋازى جاراڭلاپ تۇرىدىغان قىز: «مەن ئوكېللىغا تېگىمەن» دېدى. ئۇ مەندىن ئوكېللىنى تونۇمسىز دەپ سورىدى. ئۇ ئۆز كەنتىدىكى ھەربىر ئادەمنى تونۇغانغا ئوخشاش، ئوكېللى ئامېرىكىلىق بولغاچقا، بىزنى ئۆزئارا تونۇشىدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدى.
مەن بىر ئىنىمنىڭ ئارتىس ئىكەنلىكىنى ئېيتقىنىمدا، باسىۋا: «جىككى چېنغا ئوخشاش ئارتىسمۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. ئىنىم چېنغا ئوخشاش چامباشچىلىق ۋە ئېتىشىش كىنولىرىدا رول ئالىدىغان ئارتىس ئەمەس تىياتىر ئارتىسى ئىدى. جاۋابىم قىزنى يەنە بىر قېتىم ئۈمىدسىزلەندۈردى. باسىۋا جىككى چېننىڭ كىنولىرىنى ياخشى كۆرەتتى. «چوڭ بولغاندا جىككى چېننىڭ كىنولىرىدەك كىنولارنى ئىشلەيمەن، بېيىپ كېتىمەن» دېدى ئۇ. «ئاندىن سەن جىككى چېنغا ياتلىق بولامسەن؟» دەپ خىرىلداپ كۈلدى سىڭلىسى.
بۇ سۆھبەتنى تىلغا ئېلىشتىكى مەقسەت، بۇ قىزلار شەھەرلىك ئەمەس ئىدى. سىز مەيلى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ قانۇن تۇرغۇزۇش ئورگانلىرى جايلاشقان شەھەرگە ياكى يوھاننېسبۇرگ شەھىرىگە بېرىڭ، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى ھەرقانداق شەھەردىن تاپقىلى بولىدىغان سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيىسى، پلاستىنكا ماگىزىنى، كىنوخانا دېگەندەك ماددىي ئەسلىھەلەرنىڭ ھەرقاندىقىدىن ھۇزۇرلىنالايسىز. شۇڭا، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى شەھەر ياشلىرىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئاممىباب مەدەنىيىتى ھەققىدىكى مول بىلىمى

ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. كىتابنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان ماركىم ئادامىس ئېسىگىلاردا بولسا كېرەك، ئۇمۇ ئامېرىكىنىڭ ئاممىباب مەدەنىيىتىنىڭ مەستانىسى ئىدى. لېكىن، باسۋا ئاچا ـ سىڭىللار تۇرۇشلۇق جايدا تېلېۋىزور تۇگۇل توكمۇ يوق، لېكىن ئۇلار تېلېۋىزىيە مۇزىكىلىرىنىڭ قىزغىن مەستانىلىرى ئىدى.

مپاندې جەنۇبىي ئافرىقا تارىخىدىكى ئەڭ تەرەققىي قىلمىغان جاي ترانسكېينىڭ ئەڭ جەنۇبىغا جايلاشقانىدى. نېلسون ماندېلا مۇشۇ رايوندا تۇغۇلغان، ترانسكېي جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش ناھايىتى گۈزەل بىر جاي ئىدى، ياپيېشىل تاغلاردا چارۋىلار ئوتلاپ يۈرەتتى. تىك تاغلاردىن ئېقىپ كەلگەن ئېقىنلاردىن زۇمرەتتەك سۇ تامچىلىرى ئەتراپقا چاچراپ تۇراتتى. مپاندېغا بېرىش ئۈچۈن بۇ رايوننىڭ مەركىزى ئۇمتاتادىكى زامانىۋى تاشيولدىن ئايرىلىپ جەنۇبقا قاراپ يۈز نەچچە كىلومېتىر مېڭىش كېرەك ئىدى، يول ماشىنىسىرى تەسلىشەتتى. ماشىنا ئەڭ ئاخىردا كاتاڭ كۆپ توپا يولغا چىقاتتى. بۇ چاغدا ماشىنىڭىز ئۆركىگەن ئاتقا ئوخشاش سىلكىنىشكە باشلايدۇ. كەنتلەردە ئۆگزىسى يۇمىلاق پاخال كەپىلەرنى كۆرىسىز. تاغ باغرىغا كەنتلەر جايلاشقان، كەنتلەردىن ھەيۋەتلىك ھىندى ئوكيان قىرغاقلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

مەن بۇ جايغا كەلگەن كۈنى ئائىلەمگە كەلگەندەك بولۇپ قالدىم. مەستلىكتە دەلدەڭشىپ قالغان بىر توپ قاۋۇل يىگىتلەر ھويلىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئولتۇرۇشتىن تاراپ يول بويىدا كېتىپ باراتتى. بىر ياش ماڭا ئىنگلىزچە كېكەچلەپ تۇرۇپ سالام قىلدى ۋە مېنى ئۆز سېپىگە قېتىلىشقا تەكلىپ قىلدى. گۈلخاندا كاۋاپ قىلىنغان كالا گۆشىنىڭ ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. سورۇندىكىلەر مېنى كۈلۈپ قارشى ئالدى ۋە بەنتۇ تىلىدا مەن بىلەن سالاملاشتى.

ئۇلار مېنى دېرىزىسى يوق قاراڭغۇ بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى، ئۆينىڭ سول تەرىپىدە ئاياللار ئۈچ رەت بولۇپ پۇتلىرىنى سوزۇپ

ئولتۇراتتى. ئۇلار سېرىق، قىزىل ۋە كۆك رەڭلىك ياغلىق چىگىشىۋېلىشقانىدى. ئوڭ تەرەپتە بىر رەت ئەركىشى ئورۇندۇقتا، سۇلياۋ تۇڭلار ئۇستىدە ئولتۇراتتى. ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا بىر تار ئۆتۈشمە بار ئىدى. بۇ ئۆتۈشمىدە بەزىلەر ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپتتى. ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان بىر ئايال بىر سۇلياۋ داسنى كالتەك بىلەن چالغاچ كۆپچىلىكنى باشلاپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، ئوتتۇرىدا بىر تولۇق قوناق ھارىقى تۇراتتى، ھەممەيلەن شۇنىڭدىن ھاراق قۇيۇپ ئىچەتتى. سورۇن قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغانىدى. بىر ئەركىشى ئورنىدىن تۇرۇپ كۆپچىلىكنى جىملەپ بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىۋىدى، ھەممەيلەن ھۆرمەت بىلەن ئۇنىڭ گېپىنى تىڭشىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ گېپىنى قوللاپ پىچىرلىشىپ قويدى. ئاندىن ئۇ ناھايىتى گۈزەل بىر مۇقەددەس ناخشىنى ئوقۇدى. يېنىمدىكى بىرەيلەن ئىنگلىز تىلىنى ئازراق چۈشىنىدىكەن، بايىقى ناخشىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن بىر قەبىلە ئاقساقىلىنى يادلاش ئۈچۈن ئوقۇلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

كۈن غەربكە قىيسايدى. ئۆيگە ئىشىك يوچۇقىدىن ئازراق يورۇقلۇق كىرىپ تۇراتتى، ئۆي ئىچى قاراڭغۇ ئىدى. كېيىن بىرەيلەن ئىسسىنىش ۋە يورۇقلۇق ئۈچۈن ئۆيگە گۇلخان ياقتى. بۇ يەردە ئوتۇن بەكمۇ قىممەت ئىدى، ئىسراپ قىلىشقا بولمايتتى، شۇڭا كۆپچىلىك قاراڭغۇدا ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشكە، پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتىشقا رازى ئىدى. ئېلېكتر يوق جايلاردىمۇ كىشىلەرنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغانلىقى ئادەمنى خۇشال قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە، نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىمۇ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئېلېكترسىزمۇ ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن ئەمەسمۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئېلېكتر ھازىرقى زامان ئادەملىرىگە نۇرغۇن قۇلايلىقلارنى ياراتتى، شۇنداقلا بىزنىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلىرىمىزنى يوق قىلىپ تاشلىدى. ئەينى چاغدا كىشىلەر كۈنگە قاراپ تۇرۇپ رېتىمنى بەلگىلەيتتى، كەچتە تېلېۋىزور ئالدىغا ئەمەس گۇلخان ئەتراپىغا

يىغىلاتتى. بۇنداق ئىپتىدائىي تۇرمۇش ھازىر يوق.
مىپاندېدىكى تۇرمۇش ئادەمنى مەپتۇن قىلاتتى. زامانىۋى تۇرمۇش شەكلىنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى جەمئىيەتكە بېسىپ كىرگەنلىكىنىڭ ئىزنالىرىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. باسۋا ئاچا ـ سىڭىللارغا ئوخشاش قىزلار ناھايىتى يىراقتىكى ئاممىباب ناخشا چولپانلىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق سازلار تەڭكەش قىلىنغان ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ھاياجان بىلەن تىڭشايتتى. لېكىن، ئۇلار قاراڭغۇ كەپىلەردە ئۆزى ياسىۋالغان قوناق ھارىقىنى ئىچكەچ ئۆزى توقۇغان ناخشىلارنى ئېيتىدىغان قاراڭغۇ كەپىلەردە تۇرىدىغان چوڭلار بىلەن بىللە ياشايتتى.
كىشىلەر ھازىر، يەر شارىلىشىش ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە قىممەت قاراشلىرىنى ۋەيران قىلىپ شەخسىيەتچىلىكنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، دەپ تەنقىد قىلىشىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنداق ئەھۋال ھەقىقەتەن مەۋجۇت. لېكىن، بۇ بىر مۇرەككەپ مەسىلە، مەن ساياھەت جەريانىدا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قوينىدا ياشاۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ زامانىۋىلىقنى قارشى ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىمىز.
مەن بۇ قېتىمقى ساياھەتتىن بۇرۇن جەنۇبىي ئافرىقا، كېنىيە، ئۇگاندا، سۇدان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ يېزىلىرىدا تۇرغان. لېكىن مىپاندېغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۇلارنىڭ ئامېرىكىلىقلار نەچچە ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆيلىرىنىڭ ياغاچ پوللىرىنى پارقىرىتىۋەتكەنگە ئوخشاش، يېڭى كالا تېزىكى بىلەن ياغاچ ئۆيلەرنىڭ تېگىنى تازىلاپ چىقىدىغانلىقىدەك دائىملىق ئۆي ئىشلىرىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم.
ئافرىقا يېزىلىرىدىكى ئاياللار دائىم ھويلا ـ ئاراملارنى سۈپۈرۈش ئارقىلىق چاڭ ـ توزاننى بېسىقتۇرىدۇ. مەن بىر ئايالنىڭ بىر داس كالا تېزىكىنى ۋە بىر داس سۇنى كۆتۈرۈپ تازىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. سۇنى تېزەكنى يۇغۇرۇشقا ئىشلىتىدىكەن. ئاياللار سۈيۇلدۇرۇلغان بۇ تېزەكنى يەرگە تەكرار سۇۋاپ، سۇۋاق ئۇستىدە

رەت ـ رەت سىزنىقلارنى چىقىرىدىكەن. سىز بۇنى نەقەدەر سېسىقچىلىق دەپ ئويلامسىز؟ لېكىن، ئۇلار بۇ ئىشقا ئامېرىكىلىقلار قاچا يۇيىدىغان ماشىنىسىدا قاچا يۇغانغا ئوخشاش ئادەتلىنىپ كەتكەن. بۇ گەرچە ئۆي ئىشى بولسىمۇ ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرتىدىغان ئىش ئىدى. ناۋادا ئاشۇ ئاياللار كۈندىلىك تۇرمۇشتا تېخىمۇ كۆپ زامانىۋى ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىشنى ئويلىسا بىز ئۇلارنى ئەيىبلىيەلەمدۇق؟

مەسىلە شۇ يەردىكى، ئەنئەنىۋى جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىدىن زوقلىنىشنى خالىمايدۇ، لېكىن زامانىۋى تېخنىكا دىققەت قىلىنمىغان ئەھۋالدا تۇرمۇشقا نۇرغۇن قولايلىقلارنى پەيدا قىلدى. ھېس قىلىپ يەتمەيلا ئۇلار قىممەتلىك دەپ قارىغان ئادەت ۋە قىممەت قاراشلىرى تويۇقسىز پۈتۈنلەي يوقالدى. بۇ جەريان ھەرگىز يېڭى ئىش ئەمەس. 1958 ـ يىلى نىگىرىيىلىك يازغۇچى چىنۇئا ئاچىبى «پۈتۈنلەي بەربات بولۇش» ناملىق رومانىدا ئافرىقىدىكى يېزىلارنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئېلىپ كەلگەن ئاقىۋەتلەرنى ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە توغرا تەھلىل قىلغان. ئۆتكەن ئون يىلدا زامانىۋىلىشىشنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ئىلگىرىلىشىنىڭ كۆلىمى، سۈرئىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە چوڭ ۋە تېز بولدى. خۇددى مىپاندېدا ئايان بولغانغا ئوخشاش، زامانىۋىلىق دۇنيانىڭ ئەڭ نامرات ۋە ئەڭ چەت بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىمۇ سىڭىپ كىردى. لېكىن، مەيلى يامان ياكى ياخشى بولسۇن، ھېچقانداق دۆلەت ئامېرىكىغا ئوخشاش زامانىۋىلىشىشنىڭ ئىچكى مەنىلىرىگە ئىگە بولغىنى يوق.

## تېخىمۇ ئامېرىكىلىشىۋاتقان ياپونىيە

موۋلتان بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىككىنچى بېكىتى باي ـ

نامراتلىق پەرقى ناھايىتى چوڭ بولغان دۆلەت ياپونىيە بولدى. مەن بارغان 30 نەچچە دۆلەت ئىچىدە ياپونىيىدەك ئامېرىكىنى تەلۋىلەرچە دوراۋاتقان دۆلەت يوق دېيەرلىك ئىدى. 45 ياشلاردىكى جىزى ئىسىملىك قەدىمىي شەھەر نارادا ئولتۇرىدىغان، سەنئەت تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىم، شۇنداقلا ئانا بىزگە كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بىز ئامېرىكىنى دورايمىز. بەلكىم بۇ ھەسەت، مەپتۇن بولۇش بىرلىشىپ كەلتۈرۈپ چىقارغان نەتىجە بولۇشى مۇمكىن. ياپونىيىلىكلەر شەيئىلەرنىڭ رەت تەرتىپىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئامېرىكا بىرىنچى بولغانىكەن، ياپونىيە ئىككىنچى بولسا بولىدۇ دەپ قارايدۇ.»

ياپونىيىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنىڭ ئامېرىكىغا ئوخشاپ كېتىشى مېنى ھەيران قالدۇردى. دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىسىل پىششۇرۇش سەنئىتى بار بۇ دۆلەتنىڭ ھەممە جايىنى تېز تاماقخانا قاپلاپ كېتىپتۇ. كېيىن مەن سېتىش مىقدارى ئەڭ يۇقىرى ئىككى ئاشخانىنىڭ ماك دونالد بىلەن كىنتاكى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇ ئىككى تېز تاماقخانىنىڭ تارماقلىرى بولۇڭ - پۇچقاقلاردىكى جايلارغا قەدەر يېتىپ بارغان. ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ئورنىلىشىمۇ ناھايىتى ھەشەمەتلىك، ھەربىر خىل مېۋە ئايرىم ئورنىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىشلىتىپ بولۇپ تاشلىۋېتىشى ئۈچۈن يېمەكلىكلەر سۇلياۋ قاپلارغا سېلىنىدۇ. بىر قېتىملىق چوكا ئىشلىتىلىدۇ. بۇددا دىنىغا خاس ئاددىي - ساددىلىق بىلەن ئامېرىكىغا خاس 24 سائەتلىك قۇلايلىق دۇكانلارنىڭ تېز سۈرئەتتە ئاۋۇشى بۇ يەردە روشەن توقۇنۇش پەيدا قىلغان. ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئېلان خۇمارلىقى، ئىستېمالغا بولغان مەدھىيىلەشلىرى، ماشىنىغا بولغان چوقۇنۇشى ياپونىيىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى بۇزغانىدى.

ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئامېرىكىغا بولغان چوقۇنۇشى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشتە تېخىمۇ كۆلىملىك تۈس ئالغان. ياپونلار مەكتەپتە ئالتە يىل ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىدۇ، لېكىن سۆزلىشىش پۇرسىتى

ئاز بولغاچقا سۆزلەشنى بىلمەيدۇ. مەن بىر كۈنى كەچتە توكيودا بىر مەشھۇر چايخانىنى ئىزدەپ غايەت زور بىر كۆڭۈل ئېچىش مەركىزىگە كىرىپ قالدىم. يەتتە قەۋەتلىك بىنا شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن تولغانىدى. ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ۋە باشقا ئاممىباب مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى قەدەمدە بىر كۆزگە چېلىقاتتى. تاملار ھولليۋۇد كىنو چولپانلىرىنىڭ رەسىملىرى بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ، يەنە ئامېرىكىدا ئەڭ مودا بولۇۋاتقان دومىلاتما توپمۇ بار ئىكەن. باشقۇرغۇچىلار «سىز ئۇنى بۇزالامسىز؟ سىز دومىلاتما توپنى ياخشى كۆرەمسىز؟ بىللە دومىلاتما توپ ئوينايلى» دېگەندەك ئادەمنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان ئېلانلار بىلەن تاملارنى تولدۇرۇۋېتىپتۇ.

ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئامېرىكىچە ھەممە نەرسىگە بولغان مەپتۇنكارلىقى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيىتىدە زور پەرق بار. ئامېرىكىدا قارانىيەت بىلەن تولغان شەخسىيەتچىلىك گەۋدىلەنگەن، ياپونىيىلىكلەر ئۆزىنى كۆرسىتىشتىن قاچىدۇ، كوللېكتىپ مەنپەئەتنى ئۈستۈن ئورۇندا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا جەلپ قىلىپ تۇرىدىغان نەرسىلەرمۇ بار. ئامېرىكىدىكى خۇسۇسىي ئەركىنلىككە بېرىلگەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ كوللېكتىپ ئۇيۇشۇش كۈچى ناھايىتى يۇقىرى بولغان مەدەنىيەتكە كۈچلۈك قىزىقىشى، تەبىئىي ئەركىنلىك پەيدا قىلغان ئىجادىيلىق دەل ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئاممىباب مەدەنىيىتىنى ياخشى كۆرۈشىنىڭ سەۋەبى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

لېكىن، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىگە ئىككى تال ئاتوم بومبىسى تاشلىغانلىقىدەك تارىخقا قانداق قارايمىز؟ ئۇلاردا ئازراقمۇ ئۆچمەنلىك يوقمىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇلاردا بۇنداق ئاداۋەتلىك گەپلەر يوق دېيەرلىك. مەن بىلەن پاراڭلاشقان ياشلار ئاتوم بومبىسىنىڭ ئىشى بىر تارىخ، بۈگۈن بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، دەپ

جاۋاب بەردى. ياشانغان كىشىلەر سەل ئەستايىدىل بولسىمۇ ئانچە غەزەپلىك ئەمەس. مەن ياپونىيىدىكى بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى رېجياڭجىلىڭ تېغىدا تاكاما ئىسىملىك پېنسىيىگە چىققان بىر ئەدەبىيات پروفېسسورى بىلەن يىراقتىكى مەنزىرىلەرگە نەزەر سالغىلى بولىدىغان بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا: «ئۇرۇش ئاياغلاشقاندا، ھارغان ھەم ئاچ قالغان خەلق ناھايىتى خۇشال بولغانىدى» دېدى. ئۇنىڭدىن باشقا، توكيودىكى ۋېيجىلىڭ جىياشى ئىسىملىك نەشرىيات ۋە كىيىم ـ كېچەك شىركىتىنىڭ بىر مەمۇري ئەمەلدارى ماڭا مۇنداق دېدى: «ئەينى چاغدا نۇرغۇن ياپونىيىلىك ناگاساكى ۋە خىروسىما ئارىلىدا نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمىگەنىدى. خەۋەرنى قامال قىلىش بەك چىڭ بولغاچقا، ئۇزاق مەزگىلگىچە بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز قالغانىدۇق. كېيىن ئامېرىكا ياپونىيىنى ئىشغال قىلىۋالغان ئالتە يىل جەريانىدا گېنېرال ماك ئارتور تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئۇرۇشقا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۈستىگە كۆچۈرۈپ، ھەقىقىي ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىكى ياپونىيە ئارمىيىسى، چۈنكى ئۇلار بۇ ئۇرۇشنى قوزغىدى، دېگەن قاراشنى پەيدا قىلدى.» . ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «ئەمەلىيەتتە، ياپونىيە سىرتتىن كەلگەن ھەممە نېمىنى ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن ئامېرىكىنى دورىماق فرانسىيىنىڭ يېمەكلىكلىرى، ئىتالىيىنىڭ سەنئەتتى قاتارلىقلارنى دوراشتىن ئوڭاي بولغاچقا، ئامېرىكا ئەڭ قارشى ئېلىنغان دوراش ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. . . بۇ ئەمەلىيەت.» ياپونىيە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بىر سەكرەپلا دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىقتىسادىي دۆلەتكە ئايلاندى. ئامېرىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى دوراپ، ئامېرىكىدەك ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلار بازىسى قۇرۇپ چىقىشى ئۇنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئىقتىسادىي دۆلەتكە ئايلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ياپونىيىدىكى ئەمگەك كۈچى نىسبەتەن ئەرزان

بولغاچقا، ماللىرىنىڭ باھاسىمۇ نىسبەتەن ئەرزان بولۇپ، رىقابەت ئەۋزەللىككە ئىگە بولدى.

ھازىر ياپونىيىدە ئامېرىكىلىشىش ھەر خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىۋاتىدۇ، ياشلار ئۆيگە كىرگەندە ئاياغ سالىدىغان ئادەتنى تاشلىدى . جىزى يەنە مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئائىلەم تىپىك بىر مىسال. ئائىلەمدە پالاز سېلىنغان ئەنئەنىۋى شەكىللىك بىر ياتاق بار، باشقا ئۆيلەرگە غەرب ئۇسلۇبىدا ئورۇندۇقلار ۋە دىۋان قويۇلغان. بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئولتۇرۇش شەكىللىرىدە بىر سائەت ئولتۇرسام ئاران چىدايمەن، لېكىن ئانام ھەرقانچە ئۇزاق ئولتۇرسىمۇ بىزارلىق ھېس قىلمايدۇ.»

مەن ئۇچراتقان كۆپىنچە ياپونىيىلىككە ئوخشاش جىزىمۇ ۋوللىۋودنىڭ كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرىنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ ياپونىيىنىڭ كلاسسىك شېئىرلىرى ۋە بۇتخانىلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىنى راۋان يادلاپ بېرەلەيدۇ. ئۇ بىر ۋوللىۋود كىنو مەستانىسى ئىكەن. «پلانېتلار ئارا ئۇرۇش» دېگەندەك ئاجايىپ ھېكايىلەر ئۇنىڭغا نىسبەتەن مۇھىم دىنىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ بۇنداق كىنولارنى قانچە قېتىم كۆرگەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئارىلاپ باشقا كىنو مەستانىلىرى بىلەن كىنونىڭ سۇژىتى ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلىدۇ. ئۇ «كىملون ئادەملەرنىڭ ھۇجۇمىنىڭ ئىككىنچى قىسمى» دا قانداق ۋەقەلىكلەر يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇ مەندىن جىددىيلىك بىلەن، ئۇنداق ئىش ئامېرىكىدا يۈز بەردىمۇ يوق، دەپ سوراپ، ئاخىرىدا: «مەن بۇ كىنونىڭ ياپونىيىگە كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتىمەن، ئالتۇن چاچلىق چىرايلىق ئوغلىنىڭ قانداق قىلىپ دوس ۋادىقا ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈپ باققۇم بار» دېدى.

## تەسىرگە ئۇچراش ھەققىدىكى ئازابلىق ئوي

ھازىر ئامېرىكىنىڭ مۇستەملىكە قىلىۋاتقىنى زېمىن ئەمەس ئىدىيە. ئۇ 50 يىلدىن بۇيان تېلېۋىزىيە ئېكرانى ئارقىلىق روھ ۋە ئىدىيە نۇقتىسىدىكى مۇستەملىكە قىلىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇ جەرياندا كىشىلەر ئامېرىكىنى ھوللىۋۇد ئارقىلىق چۈشەندى. كېيىن كىنو ـ تېلېۋىزىيە، ئاخىردا سىنئالغۇ لېنتىسى ئارقىلىق تولۇقلاندى. سىنئالغۇ لېنتىسى تېخىمۇ يىراق ۋە چەت جايلارغا يېتىپ بارالايدۇ. يەنە تېخى ئۇنى 24 سائەتنىڭ ھەممىسىدە قويغىلى بولىدۇ. بۇنداق ئىككى خىل ئەۋزەللىك ئىنتېرنېتقىمۇ ماس كېلىدۇ. تور پۈتۈن دۇنيادىكى كومپيۇتېر ئېكرانلىرىنى بىرلەشتۈردى. بۇ تېخنىكىلارنىڭ ئاساسى ئوبيېكتى ياشلار. بۇ نەرسىلەر ئىنگلىز تىلىنىڭ دۇنيادىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى كېڭەيتتى ۋە ئەكس ئەتتۈردى. بۇ تېخنىكىلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئوخشاش ئەمەس ھەتتا زىددىيەتلىك، لېكىن ئۇلار سودا كېلىشىمى شەكلىدە زىچ باغلانغان. كۆپ ئۆتمەي ئۇلار بىرلىشىپ، ئالاقىلىشىپ، ئىستېمال ۋە يوشۇرۇن تىزگىنلەش ئىقتىدارى بار ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىغا ئايلىنىدۇ.

ئامېرىكىلىقلار دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى مال ساتقۇچى، ئېكران بىزنىڭ ئەڭ ياخشى قورالىمىز. بىز ئېكران ئارقىلىق باشقىلارنى مېلىمىزنى سېتىۋېلىشقا قايىل قىلىمىز. بۇ ئىستېمالنىڭ بەختكە بەرگەن يەنە بىر تەبىرى. تېلېۋىزىيە مۇزىكىسى (MTV) ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىجادىيىتى. ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى پۈتۈن دۇنيا ياشلىرىنى ئامېرىكا مەدەنىيىتى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش، بۇ ئامېرىكا تاۋارلىرىنىڭ سېتىلىشىغا

تۇرتكــە بولدى. 1980 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان MTV 1998 ـ يىلىغا قەدەر 83 خىل دۆلەتتىكى 273 مىليون 500 مىڭ ئائىلىگە ئومۇملاشتى. بۇ سان دائىم ئېلان سودىگەرلىرى تەرىپىدىن كۆپتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ تېخىمۇ زور بازاردىكى سىيتىش ئەھمىيىتىنىـــى نامايان قىـــلىـــــدۇ. مەتبۇئات تورىنىـــڭ مۇۋەپپەقىيىتىــى دۇنيا نوپۇسىنىــڭ ئۆزگىرىشــى بىلــەن زىــچ مۇناسىۋەتلىــك. 20 ـ ئەسىرنىــڭ 60 ـ ۋە 70 ـ يىللىــرىــدا 3 ـ دۇنيادىكى بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى تۆۋەنلەپ ئەي بولۇش نىسبىتى شىددەت بىلەن ئاشتى. نەتىجىدە، سانى ناھايىتى كۆپ بىر ئەۋلاد ئادەم ئۆسۈپ يېتىلدى. بۈگۈنكى دۇنيادىكى 6 مىليارد ئادەم ئىچىــدە بىــر مىليــارد ئادەم ئون نەچچــە ياشلىــق ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر. 1996 ـ يىلى كوكو ـ كولا شىركىتى بىلەن گېرمانىيە ھامبورگ بولكا پادىشاھى تېز تاماقخانىسى 45 دۆلەت ئىچىدىكى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا بازار تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. شوئۇم كىلايىن «ماركا كېرەك ئەمەس: ماركىنىڭ زوراۋانلىقى» ناملىق كىتابىدا بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن نەقىل ئالدى. بايقاشلارغا قارىغاندا، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئائىلىلىرىدىكــى 85 پىرسەنت ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ھەر كۈنى تېلېۋىزور كۆرىدىكەن. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان نيۇيورك ئېلان شىركىتىنىڭ بىر مەمۇرىي ئەمەلدارى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان يېڭى ئەسىردىكــى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر غايەت زور بازار ئوبيېكتىدۇر، دېدى.

ئامېرىكا تېلېۋىزىيە مۇزىكىسى (MTV) نىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى ھىندىستاندىكى MTV لارنىڭ مەزمۇنــى ھەققىــــدە توختىلىپ: «ئۇ يۇگەنسىز ئىستېمالچىلىق خاھىشى بىلەن تولغان» دېدى. بۇنداق ئىستېمالچىلىق خاھىشىنىڭ دائىرىسى مۇزىكىدىن ھالقىپ كىيىم ـ كېچەك، تەنھەرىكەت قاتارلىق ئامېرىكىچە مودا تۇرمۇش شەكلى ئېھتىياجلىـــق بولغان ئۇسكۇنىـــلەرگە قەدەر كېڭەيدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى چەت ئەللەردە ساياھەتتە

بولغاندا ئاممۇۋى ئاپتوبۇستىن تارتىپ مەكتەپلەرنىڭ تېمىغا قەدەر ھەممە يەرگە مايكىل جېكسون بىلەن مارادونانىڭ سۈرىتى چاپلىۋېتىلگەنىدى. 1997 ـ يىلى بۇ سۈرەتلەر مايكىل جوردانىنىڭ سۈرىتىگە ئورۇن بوشاتتى. بېيجىڭدا مەخسۇس مۇھىت ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئادەملەر ئىچىدە ئالىي مەكتەپنىڭ بىر پروفېسسورى بار. ئۇ كىشىنىڭ 16 ياشلىق قىزى ۋە قىزىنىڭ دوستلىرى جوردانغا كىنو چولپانلىرىغا چوقۇنغاندەك چوقۇنىدىكەن، تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزگەندە چىكاگو بۇقا كوماندىسىنىڭ چولپانلىرىنىڭ چاپىنىنى تۇغۇلغان كۈن سوۋغىسى قىلىدىكەن. 2001 ـ يىلى سىتىسلىيە ئارىلىدىكى ئاگرىمىنتۇ بازىرىدا مادا غاستاردىن كەلگەن بىر ياش ماڭا ئامېرىكىنىڭ كەسپىي ۋاسكىتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى (NBA) نىڭ ئىككىنچى مەيدان مۇسابىقىسىدە لوس ـ ئانژېلېس كۆللۇكلەر كوماندىسىنىڭ مۇسابىقىدىكى ئىپادىسى ھەققىدىكى مۇلاھىزە خاراكتېرلىك بىر پارچە ماقالىنى بەردى.

NBA نېمە ئۈچۈن دۇنيا ياشلىرىنى شۇنچە جەلپ قىلالايدۇ؟ ئۆتكەن 30 يىلدا ئامېرىكىنىڭ چەت ئەلدىكى مەتبۇئات بازىرىنى تىزگىنلەش كۆلىمى ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىگە يەتتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىكى تەرەققىيات تېخىمۇ زور بولدى. روبېرت. W . ماك چېسنېي «باي مەتبۇئات، نامرات دېموكراتىيە» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى ئامېرىكىنىڭ كىنو، مۇزىكا، تېلېۋىزىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ 50 پىرسەنتتىن 70 پىرسەنتكىچە بولغان قىسمى ئېكسپورتقا تايانغان. 1998 ـ يىلى بىنيامىس بوپ «غازات ۋە ماك رونالد» دېگەن كىتابىدا، ئامېرىكىنىڭ كىنولىرى ياۋروپا چوڭ قورۇقلۇقىدا بېلەت كىرىمى جەھەتتە ئالدىنقى 10 ـ ئورۇننى ئىگىلەپ، فرانسىيە كىنوچىلىق كىرىمىنىڭ 60 پىرسەنتىنى، ئەنگلىيە كىنوچىلىق كىرىمىنىڭ 95 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

ئامېرىكىنىڭ مۇزىكا ۋە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارى ياۋروپادىلا يۇقىرى پەللە يارىتىپ قالماي يېڭى گۈللەنگەن ئاسىيا، ئافرىقا، جەنۇبىي ئامېرىكا بازارلىرىدىمۇ سېتىش رېكوردى ياراتتى.

ئامېرىكا كۆڭۈل ئېچىش كەسپىنىڭ ھىمايىچىلىرى ئۆزىنى ئاقلاپ، مەھسۇلاتىمىزنىڭ ئەلالىقىدىن شۇنداق بولغان. چەت ئەللىكلەر مەھسۇلاتىمىزنى ئېلىشقا، ھوللىۋودنىڭ كىنولىرىنى كۆرۈشكە ئامراق، دەپ قارايدۇ. لېكىن، تاماشىبىنلار ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان مەھسۇلاتلارغا ئېرىشەلىدىمۇ، يوق؟ ياكى ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈنلا بۇ مەھسۇلاتنى ياخشى كۆردىمۇ؟ قايسى كىنونى سېتىۋېلىش بىر دۆلەتنىڭ يۇقىرىلىرى ئەمەس، بەلكى مۇناسىۋەتلىك كارخانىلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. تەمىنلەنگەن تېلېۋىزىيە نومۇرلىرى ۋە مۇزىكا نومۇرلىرى كىشىلەرنىڭ سېتىۋېلىشى ئۈچۈن تەييارلانغان تاۋارلار. بۈگۈن ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە باشقا جايلاردىكى مەتبۇئات ئىشلەپچىقىرىش بازارلىرىنى كونترول قىلىۋاتقىنى دىسنېي، ۋانا داۋر، ۋىياكام تېلېۋىزىيە گۇرۇھى، سونى شىركىتى، ئاخبارات گۇرۇھى، بېتىسمان شىركىتى قاتارلىق چېگرا ھالقىغان شىركەتلەر. بۇ شىركەتلەر ئوتتۇرىسىدا رىقابەت بولۇپلا قالماي ھەمكارلىقمۇ مەۋجۇت. ئۇلار بىرلىشىپ ھەممە تەرەپنىڭ مەنپەئىتىگە ماس كېلىدىغان سودا كېلىماتى تارتىدۇ. 1997 ـ يىلى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ئامېرىكا مەدەنىيىتىنىڭ ياۋروپانىڭ ئاممىۋى مەدەنىيىتىنى ئىگىلەپ كېتىشىگە قارشى چەكلەش تەدبىرى قوللىنىشقا ئۇرۇندى. ياۋروپا ئىتتىپاقى بىر تۈرلۈك قانۇن تۈرغۇزۇپ ياۋروپادا قويۇلىدىغان تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ ياۋروپادا ئىشلەپچىقىرىلغان بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە، ياۋروپانىڭ مەتبۇئات شىركەتلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشى تۈپەيلىدىن مەقسىتى ئەمەلگە ئاشماي قالدى. چۈنكى، ياۋروپادىكى بۇ شىركەتلەر ئامېرىكىدىن تېخىمۇ كۆپ

مەھسۇلات سېتىۋېلىش كويىدا ئىدى.

«بىز ياۋروپادا مەدەنىيەت دەپ قارايدىغان نەرسىلەر ئامېرىكىنىڭ سانائەتلەشكەن كۆڭۈل ئېچىش مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتى» دەيدۇ ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى لوچانا كاستېرىنا 2001 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىتالىيىدە سۆزلىگەن بىر نۇتقىدا. ئەينى چاغدا مەن «ياۋروپا جەمئىيىتى ۋە ئامېرىكىچە شەكىل» ناملىق بىر يىغىنغا قاتنىشىۋاتاتتىم. يىغىن زالىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىنلا ياۋروپالىقلار بىلەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇيغۇ نۇقتىسىدىكى پەرقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. يىغىن ئېچىلغان جاي توسكان رايونىدىكى مىلادىيە 980 ـ يىلى تاش بىلەن ياسالغان بىر مۇناستىردا ئىدى. كاستېرىنانىڭ كەينىدىكى تامدا 1400 يىلدىن بۇيان ئەڭ مۇكەممەل ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزا» ناملىق تام سۈرىتى بار ئىدى. ئامېرىكىنىڭ سودىسى ئەمەس، بەلكى ياۋروپانىڭ مەدەنىيىتىنى ياۋروپادىن سىقىپ چىقىرىۋاتقان ئامېرىكا مەدەنىيىتى كاستېرىنانى غەزەپلەندۈرگەنىدى. ئۇ ئاغرىنىپ مۇنداق دېدى: «بىز ياۋروپالىقلارغا ھازىر ئىنتايىن تونۇش بولۇپ كەتكىنى ياۋروپالىقلارنىڭ چىرايى ۋە ئوبرازى ئەمەس ئامېرىكىلىقلارنىڭ چىرايى ۋە ئوبرازى. بىز زوقلىنىدىغان شەھەرلەر بېرلىن ياكى مادرد ئەمەس، نيۇيورك ۋە لوس ـ ئانژېلېس بولۇپ قالدى.»

## راستىنلا بارغانسېرى ئامېرىكىلىشىپ كېتىۋاتامدۇق؟

يەر شارى مەدەنىيىتىنىڭ ئامېرىكىلىشىپ كېتىش ھېكايىسىنىڭ مۇرەككەپ سۇژېتلىرى ئىچىدە نۇرغۇن ئادەم رول ئالغان. روللار ئىچىدە ئادەمنى ھەممىدىن جەلپ قىلىدىغىنى رونالد رېگاندۇر. رېگان ئىلگىرى ھولليۇۋودنىڭ ئارتىسى ئىدى، رېگاننىڭ ئامېرىكا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە كەسپىگە قاراتقان بوشىتىش

سىياسىتى دۇنياۋى دولقۇن قوزغىدى. ئۇنىڭ سىياسىتى رادىئو كارخانىلىرىنىڭ ئىگە بولالايدىغان دولقۇن سانىنى يەتتىدە چەكلەپ قويماي ئون ئىككىگە كۆپەيتتى. رېگان كارخانىلارغا نەچچە ئون مىلياردلىق نورمىدىن ئۇشۇق پايدا يارىتىپ بەردى. ئۇ پايدا بۇ كارخانىلارنىڭ چەت ئەلدىكى بازىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. لېكىن، ھەممىدىن مۇھىمى، ئامېرىكىنىڭ بۇ سىياسىتى ئېلىپ كەلگەن غايەت زور تەسىرى: ئامېرىكىنىڭ بوشاشتۇرۇش سىياسىتى كارخانىلارنى غايەت زور پايدىغا ئىگە قىلىپ، چەت ئەلدىكى ئوخشاش كارخانىلارنى غىدىقلىدى. چەت ئەلدىكى بۇ تۈردىكى كارخانىلار تېخىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئۆز دۆلەتلىرىدە شۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشىش كويىغا چۈشتى. لېكىن، چەت ئەللەردە بۇنداق كارخانىلار دۆلەتنىڭ ئاممىۋى مەتبۇئاتلىرى تەرىپىدىن كونترول قىلىناتتى. مەسىلەن، ئەنگلىيە رادىئو شىركىتى (BBC) گە ئوخشاش.

بۇنداق ئىش ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. دۆلەتنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىپادىسى ھەر خىل بولىدۇ. لېكىن، ئومۇمىي نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇنداق تىرىشچانلىق غەلىبە قازانغانىدى. شۇڭلاشقا 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا پۈتۈن دۇنيادىكى تېلېۋىزىيە سودىسىدا قاينام ـ تاشقىنلىق تەرەققىيات مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى.

رادىئو ـ تېلېۋىزىيە كارخانىلىرىنىڭ كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى بەزى سەلبىي ئاقىۋەتلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئەڭ ئاۋۋال تېلېۋىزىيىدە سۈپىتى تۆۋەن ئەخلەت پروگراممىلار كۆپەيدى. 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ھەر كۈنى تەخمىنەن بىر مىليارد ئادەم «دېڭىز ساھىلىدىكى قوغدىغۇچى» ناملىق مەجنۇنلۇق پۇرىقى قويۇق ھولليۇود كومېدىيىسىنى كۆرىدىغان بولدى. بۇ فىلىمنىڭ ئاساسىي مۇقامى گۈزەللەرنىڭ تېنىنى نامايان قىلىش بولۇپ، دېڭىز ساھىلىدا جىددىي قۇتقۇزۇش ۋەقەلىك قىلىناتتى. مىسىردىكى

دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە تورى قويىدىغان پروگراممىلارنىڭ 1/3 قىسمى ئامېرىكىدىن كەلگەن جىنايەت تېمىسىدىكى فىلىممەر، شۇڭا ستېۋېنسون سېگېر ۋە چۇك كنوللىس ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئىسىملارغا ئايلاندى. پۈتۈن ياۋروپادا سودىنى ئەلا بىلىش خاھىشىنىڭ نەتىجىسىدە دۆلەتلىك ئاممىۋى رادىئو تورلىرى سودا بۆلۈمى قۇرۇلۇپ سودا ئېلانلىرىنى قويۇشقا باشلىدى. مەسىلەن، ئەنگلىيىدىكى BBC ۋە ئۇنىڭ گوللاندىيە ۋە شۋېتسارىيىدىكى كەسىپداشلىرى شۇنداق قىلدى. ھازىر كىشىلەر دۇنيانىڭ قەيېرىدە بولسۇن، تېلېۋىزورنى ئاچسىلا مەزمۇنى ئامېرىكىنىڭ تېلېۋىزىيىلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەزمۇنلارنى كۆرىدىغان بولدى. ئامېرىكىلىقلارغا ئوخشاش تېلېۋىزىيە كۆرۈش ۋاقتى بارغانسېرى ئۇزاردى. فرانسىيىدە تۆت ياشتىن 17 ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ ھەر كۈنلۈك تېلېۋىزور كۆرۈش نىسبىتى 1997 ـ يىلى 1996 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا 10 پىرسەنت ئېشىپ، ھەر كۈنى تەخمىنەن ئىككى سائەتكە يەتكەن.

مەتبۇئات كەسپى رىگاننىڭ مىكرو دۇنيادىكى تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيىتىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىقتىسادىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ مەشغۇلات شەكلىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئاڭ ساھەسىدە ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى مارگارت ساچېرخانىم ئۇنى قوللايتتى. رىگان ساچېرخانىمنىڭ ياردىمىدە ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان دۆلەت پاراۋانلىق ۋە مەبلەغنى كونترول قىلىش سىياسىتىگە جەڭ ئېلان قىلدى. ھۆكۈمەت كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىنىڭ بوپىسىدىن قۇتۇلدۇرسا ھەربىر ئادەم تېخىمۇ بېيىپ كېتىدۇ، دېدى ئۇ بۇ سىياسەتنى ئاقلاپ. بۇ ئۇسۇل ئەنگلىيىدىمۇ ئامېرىكىغا ئوخشاش ئۇنۇم بېرىپ ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى، باي ـ نامراتلىق پەرقى چوڭىيىپ، قاتناش، ئىستراخوۋانىيە ۋە

باشقا ئامىۋى مۇلازىمەت ساھەلىرى چىرىكلەشتى. بەلكىم رېگان زادىلا ئويلاپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئۇسۇل نۇرغۇن دۆلەتنى ئامېرىكىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەركىن بازار سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. ناۋادا سىز دۇنيا بازىرىدا رىقابەت ئورنىڭىزنى ساقلاپ قالاي دېسىڭىز بۇ ھەل قىلغۇچ ئۇسۇل ئىدى.

بۇ ئۇسۇل قانداق يۈرگۈزۈلدى؟ رېگاننىڭ باجنى كېمەيتىش ۋە كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش سىياسىتى ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت تەننەرخىنى ئۈنۈملۈك ھالدا تۆۋەنلىتىپ تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ خەلقئارا بازارغا كېڭىيىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە رېگاننىڭ چەت ئەللەردىكى ئاڭ ساھەسىدىكى ئىقتىپاقداشلىرىنى ھۇجۇم قىلىش ۋاستىسى بىلەن تەمىنلىدى. شۇڭا، ھازىر كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى كارخانىلار ۋە ئوك قانات كۈچلەر ئامېرىكا بىلەن رىقابەتلىشىش ئۈچۈن چوقۇم ئۆز دۆلىتىنىڭ غايەت زور ئىجتىمائىي پاراۋانلىق بوپىسىنى چۆرۈپ تاشلىشى، باجنى ئازايتىپ كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، رېگاننىڭ يۈكنى يەڭگىللىتىش سىياسىتى خەلقئارا سودا پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئەركىن سودا تۈزۈلمىسى خەلقئارا بازارنى ئېچىشتا تېخىمۇ قۇلايلىشىپ، كارخانىلارنىڭ چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىشىغا يول قويدى. ياۋروپا ئىتتىپاقى ئامېرىكىنىڭ تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىغا يۈرگۈزۈشكە ئورۇنغان ھەر تۈرلۈك توسۇقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. ئامېرىكىنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتى، خەلقئارالىق فوند ۋە دۇنيا بانكىسىغا بولغان توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان تەسىر كۈچى بۇنداق ئەركىن سودا تەسەۋۋۇرىنىڭ ئىقتىسادىي نىسبەتەن ئاجىز ئافرىقا، ئاسىيا، لاتىن ئامېرىكىسىدىن تارتىپ پۈتۈن دۇنياغا ئومۇملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. خۇددى يەر شارىلاشتۇرۇش ئامېرىكىلاشتۇرۇش دەپ قارالغاندەك، رېگاننىڭ ئەركىن بازار كاپىتالىزمى پۈتۈن يەر شارى

ئورتاق قوللىنىدىغان ئۆلچەمگە ئايلاندى. بۇنداق ئىقتىساد شەكلىنى دوراشتا ھېچقانداق دۆلەت ئىتالىيىدەك چېكىدىن ئېشىپ كېتەلمىدى. ئىتالىيە كارخانا ساھەسىنىڭ داھىيسى شىرۋىئو بېلسكون رېگانىزمچە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى دوراشقا كىرىشتى. ئۇ ئەڭ ئاۋۋال مىلاندا ئۆي - مۈلۈك كەسپى بىلەن شوغۇللانغانىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىغا كەلگەندە ئۇنىڭ كارخانىسى تەرەققىي قىلىپ ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان مەتبۇئات گىگانتىغا ئايلاندى. ئۇلار ئۈچ شەخسىي تېلېۋىزىيە تورى بىلەن بىرگە ئىتالىيىدىكى ئەڭ چوڭ گېزىت - ژۇرنال، كىتاب سودىگەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كېيىن بىۋاسىتە ھالدا سىياسىي ھوقۇق سېتىۋېلىشقا كىرىشىپ، ئىتالىيىدىكى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ چىرىكلىك سەتچىلىكىدە ئابرۇيى چۈشۈپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 1994 - يىلىدىكى سايلامدا ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ سايلام نامزاتى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مەتبۇئاتى ئۇنى ئۇلۇغلايدىغان خەۋەرلەرنى كۆپلەپ بېسىپ كۆپچىلىكنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنچ باغلىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇ ئەڭ ئاخىر زۇڭلى بولۇپ سايلىنىپ يېڭى فاشىسىزمنىڭ دۆلەتلىك ئىتتىپاقى ۋە مۇستەقىل گۇرۇھ لونباردىلىگ بىلەن بىرلىشىپ ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. بۇ ھۆكۈمەت يەتتە ئاي ئۆمۈر كۆرۈپ غۇلاپ چۈشتى. ئۇ 2001 - يىلى يەنە بىر قېتىم سايلامغا قاتنىشىپ نۇرغۇن ياۋروپالىقنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈۋەتتى. «ئىقتىسادشۇناسلار» ژۇرنىلى ئۇنى ھاكىمىيەت تۇتۇشقا مۇناسىپ ئادەم ئەمەس، ئۇ زۇڭلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىتالىيىدىكى ئەڭ چوڭ ئۈچ خۇسۇسىي تېلېۋىزىيە تورىنى كونترول قىلىپ قالماستىن، دۆلەتلىك ئۈچ ئاممىۋى تورنىمۇ كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ جاكارلىدى. مەن بۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن ئىتالىيىگە بارغاندا ئۇ ئالىقاچان زۇڭلىلىق تەختىگە چىقىپ بولغانىدى. مەن «ياۋروپا جەمئىيىتى ۋە ئامېرىكا ئەندىزىسى» ناملىق يىغىنغا قاتناشقاندا

فلورېنسىيەدىن كەلگەن پاۋلا بىياگېن ئىسىملىك بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن بىللە ئولتۇردۇم. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «بېلىسكوننىڭ كونتروللۇقىدىكى تېلېۋىزىيە تورى ئۇنىڭ سايلامدا غەلىبە قىلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقى شۇبھىسىز. لېكىن، ئۇنىڭ شىركىتى ماڭا بېلەت تاشلاتقىلار دېگەندەك قېيىپالماچ تەشۋىقات ئۇسۇلىنى قوللانمىدى. ئۇنىڭغا نەپ بەرگىنى تېلېۋىزىيىدىكى ۋاستىلىك تەشۋىقات كەلتۈرۈپ چىقارغان غايەت زور تەسىر. ئاشۇ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدا ئامېرىكىچە تۇرمۇش شەكىللىرى بىلەن ئىگىلىك شەكىللىرى بار ئامال بىلەن گۈزەللەشتۈرۈلدى، بۇ ھەقتىكى سەلبىي خەۋەرلەر چەكلەندى. شۇڭا، بىزنىڭ نۇرغۇن ياشلىرىمىز ئۇنىڭغا بېلەت تاشلىدى. مەن ئوقۇغۇچىلىرىم ئارقىلىق بىلسەم، بۇ دەۋرنىڭ ياشلىرى ئۆزلىرى تېلېۋىزور ئارقىلىق كۆرگەن ئامېرىكىچە تۇرمۇش شەكلىگە ئېتىقاد قىلىدىكەن. ھازىر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇشنى خالايدىغان ياشلار ئازلاپ كەتتى. ئۇلار شىمالدىكى ئاياغ زاۋۇتى ۋە كۆزەينەك زاۋۇتىغا بېرىپ ئىشلىسە بولىدىغان بولدى. ئۇلار كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئويىچە ئالتە ئايدا بىر قېتىم خىزمەت ئورنىنى يەڭگۈشلىيەلىسە، ماشىنا سېتىۋالالىسا ئۆزلىرىنى ئامېرىكىدا ياشىغاندەك ھېس قىلىدۇ.»

ئامېرىكىنىڭ ئىدىيىنى مۇستەملىكە قىلىشتىكى بىردىنبىر نىشانى ياشلار بىلەن چەكلەنمەيدۇ، ئېكران ھەم ئۇنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى ئەمەس. لېكىن، ئۇلار مەيلى قانچە ياشتىكى ئادەملەرنى نىشان قىلسۇن، مەيلى قانداق ئۇچۇر تارقاتسۇن، يەنىلا شۇ بىر خىلدىكى ئىگىلىك شەكلى، قىممەت قارىشى ۋە ھەرىكەت شەكلى. ھازىرقى دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىلەر بارغانسېرى بىر خىل ماركىدىكى كىيىمنى كىيىدىغان، بىر خىل يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكنى تاللايدىغان، ئوخشاش بىر كىنونى كۆرىدىغان، ئوخشاش بىر مۇزىكىنى ئاڭلايدىغان بولدى. نەتىجىدە، ھەممە ئادەم

ئامېرىكا كارخانىلىرى ۋە بازارلىرىنىڭ شەكلىدە ئىش قىلىدىغان بولۇپ قالدى. مەسىلەن، سىز شۋېتسىيىدە ستوكھولمدىن ماشىنىلىق چىقىپ غەربكە قاراپ ماڭسىڭىز، نۇرۋېگىيە چېگرىسىغا كالگىچە ھەر قىرىق كىلومېتىردا بىر يېڭى قۇرۇلغان ماك دونالد تېز تاماقخانىسىنىڭ بارلىقىنى بايقايسىز. شۋېتسىيىدىكى ئەڭ ئاساسلىق گېزىت «كۈندىلىك خەۋەرلەر گېزىتى» نىڭ بىر تەھرىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەينى چاغدا كوكو ـ كولا ئىچىپ سالسىڭىزمۇ ئامېرىكىنىڭ شۋېتسىيىدىكى تەسىرىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بەرگەن دەپ تەنقىدلىنەتتىڭىز، ھازىر ھېچكىم بۇنداق تەنقىد قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. مېنىڭ ئۈچ بالام بار، قاچان باشلاندى بىلمەيمەن، ھەپتە ئاخىرىدا ئۇلارغا سوۋغا سۈپىتىدە كوكو ـ كولا ئەكېلىپ بېرىدىغان بولۇپ قالدىم. باللار ئۆيدىن ئايرىلماي تۇرۇپلا كوكو ـ كولا بىلەن سۈتنى بىر ئورۇندا قويىدىغان ھەتتا ئادەتتىكى كۈنلەردىمۇ مەندىن كوكو ـ كولا تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ قالدى.»

مەن ئاگرىجېنتودىن ئايرىلغان كۈنى «جۇمھۇرىيەت گېزىتى» ئىتالىيە يازغۇچىسى ۋۇبىت ئېكىنىڭ «ھازىر ھەرقانداق بىر سەيياھ دۇنيانى ئايلىنىپ يۈرتىغا كەلگەندە دوستلىرىغا سۆزلەپ بەرگۈدەك ھېچقانداق يېڭىلىق تاپالمايدىغان بولۇپ قالدى، چۈنكى ئۇلار بارغان ھەرقانداق يەردىكى كىشىلەر ئوخشاش كىيىم كىيىدۇ، ھەرىكىتىمۇ پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ، كىشىلەر سۆزلىشىدىغان تىلمۇ ئوخشاش دېگۈدەك. ھەممە يەردىكى ياشلار يەر شارىلىشىشنىڭ كۈچلۈك دولقۇنىدا پۇل تاپقىلى بولمايدىغان تىللارنى تاشلاپ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتىدۇ. مەن سىتسىلىيىدە تۇرغاندا بۇنداق مۇھاكىمىلەرنى كۆپ قېتىم ئاڭلىدىم. ئاگرىجېنتو مېھمانخانا دىرېكتورى ماگا، «سىتسىلىيە تىلىدا سۆزلىشىش پۇرسىتىم ئازلاپ كەتتى، ئاتا ـ ئانام بىلەنمۇ ئىنگلىزچە سۆزلىشىمەن، نېمىشقا شۇنداق

بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيمەن. ئىنگلىزچە سۆزلەشسە ئادەم تېخىمۇ ئالىي، تېخىمۇ زامانىۋى كۆرۈنەمدۇ، قانداق؟» دېگەن گېپىنى نەقىل قىلىپ بىر ماقالە باستى. بەلكىم، كۆپچىلىك بۇ قاراشقا قوشۇلۇشى مۇمكىن. ناۋادا مۇشۇنداق سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىۋەرسە يەرلىك تىل ئۆلىدۇ. ئېھ بۇنداق ئىشنى «بىر خىل ھاقارەت» دەپ قارىدى. لېكىن، ئۇ يەنە، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيدۇ، باللار مەكتەپتە سىتسىلىيە تىلى ئەمەس، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىدۇ. باللار كومپيۇتېر بىلەن ھەپىلىشىش جەريانىدا ئىنگلىز تىلى سەۋىيىسى تېخىمۇ ئاشىدۇ، دەپمۇ قارايدىكەن. ئۇ ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «كىچىك چېغىمدا پۇتبولنى جاندىن ئەزىز كۆرەتتىم، نەچچە سائەت توپ تېپىپ پۇتۇن ئەزايىمنى تەر باسقان ھالدا ئۆيگە قايتاتتىم. ھازىر باللار كومپيۇتېردىن نېرى كەتمەيدىغان بولۇپ كەتتى.»

ئامېرىكىچە تۇرمۇش شەكلىنى تەنقىد قىلىۋاتقان كىشىلەرمۇ ئامېرىكىنىڭ تۇرمۇش شەكلىگە مەپتۇن بولۇپ قالدى. ئامېرىكىنىڭ چىش پاستىسى بەك كۆپ بولۇپ كەتتى، دەپ ئاغرىنغان خان ئىسىملىك مىسىرلىق ئىنژېنېر ھازىر مىسىرلىقلارنىڭ ئۆيگە جەم بولىدىغان ۋاقتى بەكمۇ ئازلاپ كەتتى، دەپ تەن ئالدى. «يەر شارىلىشىش دۆلەتلەردا پەيدا بولۇپ، مەدەنىيەتلەرنى دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا قەدەر ئومۇملاشتۇرۇۋەتتى، مىسىرمۇ سىرتتا قالمىدى،— دېدى ئۇ يەنە. ئۇنىڭ دېگەنلىرىدە ھېچقانداق ھەجۋىي مەنە يوق ئىدى،— بالاغەتكە يەتكەن باللار بىلەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئالاقىسى ئازلاپ كەتتى، مېيىت نامىزىغا بارىدىغان ئادەملەرمۇ ئازلاپ كەتتى. ھەممە ئادەم تۇرمۇش ۋە پۇل تېپىش بىلەن ئالدىراش. بىز ئۆزئارا ناھايىتى ئاز كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، مائاش، قول تېلېفون، تېلېۋىزورغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ كەتتۇق. مەن بۇنداق تۇرمۇش شەكلىنى ياخشى كۆرمەيمەن، دېيەلمەيمەن. لېكىن، بىزنىڭ تۇرمۇش

شەكىلمىز سىلەرنىڭكىگە بەكمۇ ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ.»

## تۆۋەن قاتلاملىق رىقابەتنىڭ پارتلاش كۈچىدىن ھوشيار بولايلى

نۇرغۇن ئىشلار موۋلتانىنىڭ، ئامېرىكا كەلگۈسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دېگەن كۆزقارىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. يەر شارىلىشىش بۈگۈنكى دۇنيادىكى چوڭ يۈزلىنىش، ئامېرىكىنىڭ سىياستى، كارخانىلىرى ۋە قىممەت قارىشى يەر شارىلىششنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولدى. لېكىن، ئامېرىكىچە يەر شارىلاشتۇرۇش ئىزچىل داۋاملىشامدۇ، يوق؟ بۇ ھەقتە ھازىر ئېنىق بىر قاراش يوق. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن بىر قىسىم يەر شارىلاشتۇرۇش يۈزلىنىشىنىڭ مەشھۇر قوللىغۇچىلىرى ئۆتكەنكى كۆزقارىشىدىن تەۋرىنىپ قېلىشقا باشلىدى.

يەر شارىلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرۇش خاھىشى يەقەت سىيئاتىل، پراگا، ئالېگرىدىنلا كېلىپ قالماي، باشقا جايلاردىكى نامايىش قىلغان قارشى تۇرغۇچىلاردىنمۇ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار دۇنيا بانكىسى ۋە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىدىكى بيۇروكراتلارنى مۇداپىئە ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويدى. قارشىلىق ساداسى خەلق تەشكىلاتلىرىدىنلا ئاڭلىنىپ قالماي، ئەنئەنىۋى سىياسىي پروگراممىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. مەن مۇشۇ مەزمۇنلارنى يېزىۋاتقاندا ئىتالىيە 70 يىلدىن بۇيانقى تۇنجى مەملىكەتلىك ئىش تاشلاش دولقۇنىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىلىرى كوچىلارغا چىقىپ بىلىسكۈن ھۆكۈمىتىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك رىقابەت نامىدا دۆلەتنىڭ ئەمگەك كۈچى بازىرىنى تىزگىنلەشنى بوشاشتۇرۇش سىياسىتىگە قارشى

تۇرۇۋاتاتتى. ئەنگلىيىدىكى ئەمگەكچىلەر پارتىيىسى ھۆكۈمىتى 2001 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئىستراخوۋانىيە، قاتناش ۋە باشقا تەرەپلەردىكى ئاممىۋى مۇلازىمەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پىلانلىدى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان خام چوتنىڭ ئازىيىشى نەتىجىسىدە بۇنداق مۇلازىمەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى. بۇنداق پىلان باجنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان سىياسەتلەرنىڭ تۈزىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ، دېگىلى بولمايتتى.
مەسىلە يەر شارىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەكمۇ، يوق؟ دېگەندە ئەمەس. تېخنىكا ۋە باشقا يۈزلىنىشلەر يەر شارىلاشتۇرۇشنى توسقۇنسىز ھالدا ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىزنىڭ دۈچ كەلگىنىمىز قايسى خىل يەر شارىلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇش كېرەك؟ دېگەن مەسىلە. فرانسىيىدىكى يەر شارىلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرۇش تەشكىلاتىنىڭ (ATTAC) قۇرغۇچىسى سوزان جورجى ماگا پارىژدا مۇنداق دېدى: «مەتبۇئات بىزگە يەر شارىلاشتۇرۇشقا قارشى چىققۇچى دېگەن ماركىنى چاپلاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بىز بۇنىڭغا قارشى تۇرىمىز. بىز يەر شارىلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرمايمىز، بىز ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئادالەت ۋە ئىتتىپاقىنى قوللايمىز. بىز يەنە بىر دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشىغا يول قويۇش كېرەك، دېگەن قارىشىمىزدا چىڭ تۇرىمىز.»
تەنقىدچىلەرنىڭ پىكرى تۆۋەندىكى ئامېرىكىچە يەر شارىلاشتۇرۇش يۈزلىنىشىنىڭ دۇنيادىكى كەمبەغەللەر ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ زور كۆپچىلىك ئادىمىنى جازالاپ، بايلار ۋە كارخانىلارنىڭ سەرخىللىرىنى ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە مۇكاپاتلىغانلىقىغا مەركەزلەشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەركىن بازار ئىگىلىك شەكلى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتىگە تۈرتكە بولۇپلا قالماي، يەنە مۇھىتنى ۋەيران قىلىشى، ئاممىۋى مۇلازىمەت تۈرلىرىنى ئازايتىپ، ئەمگەكچىلەر ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ھوقۇقىغا تەھدىت سېلىشى مۇمكىن.

تەنقىدچىلەر، كارخانىلار يۆركۈزۈۋاتقان يەر شارىلاشتۇرۇش بىر خىل «تۆۋەن قاتلاملىق رىقابەت» ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قان - تەر زاۋۇتى ۋە زەھەرلىك ماددىلارنى قويۇۋېتىش چەكلەنمەيدىغان دۆلەتلەرگە يۆتكەپ، نىسبەتەن باي دۆلەتلەردىكى ئىشچىلارنىڭ مائاشىنىڭ ئازىيىپ ئىشسىز قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاتالمىش ئەركىن سودا ئازراقمۇ ئەركىن ئەمەس، دەيدۇ. ئىقتىسادشۇناس مارتىن كەلتۈرگەن پاكىتلار دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ «ئەركىن سودا تۈزۈلمىسىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە ئۆزىنى قوغدايدىغانلىقىنى، قوش ئۆلچەم قوللىنىپ باي دۆلەتلەرنى قوغداپ، نامرات دۆلەتلەرنىڭ تۆۋەن قىممەتتىكى مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىشقا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.» دۇنيا بانكىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، باي دۆلەتلەرنىڭ سودا قورغانلىرى ھەر يىلى نامرات دۆلەتلەرنى 100 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ئېكسپورت كىرىمىدىن مەھرۇم قىلىدىكەن.

تەنقىدچىلەر خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا يولغا قويغان نۇرغۇن پىلانلىرىنى تەنقىد قىلىدۇ. بۇ پىلانلار ئىچىدىكى قۇرۇلمىنى تەڭشەش پىلانى رۇسىيىدىكى ئوتتۇرا قاتلام كىشىلەرنى تېخىمۇ نامراتلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئەينى چاغدا بۇ دۆلەت «شۇك بولۇپ داۋالانغان» دىن كېيىن ئەركىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتتى، نەچچە مىليون ئىشچى ئىشسىز قالدى. 1997 - يىلى پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى ئۈزۈل - كېسىل بەربات بولغاندىن كېيىن ئومۇمىيۈزلۈك نامراتلىق ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەسىلەن، ئۇلار ھىندونېزىيىدە بانكىنى تاقاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ھېچقانداق ئامانەت سۇغۇرتىسى بولمىغان دۆلەتتە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، ئىشسىزلىق بىردىنلا 20 پىرسەنت ئۆرلىدى، دۆلەتنىڭ يېرىم نوپۇسى ھەر كۈنى بىر ئامېرىكا دوللىرىغا

يەتمەيدىغان پۇل بىلەن كۆن ئالىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

قىسقىسى، تەنقىدچىلەر ئامېرىكىنىڭ ئەركىن بازار شەكلى دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەلدە پەيدا قىلغان نەتىجە ئاساسەن ئوخشاش دەپ قارايدۇ. بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ سەرخىللىرى غايەت زور بايلىققا ئېرىشتى. باشقىلارنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ياكى يامانلىشىش يۈزلىنىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى. دۇنيا بانكىسىمۇ «يەر شارىلاشتۇرۇش يەر شارى خاراكتېرلىك نامراتلىقنى ۋە باراۋەرسىزلىكنى ئاشۇرۇۋەتتى» دەپ تەن ئالدى. 1999 ـ يىلىدىكى كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىياتى دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1960 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا دۇنيادىكى 1/5 ئەڭ باي دۆلەت بىلەن 1/5 ئەڭ نامرات دۆلەتنىكى باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى بىر ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ 1: 30 دىن 1: 60 گە تەرەققىي قىلغان. 1998 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇنداق پەرق ئۇچقاندەك كېڭىيىپ 1: 78 گە تەرەققىي قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چوڭ شىركەتلەرنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى بارغانسېرى كۈچەيگەن. ۋاشىنگتون، كولومبىيە ئالاھىدە رايونىدىكى گۇرۇھ ـ تەشكىلاتلار سىياسىتىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر ئورۇننىڭ 2001 ـ يىلىدىكى دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ 100 ئىقتىسادىي تەشكىلاتنىڭ رەتكە تىزىلىشىدا ئەڭ ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىگەن 200 شىركەت ئىچىدە 52 شىركەت غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەت بولۇپ، پەقەت 48 شىركەتلا دۆلەت ئىگىلىكىدە ئىكەن. دېمەك، بۇنداق غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەر كونترول قىلغان ۋەزىيەتتە تېخىمۇ زور باراۋەرسىزلىك ھادىسىسى پەيدا بولىدۇ. ئۇلار رەقىبلىرىنى قوشۇۋېلىش ۋە ئىشچىلىرىنى تارقاقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ئەڭ چوڭ 200 شىركەت يەر شارىدىكى ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەرنىڭ 30 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن، ئىشلەتكەن ئىشچىسى پۈتۈن

يەر شارىدىكى ئىشچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ بىر پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدۇ.

11 ـ سېنتەبىر پاجىئەسىدىن كېيىن، يەر شارىلاشتۇرۇشنىڭ ھىمايىچىلىرى يەر شارىلاشتۇرۇشنىڭ ۋەدە قىلىنغان ھەممىگە قادىر ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. ئۇلار ناھايىتى تېزلا نامراتلىقنىڭ تېررورىزمنىڭ بىۋاستە پىلىكى بولمىغان تەقدىردىمۇ نامراتلىق ئىچىدىكى ئۈمىدسىزلىك ۋە خارلىنىشنىڭ زوراۋانلىققا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. «ب د ت» نىڭ باش كاتىپى كوفى ئاننان 2002 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نيۇيوركتا ئېچىلغان دۇنيا ئىقتىساد مۇنبىرى يىغىنىدا سىياسىي ۋە ئىقتىساد ساھەسىنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: نۇرغۇن كىشىلەر ھەددىدىن ئارتۇق نامراتلىق ۋە باراۋەرسىزلىكنى يەر شارىلاشتۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قارايدۇ. يەر شارىلاشتۇرۇشقا يەر شارىدىكى كاتتىلار تۆرتكە بولىۋاتىدۇ. بۇ يىغىنغا قاتناشقانلار دەل ئاشۇ كاتتىلارنىڭ ۋەكىللىرىدۇر.» بىل گاتېس مۇنداق دېدى: «بىز مۇزاكىرە قىلمىساق بولمايدىغان مەسىلە، دۇنيادىكى بايلار ئەسلىدىن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە مەنسۇپ بولغان نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭكىگە قايتۇرۇپ بېرىش كېرەكمۇ، يوق دېگەن مەسىلە.» بىر ئايدىن كېيىن، ئەزەلدىن يەر شارىلاشتۇرۇشنى قوللاپ كېلىۋاتقان «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» مىكسىكىنىڭ مونتېررېي شەھىرىدە ئېچىلغان نامراتلىققا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان دۇنياۋى باشلىقلار يىغىنى توغرىسىدا خەۋەر بەردى. ھازىر نۇرغۇن دۆلەت رەھبەرلىرى «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» نىڭ: «ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرقتىكى نۇرغۇن ئادەمنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى 1989 ـ يىلىدىكى سەۋىيىدىن تۆۋەن بولىۋاتىدۇ. ئەينى چاغدا بېرلىن تېمى ئۆرۈلۈپ كاپىتالىزم دۇنياغا ئەڭ تېز سۈرئەتتە يامرىغانىدى» دېگەن قاراشنى ئېتىراپ قىلدى.

بۇلار ھەقىقەتەن ناھايىتى ياخشى قارشى پىكىرلەر. لېكىن، بۇ پىكىرلەر يەر شارىلاشتۇرۇشنىڭ ئامېرىكىچە شەكلىگە قانداق تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ؟ كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىدە دىققەت قىلىۋاتىدۇ. پۈتۈن يەر شارىدا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكا ياۋروپا ئىقتىسادىنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان مارشالل پىلانى خاراكتېرىدىكى بىر پىلاننى يولغا قويۇپ ياردەم، مەبلەغ سېلىش، قەرزنى كۆتۈرۈۋېتىش، سودىدا ئېتىبار بېرىش، تېخنىكىلىق تەڭشەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق پۈتۈن يەر شارى خاراكتېرلىك گۈللىنىشنى بارلىققا كەلتۈرۈش تەكلىپى غەربىي ياۋروپادىكى يەر شارىلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرۇش تەشكىلاتى (ATTAC) نىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپلا قالماي ئەنگلىيە باش ۋەزىرى بىلايىر قاتارلىق دۇنيا داھىيلىرىنىڭمۇ دىققىتىنى تارتتى. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇرۇن ئافرىقىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇنداق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغان، لېكىن ئافرىقا بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانىدى. بۇ پىلان ئافرىقا دۆلەتلىرىنى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ تەرتىپىنى قوغداپ، ئۇرۇش ۋە چىرىكلىكتىن ساقلىنىش، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش، ھۆكۈمەت سىياسىتىنىڭ ئوچۇق ـ يورۇقلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، شۇ ئارقىلىق باي دۆلەتلەرنىڭ ئۆل تەرەققىياتىغا زۆرۈر لازىم بولغان سوغۇرتا، مائارىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئۆل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ياردەملىرىگە جاۋاب قايتۇرۇشقا چاقىرغانىدى.

يەر شارىلاشتۇرۇش ھەققىدىكى مۇنازىرە كەلگۈسىدىكى بىرنەچچە يىلدىكى دۇنيا ئىقتىسادىغا — نامراتلىق، كېسەللىك، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى، تېررورىزم قاتارلىق مەسىلىلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ بۇ مەسىلىلەردە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقى شۈبھىسىز. خەلقئارا مۇھىت سىياسىتىگە ئوخشاش يەر شارىلاشتۇرۇش ئامېرىكىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، رەت قىلىش ھوقۇقى ئامېرىكىدا. ناۋادا ئامېرىكا يەنىلا ئۆز يولىدا مېڭىشتا چىڭ

تۇرسا ھەقىقىي مەنىدىكى مارشالل پىلانىنى يولغا قويۇش تەسكە توختاپ، ئۆۋەتتىكى تۆۋەن قاتلاملىق رىقابەت ۋەزىيىتىنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىش قۇرۇق گەپكە ئايلىنىدۇ. شۇڭا ئامېرىكا، بىزگە كېرىكى زادى قايسى خىلدىكى يەر شارىلاشتۇرۇش؟ يەر شارى راست شۇنچە كۆپ ماك دونالد تېز تاماقخانىسىغا موھتاجمۇ؟ ياكى باشقا بىر يېڭى دۇنيانىڭ پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقى بارمۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك.

# ئونىنچى باب  ئامېرىكا گۈزەللىكى



## مانا بۇ كەينىگە ئۆلتۈرۈش كۆچى

مەن بۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن يەر شارىنى ئايلانغاندا، بىر يانار تاغ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئامېرىكا ھەققىدىكى مۇھىم باھالىرى مەندە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇردى.

مىلادىيە 79 ـ يىلى رىم ئىمپېرىيىسى دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت ئىدى. ئۇنىڭ يېڭىلمەس قوشۇنى، ئەڭ ئىلغار تېخنىكىسى، ھېسابسىز بايلىقى بار ئىدى، دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى ئىشغال قىلغانىدى. بۇ جايلار ئىچىدە بۈگۈنكى ناپولىستىن نەچچە ئىنگلىز چاقىرىم يىراق بىر جايدا، ئىتالىيىنىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىدا پونتىن دەپ ئاتىلىدىغان بىر پورت شەھىرى بار ئىدى. پونتىننىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئۇنى قۇدرەتلىك ھەربىي، سودا ئەۋزەللىكىگە ئىگە قىلغان بولۇپ، بىر تۈمەندىن كۆپرەك ئاھالىسى ناھايىتى يۇقىرى ئۆلچەملىك ماددىي تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولاتتى. بۇ شەھەردىكى مەيدانمۇ روما مەيدانىغا تەقلىد قىلىپ ياسالغانىدى. مەيداندا ھەيۋەتلىك تۆت بۇرجەك قەسىر بار ئىدى. مۇقەددەس قەسىرنىڭ ئالدى تەرىپى ئويمىلار بىلەن تولغان تۈۋرۈكلەرگە قاراپ تۇراتتى. قارشى تەرەپتە ھەيۋەتلىك ۋېزۇۋىي يانار تېغى ئېگىزى كۆككە تاقاشقانىدى. ئەينى چاغدا شەھەرنىڭ باي ئائىلىلىرى تۇرۇبا سۈيى ئىچەتتى. بۈك ـ باراقسان باغلىرىدا رەڭدار فونتانلار ئېتىلىپ تۇراتتى. بايلار كوچىسى پونتىننىڭ ئاساسىي كوچىسى ئىدى.

بىر كۈنى تاغدىن غايەت زور بىر ئوت كۆتۈرۈلگەن. دەسلەپتە كىشىلەر ئېتىلىپ چىققان ماگمىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان. غايەت زور پارتلاش ئاۋازى زېمىننى تىترەتكەندە قورقۇنچلۇق ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئوتتەك ئىسسىق ھاۋا ئېقىمى كىشىلەرگە ئۇرۇلغان.

غايەت زور ئىسسىقلىقتىن ئېرىگەن گرانىت تاشلاردىن پەيدا بولغان لاۋا شەھەرگە قاراپ ئېتىلىپ كەلگەن ۋە بىردەمدىلا ھەممە نېمىنى يۇتۇپ كەتكەن. لاۋا ئېقىمىنىڭ سۈرئىتى بەكمۇ تېز بولغاچقا كىشىلەر قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن. يانار تاغ ئېتىلىپ تۈگىگەندە پونتىن شەھىرى 20 ئىنگلىز چىسى قېلىنلىقتىكى لاۋا ئاستىدا قېلىپ يەر شارىدىن غايىب بولغان.

يانار تاغ ھەممە نېمىنى كۆمۈپ تاشلىغاچقا، پونتىن شەھىرى بۈگۈنكى دۇنيادا ئەڭ ياخشى ساقلانغان، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر قەدىمىي شەھەر ئىزىغا ئايلاندى. مەن بۇ قەدىمىي شەھەرنى ئايلانغاندا كۆڭلۈم ئاجايىپ مۇرەككەپ ھېسسىياتلار ئىچىدە قالدى. ئۆزۈمنى گويا ئەينى دەۋردىكى ھايات ـ ماماتلىق دەقىقىلەردە تۇرۇۋاتقاندەك سېزىپ ھاياجانلاندىم. ھەممە ئىش ئادەمگە شۇنچىلىك چىن تۇيغۇ بېرەتتىكى، ئەينى چاغدا جېنىدىن جۇدا بولغان روھلارنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇ يەردە ھازىر ئەينى چاغدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى تۇرلۇك ـ تۈمەن قىياپەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن قويۇلغان، تىرەكتەك كۆرۈنىدىغان گەج مودېللار بار. ئۇلار قارىماققا تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئەينى چاغدىكى كۈندىلىك تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن ياسالغان بۇيۇملار ئادەمنى بەكمۇ تەسىرلەندۈرەتتى. مەسىلەن، پەشتاختىسى بايلار كوچىسىغا قارىتىپ ئېچىلغان بىر قەھۋەخانا بار بولۇپ، پەشتاختىدا قاچىغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە بار، بۇنىڭدىن قەھۋەخانىنىڭ ئىسسىق ئىچىملىك تەييارلاش ئۇسۇلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كوچىنى بويلاپ ماڭسىڭىز بىر كىرخانا كۆزگە چېلىقىدۇ. ئالدى تەرەپتىكى دوقمۇشتا تېخى بىر پاھىشىخانىمۇ بار. پاھىشىخانا تېمىدا تېنىنى سېتىش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تام سۈرەتلىرى بار. شەھەرنىڭ ئالدى تەرىپىدە خان ئارمىيىسىنىڭ كۆرەك قىلىشى ئۈچۈن ياسالغان بىر مەيدان بار. ئىنسانىيەتنىڭ

تارىختىكى تۇرمۇش شەكلى بىلەن ھازىرقى تۇرمۇش شەكلى نەقەدەر ئوخشايدۇ - ھە! لېكىن ئۇ مەنزىرىلەر كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە غايىب بولغان.

مەن پونتىننى ساياھەت قىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، نيۇ - يورك شەھىرى ئۆزى تۇتاشتۇرغان ئوتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. بۇ قېتىم ئۈچەنلىكنىڭ ئېلىپ كەلگىنى ئۆلۇم ۋە گۇمرانلىق بولدى. بۇ قېتىمقىسى تەبىئەتتىن ئەمەس ئىنسانىيەتتىن كەلدى. بۇ ئاپەت زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى خارابىلىككە تىرىك كۆمۈپ تاشلىدى. بۇ ناھايىتى ئىنچىكە پىلانلانغان، مەخپىي تەشكىللەنگەن ئامېرىكىغا قارشى ھۇجۇم ئىدى. بىز بۇ ھۇجۇمنى پىلانلىغۇچى بىن لادىننىڭ «ئامېرىكا ھەرگىز بىزگە كۆرۈنگەندەك كۈچلۈك ئەمەس» دېگەن گېپىنى نەقىل كەلتۈرسەك ھۇجۇمنىڭ نىشانى ئايدىڭلىشىدۇ. نەچچە مىڭ ئادەم ئۆلدى، نەچچە مىليون ئادەم قورقۇپ قېتىپلا قالدى، نۇرغۇن ئادەمنىڭ قەلبىنى قورقۇنچ قاپلىدى. ئەڭ باي، ئەڭ كۈچلۈك مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭمۇ ئۆز كەمچىلىكى بولىدىكەن، بۇ كەمچىلىك يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلاندى، ئۆلگەنلەر ئازاب ئىچىدە بىزدىن ئايرىلدى، تىرىكلەر ئازاب، قورقۇنچ، گاڭگىراش ئىچىدە قالدى.

بىر يىلچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بۇ قىسقا ۋاقىت 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق چۈشىنىشكە ئىمكانىيەت بەرمىدى. ھازىر كىشىلەر 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ تەسىرىنىڭ يەنە 20 يىلدىن كېيىن نەقەدەر زور بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە ئامالسىز. بۇ بىر يەككە - يېگانە ئىشمۇ ياكى ئۇزاق مەزگىللىك ئۇرۇش جەريانىدا كۆرۈلگەن تۇيۇقسىز ئېلىپ بېرىلغان تېررورلۇق ھۇجۇممۇ؟ ئۇ دۇنياۋى كۈچلۈكلەرنىڭ قايتا تەشكىللىنىشىنى پەيدا قىلامدۇ ياكى ئامېرىكىنىڭ ئەۋزەللىك ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەمدۇ؟ ياكى ئۇ خەلقئارا بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ نامراتلىق، كېسەللىك،

زومىگەرلىك ۋە باشقا تېررورلۇققا مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي ئىللەتلەر بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئىلھام بېرەمدۇ؟ ياكى بولمىسا ئۇ مىلىتارىزىم ۋە ئامانلىق چەكلىمىسىنىڭ كۈچەيتىلىشىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت بولۇپ قالامدۇ؟ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ بۇ ۋەقەدىن قانداق ئاچچىق ساۋاق قوبۇل قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

راي سىناش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئادەتتىكى ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ پوزىتسىيىسىدە چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگەن. پەقەت ئۇلار چەت ئەلنىڭ خەۋەرلىرىگە تېخىمۇ دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالغان. لېكىن، ئامېرىكىلىقلارنىڭ نۆۋەتتىكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەقەلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. 2002 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى ئامېرىكا ئاممىۋى پىكىر تەتقىقاتى جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان يىللىق تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ دىن، هۆكۈمەت، پۇقرالار ئەركىنلىكى ۋە باشقا ئوخشاپ كېتىدىغان مەسىلىلەردىكى پوزىتسىيىسى ناھايىتى مۇقىم بولغان. راي سىنىغۇچىلار مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەرنىڭ بۇش زۇڭتۇڭنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىغا بولغان يۇكسەك ئىشەنچىسىدىن قارىغاندا، خەلق بىردەملىك ھاياجان بىلەن بۇشنىڭ مەلۇم ئالاھىدە ھەرىكىتىنى ئەمەس قولىدىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى قوللايدۇ.»

چەت ئەللىكلەرنىڭ ئامېرىكا ھەققىدىكى كۆزقارىشى ئۆتمۇشتىكى ئەھۋالغا ياندى. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن نۇرغۇن چەت ئەللىكلەر ھازىر ھەممىمىز ئامېرىكىلىق دەپ باياناتى ئېلان قىلغانىدى، كۆپ ئۆتمەي بۇ ئىتتىپاقلاشقان كۈچ يوقالدى. كىشىلەر ۋاشىنگتوننىڭ ئۆتمۈشتىكى قېرى جاھانگىرلاردىن قىلچە پەرقى يوقلۇقىنى كۆرۈپ كۆڭۈل بىرىپ كېتىشكە ئەرزىمەيدىكەن،

دەپ قارىدى. ئامېرىكا بار ئامال بىلەن ئۆز مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلۈشتەك كونا ھالىتىدىن قۇتۇلالمىغانىدى. باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىشقا دائىم تەييار، لېكىن باشقىلارنىڭ پارىچىنى ئاڭلىمايدىغان قوش ئۆلچەم ھېلىمۇ مەۋجۇت ئىدى. دەسلەپتە چەت ئەللىكلەر بۇش تەشكىللىگەن تېررورلۇققا قارشى ئىتتىپاق بىلەن ئافغانىستانغا ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىگە زور ئۈمىد باغلىدى، لېكىن بۇ قۇرۇق ئۈمىدتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. رېئاللىق شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ۋاشىنگتون زورۇر تېپىلغاندا يالغۇز ھەرىكەت قىلىشقا تەييار ئىدى. بۇش تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشنى بىر قېتىملىق دىنىي ئۇرۇش دەپ ئاتىدى، كېيىن ناھايىتى تېزلا بۇ سۆزدىن ۋاز كەچتى. ئوتتۇرا ئەسىردىكىگە ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ خرىستىئان دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى غەزىپىنى قوزغاپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلدى. ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى رامسفېلد: «بىز 10 ياكى 15 دۆلەتكە كىرىپ تېررورچىلارنى يوقاتماي ئامالىمىز يوق. بىز چوقۇم شۇنداق قىلىمىز. قارىغاندا، دىنىي ئۇرۇش ئامېرىكىنىڭ بۇ ئىنكاسىنى سۈپەتلەيدىغان ئەڭ ئېسىل سۆز بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ» دېدى. بۇش 2002 ـ يىلى 1 ـ ئايدىكى نۇتقىدا نامى پۇر كەتكەن «رەزىللىك ئوق مەركىزى» دېگەن كۆزقارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىراق، ئىران ۋە شىمالىي چاۋشيەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈچلەر بىلەن يەككە ـ يېگانە ھالدا تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەنلىكىنى بىلدۈردى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، بىلگىيىدىكى «بايراق» ناملىق گېزىت: «ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ئامېرىكىغا ھېسداشلىق قىلىش ۋە قوللاش خاھىشى ناھايىتى قىسقا ئۆمۈر كۆردى» دەپ يازدى. 3 ـ ئايدا ئامېرىكا يالغۇز ھالدا تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش سېپىنى كېڭەيتىش ناغرىسىنى چالدى. بەش بۇرجەكلىك بىنا تەشەببۇسكار ھالدا يادرو قورالى ئىشلىتىش پىلانىنى ئاشكارىلاپ،

يۇقىرىقى ئۈچ دۆلەتتىن باشقا لىۋىيە، سۇرىيىلەرنىڭمۇ نىشان ئوبيېكتى ئىچىدە بارلىقىنى جاكارلىدى. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ئاتوم قورالىنى بىر تەھدىت كۈچى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولسا بولىدۇ دەپ قارالغان، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا بىرلىككە كەلگەن ئاتوم قورالى ھەققىدىكى قاراشنى چۆرۈپ تاشلىدى. ئامېرىكىنىڭ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن تولغان بىتەرەپلىمە سىياسىتى ھەتتا ئۇنى قوللايدىغانلار قوشۇنىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭمۇ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. مەسىلەن، «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» نىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق مەخسۇس سەھىپە يازغۇچىسى، تىپىك ئامېرىكاپەرەس ئاناتول كولىېرسكى ماقالە يېزىپ: «بۈگۈن ئامېرىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا كېلىدىغان ئەڭ زور خەۋپ ئىسلام ئەسلىي تەرىقەتچىلىرىدىن ئەمەس، ئامېرىكىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىدىن كېلىدۇ» دېدى.

لېكىن، بۇ پەقەت ئامېرىكىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ باشلانمىسى ئىدى. 4 ـ ئايدا بۇش ھۆكۈمىتى خەلقئارا كېلىمات ئۆزگىرىشىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقىنى مەجبۇرىي ئىستېپا بەرگۈزدى. بۇ ئادەم ئالىم بولۇپ، ئېئاككېر ـ مايفورنىڭ مەنپەئەتىگە چېقىلىپ قويغانىدى. ئۇنى يەنە خىمىيىلىك قوراللارنى چەكلەش تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. بۇش ئۇنى ئامېرىكىنىڭ ئىراققا يۈزگۈزۈۋاتقان پىلانىغا بولغان بىر توسالغۇ دەپ قارىدى ھەتتا بۇش ھۆكۈمىتى خەلقئارا جىنايەت سوتىنىڭ ئۆلچىمىنى كۆزگە ئىلماي كلىنتون زۇڭتۇڭ ئىمزا قويغان شەرتنامىنى ئىناۋەتسىز دەپ جاكارلىدى. ئەڭ دىققەتنى تارتىدىغىنى، خەلقئارا جەمئىيەت ئوتتۇرا شەرقتە كۈنسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان قورقۇنچلۇق زوراۋانلىق قىلمىشلارنى ئامېرىكىنىڭ بېرىپ چەكلىشى ھەققىدىكى تەكلىپلىرىنى ئاڭلىماسلىققا سالدى.

ئىراققا قوراللىق ھۇجۇم قىلىش پىلانى دۇنيانىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بۇش ھۆكۈمىتى يەنىلا ئۆزى بىلگىنىچە ئىش

تۇتتى. ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ئۆلۈم - يېتىم ئەھۋالى دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىغان بىر كەسكىن ۋەزىيەتتىمۇ ئۆز مەيدانىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇردى. بىر قاتار ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىش خاراكتېرلىك ھۇجۇملاردىن كېيىن ئىسرائىلىيىنىڭ پەلەستىن شەھەرلىرىدىكى تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان ھەربىي ھەرىكەتلىرىنى قوللىدى. پۈتۈن دۇنيادىكى ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئىچىدىكى پىكىر ئېقىمى ئىسرائىلىيىنىڭ قىلمىشى بەكمۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتتى، دەپ قارىغان چاغدىمۇ بۇش ھۆكۈمىتى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ئىچىدىكى ئوڭچىللارنىڭ ئىسرائىلىيىنى قوللاش دېگەندەك قەتئىي بولمىدى، دېگەن پىكرىگە بەكرەك قۇلاق سالدى.

11 - سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ ئالتە ئايلىق خاتىرە كۈنىدە زۇڭتۇڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى تېررورلۇق يوق تىنچ دۇنياغا باشلاپ كىرىمەن دەپ ۋەدە بەردى. ھەقىقەتەن شۇنداق بىر جەمئىيەت بارلىققا كېلىدىغان بولسا، شۇ جەمئىيەتتە بارلىق تالاش - تارتىش بىخەتەرلىك، ئۆزئارا چۈشىنىش، ياخشى نىيەت ئاساسىدا ھەل قىلىنىسا بولاتتى. لېكىن، بۇشنىڭ مەسلىھەتچىلىرى نۇرغۇن سورۇنلاردا ئامېرىكىنىڭ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇشنىڭ بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى رېيس، بۈگۈنكى دۇنيا 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسىدىكى ۋاقىتقا بەكمۇ ئوخشايدۇ، دېدى. رېيس يەنە مۇنداق دېدى، ھازىر ھەممە دۆلەت 50 يىل بۇرۇن كوممۇنىزم ۋەھىمىسى ئالدىدا ئامېرىكىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقاندەك ئۇيۇشۇشى لازىم. ھازىر تېررورىزمنىڭ ۋەھىمىسى ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتتى. بۇش ھۆكۈمىتى بۈگۈنكى تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىمۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتىنى ئۇرۇشنىڭ تەشكىلات

پرىنسىپىغا ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى. بىر قىتىملىق سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغاندەك قىلاتتى، شۇڭا بۇشنىڭ ئەمەلدارلىرى تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇش يەنە 40 ياكى 50 يىل داۋاملىشىدۇ، دەپ جاكارلىدى. بۇ ھەرگىز تاسادىپىيلىق ئەمەس.

ئامېرىكىلىقلار ۋە ئامېرىكىلىق ئەمەلدارلار ئۈچۈن بۇ قاراشنىڭ مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇر. بىرىنچى قېتىملىق سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ھەربىي ساھە بىلەن كارخانىلار ساھەسىنىڭ بىر گەۋدىلىنىشىنى مەڭگۈلۈككە ساقلاپ قالدى. ئېيزىنخاۋېر زۇڭتۇڭ 1960 ـ يىلى خوشلىشىش نۇتقىدا كىشىلەرنى مۇشۇنداق ھادىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئاگاھلاندۇرغانىدى. 42 يىلدىن كېيىن دۆلەتنىڭ ھەربىي ئىشلار تەلىپىنىڭ بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ ھەربىي خام چوتىغا نىسبەتەن ھېچقانداق ئالاھىدە تەلىپى قالمىدى. لېكىن، قورال ـ ياراغ سودىگەرلىرى، ھەربىي مۇلازىمەت كەسپى، سايلىغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش كويىدا يۈرگەن پارلامېنت ئەزالىرى بەش بۇرجەك بىناغا بېسىم ئىشلىتىپ يۇقىرى سوممىلىق ھەربىي خىراجەت چىقىمى پەيدا قىلدى. ئۇلار ئامېرىكا دۇچ كەلگەن خەتەرنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇلار ۋەدە قىلغان تىنچلىقنىڭ پايدىسى زادى نەقلەشتۇرۇلمەي كەلدى. بۇ خىل ھالەت دۆلەتنىڭ مالىيە قىزىل رەقىمىنى كۆچەيتىپ، دۆلەتنى نامراتلىق گىردابىغا ئىتتىرسە، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا دۆلەتلەرگە تەھدىت سالدى. ناۋادا بىر ھەربىي چوڭ دۆلەت ئۆيىدىن زادى چىقمىسا ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى بولىدۇ؟ ۋېيتنام ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكا جامائىتى چەت ئەللەردىكى ھەربىي ئارىلىشىش ھەرىكىتىگە قارىتا ئىزچىل ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇپ كەلدى. لېكىن، بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى

مۇخبىرغا، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى كىشىلەرنىڭ بۇ خىل كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىپ تاشلىدى، دەپ جاكارلىدى. ھازىر ئامېرىكا بىۋاستە ھۇجۇمغا ئۇچرىدى، شۇڭا ئامېرىكىلىقلار ئۇرۇش ۋە ئۆلۈمگە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشى كېرەك. ئامېرىكا يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە چەت ئەللەردە دائىم ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ تۇرۇشى مۇمكىن. بۇنداق ھەربىي ئارىلىشىش ھەرىكەتلىرى ھايات قالغانلارنىڭ ئامېرىكىغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغاپ، تېررورلۇق ئۇسۇلىدا قىساس ئېلىش ھەرىكەتلىرى ئىزچىل ئاۋۇشى، ۋاشىنگتون بۇنداق قىساس ئېلىش ھەرىكىتىنى يېڭى ھەربىي ئارىلىشىشنىڭ دەستىكىگە ئايلاندۇرۇشى، بۇنداق ئايىغى چىقمايدىغان تەكرارلىق توختىماي داۋاملىشىشى مۇمكىن. مانا بۇ بىر دەكلىككە ئىگە «كەينىگە ئولتۇرۇش» ئۇنىۋېرسال كېسەللىكى.

## 21 ـ ئەسىرنى كۈتۈۋالايلى

ۋېزۇۋىي يانار تېغى پونتىن شەھىرىنى يۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن، قەدىمكى رىملىقلار ئۆزىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن ۋە مۇشۇنداق بىر گۈزەل شەھەرنىڭ بەربات بولۇشى خۇدانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەنلىكىمىزدىن بولغان دەپ قارىغان. ھازىر ئامېرىكىنىڭ قوللانغان قائىدىسى «بىز ئەيىبسىز، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى ئالۋاستىنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشايدۇ، خۇدا بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى قوللايدۇ.» دېگەندىن ئىبارەت بولدى. بىزنىڭ قايتۇرغان ئەكس سادايىمىز سۈپىتىدە 11 ـ سېنتەبىردىن كېيىن «خۇدا ئامېرىكىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن» دېگەن ناخشا ئامېرىكىلىقلارنىڭ دائىم ئېيتىپ يۈرىدىغان ناخشىسىغا ئايلاندى. ھەتتا ۋېللىيې نېلسونغا ئوخشاش مەدەنىيەتكە قارشى ئەرباپلارمۇ بۇ ناخشىغا بېرىلىپ كەتتى. ناۋادا ئامېرىكا مەۋجۇت بولمىسا دۇنيانىڭ ئويۇنلىرى مۇكەممەل

بولالمايدىغاندەك بىر ۋەزىيەت شەكىللەندى. بىرىنچى مەيدان ئويۇندا بوش زوڭتوڭ ئېكراندا پەيدا بولۇپ، بۇ مۇراسىمنى كۆرۈۋاتقان نەچچە تۈمەن تاماشىبىنغا كاپالەت بېرىپ: «بىز بارلىق رەزىل دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىلىمىز» دەپ جاكارلىدى. تەنتەربىيە مەيدانىدىكى تاماشىبىنلار ھاياجان بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئامېرىكىنىڭ بايراقلىرىنى پۇلاڭلىتىشىپ «خۇدا ئامېرىكىنى پاناھىدا ساقلىسۇن» دېگەن ناخشىنى ئېيتتى. ۋىيتنېرسا ۋىليام سۆز قىلىپ: «قۇدرەتلىك خۇدا بىز تەرەپتە، كۆكتىكى چىراغلار بىزنىڭ قاراڭغۇلۇقنى بۆسۈپ ئۆتۈشىمىزگە يول كۆرسىتىدۇ» دېدى. شۇ چاغدا كىشىلەر ئارىسىدا «ئامېرىكا ھېچكىمدىن قورقمايدۇ، ھەرىكەتلەن!» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان لوزۇنكىلار پەيدا بولدى.

شۈبھىسىزكى، ئامېرىكىنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىنكى كۆلپەتلىك كۈنلەرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم قىلدى. تېررورلۇق ھۇجۇمى ئاڭسىز ھالدا قوزغاپ قويۇلۇپ قېلىنىۋاتقان مىللىي ئىتتىپاقلىق ئېتىقادىنى يېتىلدى. نۇرغۇن كىشىلەر بىر لادىنغا ئوخشاش رەزىل كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىدىن نەپرەتلىنىش بىزنىڭ پەخرىمىز دەپ قارىدى. لېكىن، بۇنداق كەيپىياتنىڭ ئۆزىگە خاس كەمچىلىكىمۇ بار ئىدى، ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى توسۇپ بۇ تىراگېدىيىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىنى كۆرسەتمىدى.

كىشىلەر، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، ئەڭ يېقىن ئىتتىپاقداشلىرىمىز ئارىسىدا ئامېرىكىغا قارشى بىر خىلار باش كۆتۈرۈپ قالسا، بۇ ئەھۋال ئامېرىكىنىڭ ھەرىكىتىنى ئاستىلىتىپ، ئامېرىكا خەلقىنى سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلىنىپ بېقىشقا مەجبۇر قىلار، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن رېئاللىق ئۇنداق بولماي قالدى. ئامېرىكا سىياسىيونلىرى ۋە مەتبۇئاتىنىڭ

سەرخىللىرى ئوتتۇرىسىدا قانات يايغان مۇلاھىزىلەر تەنقىد خاراكتېرلىك قايتا ئويلىنىشتىن باش تارتىپ، ئامېرىكا بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشنى خالىمىدى. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بېرىپ كۆپ ئۆتمەي، ئامېرىكىنىڭ سىلوۋېنىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئالاين ۋىنتېر «پۇل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى» دە بىر پارچە ئوچۇق خەت ئېلان قىلدى. ئۇ خېتىدە: «ئامېرىكا تېررورلۇق ھەرىكىتىنىڭ قاتىللىرىنى تۇتۇۋېلىشتىن باشقا ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشى، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان كۆزقارىشىنى كۆزىتىپ بېقىشى، مۇشۇنداق كۆزقاراشنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ھازىر دۇچ كەلگەن ئازابلىق ۋە قانداق قىلىشنى بىلمەي قېلىۋاتقان ھالەتكە ئەقىل بىلەن تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ» دېدى. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ تەكىلىپ بەردى: «بىز چوقۇم ھامان بىزنىڭ توغرا، پەقەت بىزنىڭ ئۇسۇلىمىز بىردىنبىر ئۇسۇل، دەيدىغان ئەنئەنىۋى قاراشنى يېڭىشىمىز كېرەك.» ئەپسۇسكى، بىز زادىلا ئۇنداق قىلالمىدۇق. دۆلەتتىكى ئەڭ ئاساسىي كۆزقاراش، ئامېرىكا ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىدى، دېگەن قاراش بولدى. ئۆزىمىز ھەققىدىكى ئەستايىدىل ئويلىنىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى ھەرقانداق ئادەم بوگۇنكى ئىشلارنى ئەيىبلەيدىغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بولۇپ قالدى.

بۇ ھەقىقەتەن ئادەمنى ئويغا سالىدىغان مەسىلە، ئامېرىكا ھەقىقەتەن ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغۇچى، بىن لادىن ھەقىقەتەن بىر يالماۋۇز. ئۇ ۋە ئۇنىڭ سادىق ئەگەشكۈچىلىرى چوقۇم قاتتىق جازالىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ۋەقەلەرنىڭ تەكرارلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. قانداق قىلغاندا شۇنداق قىلغىلى بولىدۇ؟ ئەپسۇسلىنارلىقى، بىز ھازىر قوللىنىدىغان ئۇسۇل مەسىلىنى تېخىمۇ ياخشىلايدىغان ئۇسۇل ئەمەس، ئەكسىچە يامانلاشتۇرۇۋېتىدىغان

ئۇسۇل.

ھازىر ئامېرىكا چۈشەنمەك تەس زىددىيەتكە دۇچ كەلدى. بىر تەرەپتىن، ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە بىز ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسانىيەت ھازىر ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن خەتەرلەرنى يالغۇز بىر تەرەپ قىلالمايدىغان دەۋرگە قەدەم قويدى. دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەر گۈمران بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىز ئەڭ ئاخىرقى دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتۇق.

2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىنكى بىر ئايدا ئادەمنى ئىلھاملاندۇرىدىغان، لېكىن تېخى دىققەت قىلىنمىغان يېڭى ئالامەتلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇش ئاقسارايدا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ داھىيسى لورد روبىنسون بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشتىن كېيىنكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا بۇش، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى 52 يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئامېرىكىنى قوغداش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا باشلىدى، دېدى. بۇشنىڭ بۇ غايەت زور ئىلگىرىلەشنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ھەققىدە بىر چۈشەنچىگە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق بېشارەت يوق. ئامېرىكا ۋە گېرمانىيە (مەن شۇ چاغدا گېرمانىيىنى زىيارەت قىلىۋاتاتتىم) مەتبۇئاتلىرى ئورتاق ھالدا بۇ مەسىلىگە سەل قارىدى. بۇنداق قىلىش ئىككى دۆلەت داھىيلىرىنىڭ ئافغانىستان ئۇرۇشى مەسىلىسىدىكى ئورتاق كۆزقارىشىنى تەكىتلەشكە پايدىلىق ئىدى. روشەنكى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدە ئامېرىكا ياۋروپانى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن قوغداش ئۈچۈن شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنى قۇرغانىدى. ئەمدىلىكتە بۇ تەشكىلات ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدايدىغان كۈنگە چۈشۈپ قالدى. تارىخ ئېقىمىدا بۇنداق ياقىلار ئېتەك، ئېتەكلەر ياقا بولىدىغان

ئەھۋاللار ئاز ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالنىڭ تەسىرىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، ئامېرىكىنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇ قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارى تەھلىلچىلەرنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى يېتەكچى ئىدىيىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، ھەربىي كۈچ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان دەۋر كەلمەسكە كەتتى، دېگەن ھۆكۈمىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ھەربىي دۆلەت ساندۇق ۋە پىچاقلار بىلەن قوراللانغان، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا باي بىر ئوچۇم قاتىللارنىڭ ھۇجۇمىنى توسالمىدى. ئىنتېرنېت ئارقىلىق خەۋەرلىشىش ئەمەلگە ئاشقان، 24 سائەتلىك پۇل مۇئامىلە بازىرىغا ئىگە يەر شارى خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى شەكىللەنگەن بۈگۈنكى كۈندە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى يەنىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغاندى. يېڭى دەۋردە دۈچ كېلىدىغان تەھدىت يەر شارى خاراكتېرلىك بولسىمۇ پۈتۈن دۇنيا جامائىتى ھەمكارلاشقاندىلا غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشى بىر پاي ئوق ئېتىلمىغان شارائىتتىمۇ ئىگىلىكنى ۋەيران قىلىپ، يېمەكلىك، ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويالايدۇ. پەقەت پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بۇلغانمىلارنى قويۇپ بېرىشنى ئازايتسىلا مۇھەققەتقا بولغان تەھدىتنى ئازايتقىلى بولىدۇ. ئەيدىز كېسىلى، تولغاق قاتارلىق 3 ـ دۇنيا ئەللىرىنىڭ مۇكەممەل بولمىغان ئاممىۋى ساغلاملىق سىستېمىسىنى بۇزۇپ تاشلىغان كېسەللىكلەرنىڭ دۆلەت چېگرىسى يوق، دۆلەتتىكى نامراتلىق ۋە زۇلۇم تۈپەيلىدىن ھېچنېمىگە قارىماي چېگرا ئاتلاپ چىققان كۆچمەنلەر كېسەللىكنى چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىدۇ، ھېچقانداق دۆلەتنىڭ بۇنداق تەھدىتكە

تەنها تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى يوق، ھەتتا ئامېرىكىنىڭمۇ بۇنداق ئىقتىدارى يوق. شۇنداقتىمۇ بىز 21 ـ ئەسىرنىڭ كېلىشىنى قارشى ئالىمىز.

دۇنيا مۇشۇنداق تۇرلۇك ـ تۈمەن ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە قالغان بۈگۈنكى كۈندە بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق دىققىتىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا قورال ـ ياراغلارنى چەكلەشكە قارىتىپ، ئۆز سىياسىتىنى چەت ئەللەرگە كېڭەيتمەكچى بولۇشى ئاقىلانىلىك ئەمەس. چۈنكى بۇنداق سىياسەت دۈشمەنلىرىمىزنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ، دوستلارنى رەنجىتىدۇ، ئاخىردا يەر شارىنىڭ ۋەزىيىتى ئامېرىكا ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈنمۇ تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىدۇ. بۇش تېررورلۇقنىڭ مۇنبەت زېمىنى بولغان نامراتلىق ۋە باراۋەرسىزلىكنى تۈگىتىدىغان تاشقى ئىشلار سىياسىتى قوللىنىشقا قارىغاندا، تېررورىزمنى تېخىمۇ ئاۋۇتۇۋېتىدىغان تاشقى سىياسەت قوللىنىشقا مايىل بولۇۋاتىدۇ. ئۇ يەر شارىنىڭ ھاياتلىق سىستېمىسىنى قوغداپ تۇرغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ئورنىغا پارنىك ئېففېكتى ھاسىل قىلىپ مۇھىتنى ناچارلاشتۇرۇپ بۇلغىنىش پەيدا قىلىدىغان بۇلغانمىلارنى قويۇپ بېرىشنى چەكلەشنى رەت قىلدى. بۇش يەنە ئىنسانىيەتنىڭ قانۇنلۇق مەنپەئىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن باي ـ نامراتلىقنىڭ ئەقىلغا سىغمايدىغان پەرقىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنماي، ئەكسىچە سودىنى ئەركىن تەرەققىي قىلدۇرۇش تەسەۋۋۇرى بىلەن بۇ پەرقنى تېخىمۇ چوڭايتىۋەتتى.

ئاناننىڭ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن: «نامراتلىق تېررورلۇققا سەۋەب بولالمايدۇ» دېگەن گېپى ناھايىتى توغرا. 2002 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇ بىر قېتىملىق نۇتقىدا «نامراتلارنىڭ نۇرغۇن يۈكى بار، لېكىن ئۇلارنىڭ نامراتلىقى تۈپەيلىدىن تېررورلۇقنىڭ پەيدا بولۇشى ناتايىن» دېدى. «ئەگەر كۆلىمى چوڭ بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى

باراۋەرسىزلىك ھادىسىسى كېلىپ چىقىدىغان بولسا، قانۇنلۇق ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى چەكلىمىسەك، ئۇ چاغدا تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئورنىنى زوراۋانلىق بىلەن ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئالىدۇ» دېدى ئۇ يەنە. بۇنداق ئەمەلىيەتنى تەن ئېلىش نامراتلىق مەسىلىسىنىڭ 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىنكى دۇنيانىڭ نورمال خىزمەت تەرتىپىگە يېڭىۋاشتىن كىرگۈزۈلۈشى بىلەن، يەر شارىلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان سودا ماگناتلىرى ۋە سىياسىي داھىيلار بىرنەچچە يىلدىن بېرى مۇنازىرىگە سەۋەب بولغان تەرەققىيات مەسىلىسىگە قايتا قىزىقىشقا باشلىدى.

لېكىن، بۇش بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىپ بەخىرامان يۈرۈۋاتىدۇ، مەسلىھەتچىلىرى ئۇنى مۇشۇ مەسىلىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغان قىياپەتتە كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئۇلار تولغىما مۇزىكا چولپىنى بونوغا ئوخشاش قەرزنى بىكار قىلىش تەشەببۇسىدىكى كىشىلەرنى ئاقساراي ئەمەلدارلىرى بىلەن سۈرەتكە چۈشۈش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى. ئەينى چاغدا بۇش بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىلدا ئامېرىكىنىڭ تاشقى ياردەم خام چوتىنى 10 مىليارد دوللارغا كۆتۈرۈش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. 10 مىليارد دوللار ئاز سان ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىۋاتقان ھەربىي خىراجەتنىڭ سانى ئالدىدا بۇ سانلار ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. بۇش ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ غايەت زور ھەربىي چىقىمىنى ھەر يىلى يەنە 48 مىليارد دوللار ئاۋۇتۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ سان دۇنيادىكى ھەممە دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي خىراجەت خام چوتىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ ئارتۇق، ئۇ تەكلىپ بەرگەن ياردەم خىراجىتىدىن 11 ھەسسە كۆپ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى شەرتلىك بولۇپ، نامرات دۆلەتلەر ئامېرىكىنىڭ شەرتلىرىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن ياردەمگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ شەرتلەردىن بىرى ياردەم قوبۇل قىلغۇچى دۆلەت

تېخىمۇ كۆپ ئەركىن سودا سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇشى كېرەك. بۇنداق ئەركىن سودا سىياستى نامرات دۆلەتلەرنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى سىستېمىسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئىگىلىكىگە بولغان تەسىرىنى كۈچەيتىۋەتتى. لېكىن، بۇش: «ناۋادا نامراتلىق مەسىلىسىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمىساق دەيدىكەنمىز، سودىمىزنى ئەستايىدىل كېڭەيتىشىمىز كېرەك» دېگەن نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇردى.

تېررورچىلارغا نىسبەتەن بۇش «ئالۋاستىلارنىڭ قىلمىشىنى توپ ـ مىلتىق ئارقىلىق توسقىلى بولىدۇ» دېگەن قاراشتا چىڭ تۇردى. لېكىن، باشقا مۇتەئەسسىپ زاتلار بۇ كۆرەشتە ئىككى تەرەپنىڭ ئۇچرىشىشى بىلەن، ساقچىلارنىڭ كالتىكى (كەڭ كۆلەمدىكى ھاۋا ھۇجۇمى، تاجاۋۇز ئەمەس، نىشانلىق نازارەت قىلىش ۋە قولغا ئېلىش) بىلەن دېموكراتىيە ۋە تەرەققىيات بىرلەشكەندىلا ئاندىن غەلىبە قازانغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. «پۇل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى» نىڭ يازغۇچىسى كۆۋېنتىن پېل مۇنداق دېدى: «يىراققا نەزەر سالغاندا تېررورىزم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يىلتىزى بىلەن كۆرەش قىلىش لازىم.» مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك مەسىلىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىشىمىز لازىم. ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئوتتۇرا شەرق تىنچلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. ئەنئەنىۋى ئۇرۇش قورالى ئارقىلىق تېررورىزمغا تاقابىل تۇرىمەن دېيىشنىڭ ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى ناتايىن. ئەكسىچە ئۇ تېخىمۇ كۆپ تېررورلۇق ھەرىكىتىنىڭ بىخلىنىپ چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئوتتۇرا شەرقتىكى قىرغىنچىلىق ئادەمنى شۈركەندۈرىدۇ. ئىسرائىلىيە زۇڭلىسى شارۇننىڭ چېكىدىن ئاشقان ھەل قىلىش ۋاستىسى پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئىسرائىلىيىگە بولغان نەپرىتىنى تېخىمۇ

كۈچەيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ زور قان تۆكۈلۈش كېلىپ چىقىدۇ. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق بىر باھانە بىلەن تېررورلۇق قىلىش توغرا ئەمەس. لېكىن، كىشىلەر زۇلۇمغا، باراۋەرسىزلىككە ئۇچرىغاندا، زېمىنى باشقىلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندا، تەكرار ھاقارەتكە ئۇچرىغاندا، ئۆزىنىڭ باشقىچە سىياسىي كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا تاياق يەپ جازالانسا، ئۇ چاغدا زوراۋانلىق ئۇلارنىڭ بىردىنبىر تاللىشى بولۇپ قالىدۇ. ناۋادا ئۇلارنىڭ دۈچ كەلگىنى قورال - ياراغ جەھەتتە ئۆزىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغان رەقىب بولسا ئۇلارنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكىتىنىڭ نىشانى نامراتلارنى نىشان قىلغان تېررورلۇق ھۇجۇمغا ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىش ۋەقەسى ناھايىتى ئېچىنىشلىق خاتا بىر ئىش، لېكىن ماھىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك ھادىسىسى مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىش خاراكتېرلىك ۋەقەلەر يەنىلا بىر قارشىلىق يولى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

تېررورىزمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ھەقىقىي مەنىدىكى دېموكراتىك ئاڭ. ئەلۋەتتە، ئامېرىكا بۇ نۇقتىدا ناھايىتى كۈچلۈك ئەۋزەللىككە ئىگە.

ۋاشىنگتون ھەمىشە جۇغراپىيىۋى سىياسىي نۇقتىدىكى رېئالىزمنى باھانە قىلىپ مۇستەبىتلەرنى يۆلەيدۇ، لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكىتى ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە تەھدىت سالغاندا ۋاشىنگتون باشقا مۇقامغا توۋلاشقا باشلايدۇ. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 2002 - يىلى 4 - ئايدا يۈز بەرگەن ۋېنسۇئېلادىكى سىياسىي ئۆزگىرىشنى ئەيىبلىمەي قويغان بىردىنبىر دۆلەت. شۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىش ۋېنسۇئېلانىڭ خەلق سايلىغان زۇڭتۇڭى چاۋېسنى ۋەزىپىدىن قالدۇرغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ۋاشىنگتون چاۋېسنى قوغلىۋېتىشنى مەقسەت قىلغان بىر سىياسىي تەشكىلاتقا يوشۇرۇن ياردەم قىلغان. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، بۇنداق دېموكراتىيىگە قارشى ئىشنى ئامېرىكىنىڭ

دېموكراتىيىگە ياردەم بېرىش تەشكىلاتىنىڭ قولى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان.

ناھايىتى ئاز ساندىكى پۇقرالار ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرى تولۇق. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بەزىدە بارلىق پۇقرالارنىڭ ساداقىتىنى سىناپ باقماقچى بولغاندەك قىلىدۇ. سەن ئەتراپىڭىكى دۆلەتلەرگە قوماندانلىق قىلىۋاتقىنىڭدا، ئاممىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويىدىغانلىقىڭنىمۇ نەزەرگە ئېلىشىڭ، بولۇپمۇ، قوماندانلىق قىلىۋاتقىنىڭنى رەت قىلىۋاتقان ۋاقتىڭدا. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن ھەربىي تەرەپ ۋە كارخانىلار دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويىدى. ئۇلار ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىنىڭ بىن لادىنغا ئوخشاش غالجىرلىق بىلەن قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى يوق. لېكىن، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئامېرىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىدىن ياكى بولمىسا ئۇلار ئارىسىدىكى ئاز ساندىكى چېكىدىن ئاشقانلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن قورال تاشلايدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەيدۇ. تېررورىزمغا قارشى مۇداپىئە ئاساسىي تەدبىر، لېكىن مۇتلەق بىخەتەر مۇداپىئە سىستېمىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەركىنلىك ۋە ھوقۇقنى بىكار قىلىدىغان قانۇن لايىھىسى ھېچقانداق ئىجابىي ئۈنۈم پەيدا قىلالمايدۇ. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇرۇن ئامېرىكىنىڭ ئاخبارات ئورگانلىرى تېررورلۇق ھۇجۇمىنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ھەققىدىكى ئاخباراتنى تاپشۇرۇۋالغان، لېكىن مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلار دەل ۋاقتىدا توغرا ھۆكۈم چىقىرالمىغان. بەختىسىز يېرى، ئامېرىكا تۈزگەن سىياسەتلەر ئاشۇ ئەمەلدارلارنىڭ خاتالىقىنى يەنە بىر قېتىمدا ئۆزگەرتىشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ.

# يولنى تېخىمۇ يىراققا سالايلى

بۇ كىتابنى يېزىش خىزمىتى ئاخىرلىشاي دېگەندە فېدېراتسىيە تېز يەتكۈزۈش شىركىتىنىڭ بىر خادىمى ماڭا نيۇيوركتىن كەلگەن بىر خالتىنى ئەكېلىپ بەردى. بۇ خالتا ئادەتتىكى خالتىلاردىن ئېغىرراق ئىدى. خالتىنىڭ تەھرىرلىكتىن چىققان قولىيازما ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان پوچتىكەش مەندىن قىزىقىش ئىچىدە كىتابنىڭ مەزمۇنىنى سورىدى.

— بۇ قولىيازمىدا ئامېرىكىنىڭ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى كىشىلەرنى قانداق مەپتۇن قىلىدىغانلىقى ۋە غەزەپلەندۈرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بايان قىلىنغان، — دېدىم مەن.

پوچتىكەش قاتتىق مۇقاۋىلىق تىزىملاش دەپتىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ:

— بىزنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىمىز ۋە بايلىقىمىزدىن شۇنداق بولغان، — دەپ ئاددىي ۋە مەنىلىك ھالدا جاۋاب بەردى.

بۇ ئادەمنى رادىكال شەخس دېگىلى بولمايتتى. ئۇ 60 ياشلار چامىسىدىكى تىرىشىپ ئىشلەپ تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپسام دەپ ئويلايدىغان بىر ئادەم ئىدى. ئەڭ ئاۋۋال ئۇ ئامېرىكا مەغرۇرلىنىدىغان، ھوقۇق ۋە بايلىقتىن ناھايىتى پەخىرلىنىدىغان بىر قىسىم رەزىل ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئادەتلىنىپ كەتكەن قارىشىغا رەددىيە بەردى. ئارىمىزدا ئوخشىمىغان پوزىتسىيىدىكى بۇنداق كىشىلەر ناھايىتى نۇرغۇن. ئىككىنچىدىن، ئۇ ئامېرىكىنىڭ دىئالېكتىكىسىدىكى دۇنيانىڭ غەزىپىنى قوزغىغان سەلبىي تەرەپكە جاۋاب بېرىپ، دۇنيانىڭ نېمىشقا بىزگە مەپتۇن بولىدىغانلىقى ھەققىدە تۈزۈكرەك گەپ قىلالمىدى، بۇ تەرىپى ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئامېرىكىلىق بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن

دۆلىتىمىزنىڭ ساناقسىز گۈزەل ئەخلاقى ۋە باشقا گۈزەل نەرسىلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ھەرگىز ئېنىق سانغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەس. دەل مۇشۇ گۈزەل ئەخلاق بولغاچقا بىز دۆلىتىمىزنىڭ كەمچىلىكىگە دىققەت قىلىپ، بار ئامال قىلىپ ئۇنى تۈزىتەلەيمىز. بەزىدە ئامېرىكىنىڭ بۇ ئىككى تەرەپلىمە ئالاھىدىلىكىدىن بىزگە قارىغاندا چەت ئەللىكلەر بەكرەك زوقلىنىدۇ. ئۇلار ئامېرىكا بىلەن ئامېرىكا خەلقىنى، خەلق بىلەن ھوقۇق قۇرۇلمىسىنى پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلغاچقا شۇنداق قىلالايدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ نەزىرىدە ئامېرىكا ناھايىتى ھاكاۋۇر، خەتەرلىك، ئاجىزنى بوزەك قىلىدىغان دۆلەت، شۇنداقلا ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان، ئادەمگە ئىلھام بېرىدىغان جەننەت. بۇ زېمىندا شەخسىي ئەركىنلىك، باياشاتلىق، ئۇرغۇپ تۇرغان زېھنىي كۈچ بىلەن ئىجادىيەت ۋە ئىختىرا مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلىشىپ كەتكەن. گەرچە چەت ئەللىكلەر بەزىدە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ساددا ۋە تۈزلىكىنى چىلىقتۇرۇپ قالسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دائىم ئىپادىلەيدىغىنى دوستانىلىك، ئۈمىدۋارلىق، كەمتەرلىكتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقىمىزغا بولغان مەپتۇنلۇقى. ئامېرىكىدىن دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ ئادىمىنى ۋە مىللىتىنى تېپىش مۇمكىن. ئامېرىكا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىدىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئۆزۈق ئېلىپ، ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۆزگىچە ئامېرىكىچە مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈردى، ئاندىن ئۇنى دۇنياغا زۇقلىنىش ئۈچۈن قايتۇرۇپ بەردى. مەدەنىيەتسىز دۇنيا مەدەنىيەتنى تېخىمۇ نۇرلاندۇردى، بۇنى ھەرگىز يامان ئىش دېگىلى بولمايدۇ.

مەن بۇ كىتاب چەت ئەللىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئامېرىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ بۇ ئەركەك بۆركۈتنىڭ سايىسىدە كۈن كەچۈرۈشى ئۈچۈن يېتەرلىك تەييارلىق قىلىۋېلىشىغا تۆرتكە بولسا ئىكەن، دېگەن ئۈمىدتىمەن. ئەلۋەتتە،

چەت ئەللىكلەر ئامېرىكا ئۇلارغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتكەنگە ئوخشاش ئامېرىكىغىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ. بىز گەپنى ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتىدىن باشلىساقمۇ ياكى 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىنكىدىن باشلىساقمۇ بولىدۇ. ئامېرىكىلىقلارغا بىلدۈرىدىغان ئەڭ چوڭ يالغانچىلىق، تېررورلۇق ھۇجۇمى ئۇلارنىڭ بىزگە بولغان نەپرىتىنىڭ ئىسپاتى، دېيىش. لېكىن، دۇنيا ئامېرىكا خەلقىدىن نەپرەتلەنمەيدۇ. چەت ئەللىكلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىغىنى ھۆكۈمىتىمىز، ئارمىيىمىز ۋە چېگرا ھالقىغان شىركەتلىرىمىز. ناۋادا ئامېرىكا خەلقى بۇ پەرقنى ئېتىراپ قىلسا دۆلىتىمىزنىڭ چەت ئەلدىكى ئابرۇيىنىڭ نېمىشقا شۇنداق مالىماتاڭ ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى تولۇق چۈشىنەلەيدۇ. ئېسىمىزدە بولۇشى كېرەك، بىز ھۆكۈمىتىمىزنى ھەرقانچە تەنقىد قىلساقمۇ، ئەمما ۋەتىنىمىزنى ئاجايىپ يۈكسەك قىزغىنلىق بىلەن سۆيىمىز. دىئالېكتىكىنىڭ يادروسى قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنىيىتى. شەيئىلەر قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى ئىچىدە مەۋجۇت بولىدۇ. بىز دۇنيادىن ئايرىلىپ يەككە - يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايمىز، قىلمىش - ئەتمىشلىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە ئويلىمىساق تېخى بولمايدۇ. دۇنيانىڭ يەنە بىر تەرىپىنى ناھايىتى ئېنىق تونۇۋېلىشىمىز كېرەك. بىز ئامېرىكىلىقلار ھۆكۈمىتىمىز بىزنىڭ نامىمىزدا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا سادىر قىلغان ناچار ئىشلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك. بىر دېموكراتىك دۆلەتتە، بولۇپمۇ بىزدەك دېموكراتىك دۆلەتتە ئەڭ ئالىي ھوقۇق خەلقتە بولۇشى كېرەك. بىز بېلەت تاشلاش ئارقىلىق ھۆكۈمىتىمىزنى تاللايمىز، باج تاپشۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ياردەم قىلىمىز، سۈكۈت قىلىش ئارقىلىق ئۇنى قوللايمىز. ناۋادا بىز ئامېرىكا ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ چەت ئەلدىكى ھەرىكىتىگە پاسسىپلىق بىلەن مۇئامىلە قىلساق، ماھىيەتتە بۇ بىزنىڭ ئۇنىڭ ناچار ھەرىكەتلىرىنى قوللىغىنىمىز بولىدۇ.

ئامېرىكىلىقلار دۇچ كەلگەن بىرىنچى خىرىس بار ئامال بىلەن دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ، دۇنيا سەھنىسىدە ئېلىشقا تېگىشلىك رولنىڭ نېمىلىكىنى بىلىش. ئەڭ تەييار خەۋەر بىزنىڭ مەتبۇئاتىمىزدىن كېلىدىغان بولغاچقا بۇنداق قىلماق ئوڭاي ئەمەس. مەتبۇئاتىمىز ھازىر ھۆكۈمەت بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ماھىيەتتە ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي بىر تەشكىلىي قىسمىدەك رول ئوينىۋاتىدۇ. بەزىدە مەتبۇئاتنىڭ يالغانلىرى كىشىلەرنىڭ ئورتاق تەسەۋۋۇرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. راي سىناش پائالىيىتىدىكى 75 پىرسەنتلىك قوللاش نىسبىتى ئامېرىكا خەلقىنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ زۇڭتۇڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش قىلىشىنى قوللىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئەڭ ياخشى راي سىناش نەتىجىسى يەنىلا مەتبۇئات تەمىنلىگەن ئۇچۇر ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ.

دېموكراتلار پارتىيىسى ۋە مەتبۇئاتنىڭ بۇشنىڭ خاتالىقىنى تەنقىد قىلىدىغان ئەھمىيەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىمەسلىكى نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلارنى تېخىمۇ ياخشى تاللاش ئىمكانىيىتى بارلىقىدىن خەۋەرسىز قالدۇردى. لېكىن، ئامېرىكىنىڭ مەتبۇئات كارخانىلىرى ئىچىدىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇخبىرلار بار، ناۋادا سىز يېزىق قۇرلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان مەنىنى بايقاشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز نۇرغۇن قىممىتى بار ئۇچۇرلارنى بايقىيالايسىز. ئۇنىڭدىن باشقا، بۈگۈنكى ئىنتېرنېت دەۋرىدە تىزگىنەكنى بىر چەكسىڭىز نۇرغۇن تور بېكەتلىرىنى تاپالايسىز، ئۇلار ئىچىدە سىياسىي تور بېكەتلىرىمۇ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئاخبارات تەشكىلاتلىرىنىڭ تور بېكەتلىرىمۇ بار. بۇ تور بېكەتلىرى تەمىنلىگەن كەسپىي ئۇچۇرلارنى ۋاشىنگتوننىڭ مەتبۇئاتلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ.

بۇ كىتابتا ئامېرىكا دۇچ كەلگەن نۇرغۇن ئېغىر مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىزنىڭ تاشقى سىياسىتىمىز بەكمۇ ھاكاۋۇر

ۋە رەھىمسىز، بەلكىم بۇ بىزگە نىسبەتەن ئەكسىچە رول ئوينىشى مۇمكىن، بۇنداق ئەكسىچە رول ناھايىتى قورقۇنچلۇق شەكىلدە ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن. بىز گۈللىنىش ئۈچۈن تەشەببۇس قىلغان ئىستېمالچىلىق خاھىشى كەلگۈسىمىزنى نابۇت قىلىۋاتىدۇ، ئۇ بىزنىلا ئەمەس پۈتۈن ئىنسانىيەتنى نابۇت قىلىشى مۇمكىن.

دېموكراتىيىمىز دېموكراتىيە دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىگە مۇرەككەپ بىر ئىزاھاتنى قوشۇپ قويدى. ئۇ ھازىر جاھىل بيۇروكراتلار ۋە قانۇنغا پارا سۇڭگۇتىدىغان جىنايەت ئۇۋىسى دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ قالدى. مەتبۇئاتىمىز ئاخبارات ئەركىنلىكى دېگەن مۇقەددەس ئوقۇمغا ھاقارەت قىلدى، ئىقتىسادىمىز بىزنى باي ۋە نامراتلارغا ئايرىپ قويدى. بۇگۈنكى مەدەنىيەت تۇرمۇشىمىز مال سېتىۋېلىش ۋە تېلېۋىزور كۆرۈش پائالىيىتى بىلەن ئالماشتى. ئەڭ ئاخىردا دەپ قويىدىغىنىمىز، بىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ساھەدىكى سەرخىللىرىمىز ھېلىمۇ كارخانىلارنىڭ باشچىلىقىدىكى يەر شارىلاشتۇرۇش دولقۇنىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى تەرەققىيات قىلىپى دەپ قارىماقتا.

لېكىن، بۇ مەسىلىلەر ئىچىدىكى ئەڭ جىددىي مەسىلە، بىز مۇشۇنداق رېئاللىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق. بىز ئېتىراپ قىلمىغان مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىمىز؟ بىز ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ بىر ئىمپېرىيە ئىكەنلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلماي تۇرۇپ قانداقمۇ تاشقى سىياسىتىمىزدىكى مەسىلىلەرنى سەمىمىيلىك بىلەن مۇزاكىرە قىلالايمىز؟ بىز كاپىتالىزمنىڭ مەسىلىلىرىنى ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن مۇزاكىرە قىلماي تۇرۇپ ياكى بولمىسا بازارنىڭ ياخشى ئاقىۋەت پەيدا قىلىپ قالماي، يامان ئاقىۋەتمۇ پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرۇپ ئىقتىساد مەسىلىلىرىنى قانداق ھەل قىلالايمىز؟ مەتبۇئات تەمىنلىگەن ئادەمگە ياخشى تۇيغۇ بېرىدىغان خام خىياللارغا تايىنىپ قالساق قانداق قىلىپ يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى قول سېلىپ ھەل

قىلغىمىز كېلىدۇ؟ مەتبۇئاتتىكى بىمەنە خەۋەرلەر پەقەت دىققىتىمىزنى مۇھىم ئىشلاردىن يۆتكىۋېتىپ، نېمىنىڭ مۇھىم، نېمىنىڭ مۇھىم ئەمەسلىكىنى، نېمىنىڭ چاكىنا، نېمىنىڭ ھەقىقىي قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇڭا بىز ئەڭ ئاۋۋال قىلىدىغان ئىش پۈتۈن ئامېرىكىلىقلارنى سۆزلىگىلى سېلىش. ئامېرىكىنىڭ يۈكسەك دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىككە ئىگە دۆلەت ئىكەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ سۆز، يىغىلىش تەشكىللاتلارغا ئويۇشۇش ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمايمىز. لېكىن، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، بۇنداق يۈكسەك ئېچىۋېتىلگەن مەتبۇئاتنىڭ ئۆزى بىلگەنچە ئېلىپ بارغان تەشۋىقاتلىرى ۋە خەۋەرلىرى بىزنى قوشنىلار، دوستلار ۋە دۈشمەنلەرگە رەڭلىك كۆزەينەك بىلەن قارايدىغان قىلىپ قويدى، تاشقى دۇنيانىڭ قانداقلىقىنى ئېنىق كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدۇق. بىز يۈزەكى گۈللىنىش ۋە ئۇلۇغلۇققا ئالدىنىپ، دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلىك ئورنىمىزدىن مەست بولۇپ ئۆزىمىزنى بىلەلمەيۋاتىمىز.

جۇڭگودا، ئۆزىنى بىلگەن خاندىن قورقماپتۇ، دەيدىغان بىر ھېكمەتلىك سۆز بار. يەر شارىلاشقان بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا بىزنى بەش قولدەك چۈشىنىدۇ، لېكىن بىز ئۆزىمىزنى ناھايىتى يۈزەكى چۈشىنىمىز، ئەتراپىمىزغا نىسبەتەن ناھايىتى يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇۋېلىپ، بولۇڭ - پۇچقاقلاردا بىزنى پايلاپ يوشۇرۇنۇپ ياتقان پالتا - پىچاقلارنى كۆرمەي قالىمىز. بۇنداق قىلىش بەكمۇ خەتەرلىك. بىز ھازىر يانار تاغ ئېغىزىدا ئولتۇرۇۋاتىمىز، شۇڭا دۆلىتىمىز ۋە ئۆزىمىزنى ئەڭ ئىچكى قىسمىمىزدىن تارتىپ چوڭقۇر كۆزىتىشكە ھەقىقەتەن موھتاجمىز.

11 - سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ ئاچچىق ساۋىقى ۋە دۇنيا سودا بىناسىنىڭ خارابىسى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان نۇرغۇن روھلار بىزنى «ھاكاۋۇر ۋە ئۆزىنى بىلمەيدىغان مىللەت ئالغا باسالمايدۇ،

ئۆز ئىرادىسىنى باشقا دۆلەتلەرگە مەجبۇرىي تاڭغان كۈچلۈك دۆلەتنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. مەتبۇئات ۋە ھوقۇقدارلار تەنتەنە قىلىۋاتقان ناخشا - ئۇسسۇل ساداسى كۆككە يەتكەن مەنزىرە يانار تاغ ئاغزىدا تۇرۇۋاتقان چېغىمىزدا پەيدا بولغان ساختا تەسىراتتۇر. كرىزىس ھەرقاچان پارتلىشى مۇمكىن. ئامېرىكىنى تىنچ دېگىلى بولمايدۇ.

بىز تېلېۋىزورنى ئېتىپ قويۇپ دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرىمىز ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشىمىز، ھەل قىلىش چارىسى تېپىپ چىقىپ، بۇ چارە ھەققىدە كەڭ كۆلەمدە مۇھاكىمە ئۇيۇشتۇرۇشىمىز لازىم. بۇنداق قىلىش ئۆزىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس دۇنيا ئۈچۈنمۇ ياخشى ئىش. مەتبۇئاتىمىز ۋە سىياسىي سىستېمىمىز داۋاملىق ھازىرقى باشقۇرغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدىكەن، يۇقىرىقى ئويلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرماق بەكمۇ تەسكە توختايدۇ. بۇ تۈزۈلمىنى قانداق ئىسلاھ قىلىش بۇ كىتابنىڭ مۇزاكىرە دائىرىسىدە ئەمەس، لېكىن بۇ خىزمەتنى قانداق ئىشلەشنىڭ ئۇسۇلى تەييار بار. بىز ئاساسىي قانۇن بىزگە بەرگەن ھوقۇقتىن، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقان نۇرغۇن تەشكىلاتلاردىن، تارىخىمىزدىكى ئوخشاپ كېتىدىغان ئۈلگىلەردىن پايدىلىنىپ ئىش ئېلىپ بارساق بولىدۇ.

ئامېرىكا ھەقىقەتەن بىر مەيدان ئىنقىلابقا موھتاج. زوراۋانلىق بىلەن تولغان قالايمىقان ئىنقىلابقا ئەمەس، قىممەت قارىشى ۋە تەپەككۇر شەكلىدىكى ئىنقىلابقا موھتاج. بۇنداق ئىنقىلاب دۆلىتىمىزنىڭ قانداق دۇنياغا كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىزنى ئەسكە سالىدۇ.

دۆلىتىمىز ئىنقىلاب ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن، دۆلەت قۇرغۇچىلار ئەركىنلىك ۋە ئادالەت ئۇقۇمى ئۈستىگە بۇ دۆلەتنى قۇرغان. بارلىق يۇقىرىلار باراۋەر ھالدا ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشى كېرەك. بۇنداق تەشەببۇس 1776 - يىلى ئىلغار

ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي بۇگۈنمۇ ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە، كۆرەش قىلىشقا ئەرزىيدىغان تەشەببۇس. دېموكراتىيىمىزگە قايتىدىن ئېرىشىپ، ئۇنى بىزنىڭ پەخرىمىزگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر مەيدان مۇشەققەتلىك كۆرەش قىلماي بولمايدۇ. ئامېرىكىلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن كۆرەش قىلىش ئارقىلىق گۈزەل بىر كەلگۈسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا ئىشەنچىم تولۇق.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، مەن ئىككىنچى يانار تاغنى ئەسلەپ قالدىم. بۇ تاغ ھاۋايدا بولۇپ، ساياھىتىم ئاخىرلىشىپ ياپونىيىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغانىدىم. بۇ تاغنىڭ ئىسمى موناچ بولۇپ، يەر شارىدىكى ئەڭ چوڭ تاغ تىزمىسى ئىكەن. بۇنداق دېيىش يانار تاغنىڭ دېڭىز يۈزىگە چىقىپ تۇرغان قىسمىنى ئۆلچەش ئارقىلىق ئەمەس، دېڭىز تېگىدىكى قىسمىنى ئۆلچەش ئارقىلىق كەلگەنىكەن. ئۇنىڭ ۋېزوۋىي يانار تېغى بىلەن ئوخشىمايدىغان جايى، بۇ ھەرىكەتتىكى يانار تاغ ئىكەن. مەن ئۇنىڭ يېنىغا بارغان چاغ كۆكۈم چۈشمىگەن چاغ بولغاچقا ناھايىتى ئېنىق كۆرەلىدىم.

مەن ماشىنا ھەيدەپ بۇگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ قالغان ئىسسىق بەلۋاغ يامغۇرلۇق ئورمىنىنى كېسىپ ئۆتتۈم. مەن يېرىم سائەتلىك مۇساپە جەريانىدا بوران ـ چاپقۇن، يالتىراپ تۇرغان قۇياش ۋە تۇمان ئۆزئارا ئالمىشىپ تۇرغان ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆردۈم. يەككە ـ يېگانە ۋە ناھايىتى روشەن سەككىز ھەسەن ـ ھۈسەن بەلۋېغىدىن ئۆتتۈم. مەن يانار تاغ رايونىدا باغ سەيلىسى قىلىۋاتقان بىر ساياھەتچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ دۇربۇنىنى تەڭشەۋاتقانىكەن. بۇ دۇربۇن بىلەن تەخمىنەن بىر ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى جايلارنى كۆرگىلى بولاتتى. بىر پارچە قىپقىزىل ئوتنىڭ تىلى يانار تاغ ئېغىزىدىن ئېتىلىپ چىقىپ سول تەرەپكە تاراپ كەتتى. ساياھەتچى مېنى، دىققەت قىلىڭ، دەپ ئاگاھلاندۇردى. بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن يەرنىڭ ئاستىدىن

چىققان ئىككىنچى ئوت ئېقىمى دېڭىز تەرەپكە ئۆرۈلدى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئىككىنچى قېتىملىق ئوت ئېقىمى تۇيۇقسىز ئۈچىنچى قېتىملىق يالقۇنغا پارچىلاندى. يەنە بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن كېيىنكى ئىككى ئوت ئېقىمى يىراقتىكى تاغ قاپتىلىدا بىرىنچى ئوت ئېقىمى بىلەن ئۇچراشتى. ئاندىن يەنە ئۈچ پارچە ئىسسىق ئېقىم پەيدا بولۇپ، كۆزلىرىمگە تاغ باغرىدا ئالتە يەردە گۈلخان گۈركىرەپ كۆيۈۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

كۆز ئالدىمدىكى بۇ ھەيۋەتلىك مەنزىرە مېنى بەكمۇ مەھلىيا قىلدى، يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ماددىلارنىڭ كۆز ئالدىمدا پەيدا قىلغان رەڭگارەڭ يالقۇنى ئەڭ ئىپتىدائىي بىر چاغلارغا بېرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا ئەكېلىپ قويدى. كۈن ئولتۇرۇپ گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىغاندا كەينىمگە يېنىش ئۈچۈن ئۆرۈلگەندە تاغ باغرىدا قۇياشقا بەكمۇ ئوخشايدىغان، قىزغۇچ بىر ئوت شارىنى كۆردۈم. بۇ مەنزىرە مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى. ھېلىقى ساياھەتچى ماڭا، بۇ بىر لاتقا كۆلى كۆكتە ھاسىل قىلغان ئېزىتقۇ دەپ چۈشەندۈرۈپ قويدى. دەل شۇ چاغدا تولۇن ئاي ئوكيان يۈزىنى يېرىپ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇر سەپتى، بۇ گۈزەل مەنزىرىدىن ساياھەتچىمۇ ھەيران قالدى. مەن بۇ يەردىن كېتەي دەپ ئورنۇمدىن تۇرغاندا، ئۇ: «سىز ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەنسىز، نېمىدېگەن گۈزەل كېچە بۇ!» دېدى.

ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان مەنزىرىلەر تېخى ئالدىمدا ئىكەن. مەن ماشىنا ھەيدەپ ھېلىقى يامغۇرلۇق ئورماندىن ئۆتۈۋاتقاندا بايامقى ئاجايىپ مەنزىرىلەر ئاتا قىلغان مەستخۇشلۇقتىن تولۇق قۇتۇلمىغانىدىم. شۇ چاغدا مەن يىراقتا ھەسەن - ھۈسەننى كۆرگەندەك بولدۇم. ھازىر قاراڭغۇ كېچە تۇرسا قانداقمۇ ھەسەن - ھۈسەننى كۆرگىلى بولسۇن؟ مەن، كۆرگىنىم چوقۇم ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى سۈرتىدىغان پالاق قالدۇرغان ئىز بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. بىردەمدىن كېيىن ماشىنا قايرىلغان

چاغدا، ماشىنىنىڭ شامال توسۇش ئەينىكى ئېخىمۇ سۈزۈكلىشىپ كەتتى، ھەسەن ـ ھۈسەن كۆكتە ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇ يورۇق، خىرە ۋە كۈمۈش رەڭدىن ئىبارەت ئۈچ خىل نۇردىن ھاسىل بولغان ياي شەكىلدە كۆككە تۇتىشىپ كەتكەندى. يامغۇرلۇق ئورماندىن ئايرىلىپ بەش مىنۇت ئۆتكەندە ئاندىن ھەسەن ـ ھۈسەن كۆزدىن يوقالدى. مەن تۇنجى قېتىم ئايدىڭدا ھەسەن ـ ھۈسەن كۆردۈم.

مەن ئىلگىرى ئايدىڭدا ھەسەن ـ ھۈسەن بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. بۇنداق ھەسەن ـ ھۈسەن ناھايىتى ئاز كۆرۈلەتتى. شۇنداق، تۇرمۇش ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلار بىلەن تولغان، ئۇلار ئادەمگە بەكمۇ گۈزەل تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ. ئۇلار يانار تاغلارغا ئوخشاش ناھايىتى گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك، شۇنداقلا رەھىمسىز. دۆلىتىمىز ئامېرىكا نېمىشقا ھەم يورۇق، ھەم قۇدرەتلىك، ھەم باي، ھەم ياخشى، ھەم قەيسەر، ھەم ئۇلۇغ بولالمايدىكەن؟ ئامېرىكىدا نۇرغۇن داغلار بولسىمۇ ئۇ يەنىلا بىر مۆجىزە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى زور زېمىن.

بۇ كىتاب شەرق نەشرىياتىنىڭ 2004 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2004 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据东方出版社 2004 年 1 月第一版，2004 年 1 月第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: راخمان مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: زەمىرە پىدايى
مۇقاۋا لاھىيىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# بۇركۇت سايىسى

ئاپتورى: مارك ھېرتسگارد (ئامېرىكا)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلئەھەد ئابدۇرېشىت بەرقى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى رېنشىياڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
قىستۇرما ۋارىقى: باسما تاۋىقى: 3.25
2004 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2004 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
N 7—228—08458—6
باھاسى: 15.00 يۈەن